# تەڭرىتاغ




21 - ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى

393 000 يۈەن، ئالدامچىلىق، ئوزۇقغا سوزۇلغان دەۋا

ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار

بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا

زىبىرخانىم

2

1999

TANGRITAG

ISSN 1004-1745

03>

9 771004 174004

# ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى



ئىستانسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياسىن سىيىت بۆلۈم مەسئۇللىرى بىلەن مۇزاكىرىدە.

33 - قانالنىڭ دىكتورلىرى



ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1985 - يىلى 9 - ئايدا ئاڭلىتىش بېرىشنى باشلىغان. 1993 - يىلىدىن باشلاپ 27 - قانال( خەنزۇ تىلىدا) ، 33 - قانال( ئۇيغۇر تىلىدا) دىن ئىبارەت ئىككى قانالدا كۈنىگە 12 سائەتتىن ئارتۇق ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى. شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ھازىر 33 - قانالدا «جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش»، «قىزىلتاغ ئاخشىمى»، «دېلو ۋە قانۇن»، «سەبىلەر» قاتارلىق بىر يۈرۈش نادىر پىروگراممىلار سان ۋە سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلىنغان ھالدا ئىشلىنىپ ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.



33 - قانالنىڭ بارلىق تەھرىر، مۇخبىرلىرى.

# تەڭرىتاغ

# TAŃGRITAG

2

1999

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

## تەھرىر ھەيئەتلەر

تۇرسۇن توختى، ئىمىن ئەھمىدى، ئازات سۇلتان، بوغدا ئابدۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇختار مەخسۇت، تۇردى ھاشىم، غوپۇر نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ھەبىبۇللا ئىلياس، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر، ئەكبەر ئېلى.



uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور
ماشىنىست: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

## ئەدەبىي ئاخباراتلار

21 ـ ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ........................................
پولات ھېۋزۇللا، ئابلەت ئابدۇرىشىت بەرقى، ۋەلى كېرىم 24

393000 يۈەن، ئالدامچىلىق، ئۆزۈڭنى سوزۇلغان دەۋا ..................
ئەكبەر سالىھ، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى 94

## ھېكايىلەر

زىبىرخانىم ...................................... ئېزىز نۇر 4
بوۋاينىڭ ئۆلۈمى .................................. ئېلتىكىن 44
كەندىرلىكتىكى چۈش ................................ ۋەلى داۋۇت 98

## شېئىرلار

ئەزىزى، يالقۇن ئەزىزى، ئەخمەتجان تۇروپ، قەھرىمان روزى، ئېزىز نامان، تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز
بىلقىز تاھىر، غۇنچەم قادىر ........................................ 38

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65 —1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

1999/2
ئومۇمىي 73- سان

# مۇندەرىجە

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 57
بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا ........ ھاجى قۇتلۇق قادىرى 90
يانچۇق دەپتەرلىرىمدىن ........ مۇھەممەد رېھىم 77

## مىكرو ماقالە

شېئىرىي كەڭلىك ھەققىدە ........ مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى 109

## نەسرلەر

سەيياھ ........ ئەكبەر داۋۇت تەنھا 83
ئوت ........ ئەنۋەر تاشتۆمۈر 87
قوغاستىكى يېزىقلار ........ مۇھەممەتجان ئەمەت 89

## ئۆچۈر ۋە مۇلازىمەت

مەرھابا يېڭى ئىستىمال ........ 111

ياشلار تالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب



# زىبىن خانىم

## (هېكايە)

### ئېزىز نۇر

1

«خـۇدا مېـنـى نېمشقا شۇنچە شەپقەتسىزلەرچە جازالايدۇ؟ هەممە نەرسنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەكمۇ؟ مېنى قىيناۋاتقان ئېيتقۇسىز ئازابلارنىڭ هەممىسى ئۇنى ئېسىمدىن چىقىرالماي يۈرگىنىمدىن بولۇۋاتامدۇ؟ ئاھ، خـۇدا، ئـۇنتـۇش، هەممىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىش قـابىـلىيىتىنىڭ بولماسلىقى گۇناهمۇ؟ مەن راستىنلا هەممىنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمدە... ياق، بىر ئۆمۈر ئازاب چەكسەممۇ ئۇلارنى ئۇنتالمايمەن...»

بۇنداق خىياللار ئۇنىڭغا هەرقاچان هەمراھ بولۇپ، ئـەتراپـىدا ئۆز سايىسىدەك ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا دۇنيادىكى هەممە نەرسە قاباهەتلىك، قورقۇنچلۇق ۋە مەنىسىز تۇيۇلاتتى. گۈل ـ گىياھ، دىل ـ دەرەخ، قۇش، كائىنات، ئادەم ئوخشاشلا بىمەنە ئىدى.

ئـۇ تـالاي سوئاللىرىنى ئاشۇ قاناتلىرى ئېگىلىپ كالچىيىپ قالغان مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئېقىپ ئـۆتىدىغان كونا ئۆستەڭگە، ئۆستەڭ بويىدىكى كونا سـۆگەتلىككە قالدۇراتتى. سۆگەتلەر ئۇنىڭغا جىممىدە زۇۋانسىز تەلمۈرەتتى، گويا ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ جاۋاب ئـالـماقچى بولغاندەك. ئەتراپتىكى مەھەللە ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شورتاڭ قاقاسلىقلار بۇ جاينى يېشىللىق ئارىسىغا ئالسمۇ، سۆگەت، تېرەك، تاغ سـۆگـەتلـىرى ئـارىـلاپ قويۇلغان مەكتەپ مەيدانى ياقىلىرىدىكى سىدە، قارىغايلار ئۇنىڭغا بىر خىل يېشىللىق ئەمەس، قانداقتۇر قاقاسلىقتا سارغىيىپ قالغان بىر خىل ئۇسسۇزلۇقنى ئەسلىتەتتى.

چـۇرقىرىشىپ ئوينايدىغان بىر توپ باللار ۋە بۇ باللار ئارىسىدا پەرقلىق هالدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان مۇئەللىملەر، خانىملار مۇشۇ جاينىڭ دائىملىق «مېهمىنى» ئىدى.

بىـر ـ بىـرىگە قارىتىپ سېلىنغان قارىمۇقارشى قىرغاقتىكى سىنىپلار دېرىزىلىرى يوغان ئېچىلغان هالەتتە تۇراتتى. گاهلىرىنىڭ بولسا ئىشكى ئوچۇق هالدا بەزى ئوقۇغۇچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالاتتى. خانىملىرىنىڭ چاڭىلداپ سۆزلەشلىرى ئاشۇ ئوچۇق سىنىپتىن قارشى تـەرەپتىكـى سىنىپلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرسكە زېهنىنى بەرمەيدىغان كەيسىز ئوقۇغۇچىلار دېرىزىدىن سىرتقـا بـويـۇنداپ قارىشاتتى. بۇ قارشى تەرەپتىن كېلىدىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاش بىلەن بىر خىل ئويۇن جىـقـىراتتـى ـ دە، ئـۆز خـانـىملىرىنىڭ بىرىلىپ سـۆزلەشلىرى قۇلاقلىرىغا كىرىپ چىقمايتتى. بۇنداق چاغلاردا دوغىلاقىنە كەلگەن مەكتەپ مۇدىرى توساتتىنلا پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ دە، قوللىرىنى جوتۇپ ئۇلارنى

دەرس ئىگىلىشىشقا، ئۇبۇنلىرنى بىغىشتۇرۇپ خالىمغا قاراشقا دەۋەت قىلاتتى. مانا بۇ ئاشۇ زىبىر خانىمنىڭ مەكتىپى ئىدى .

ئۇ بۇگۈن ئۆز ئادىتى بويىچە رەتلىك كىيىنىپ، دەرس خاتىرىسىنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك قىلاتتى. بويۇنلىرىنى قوشقاچ باللىرىدەك سوزۇپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا بىر خىل جىددىيچىلىك قالدۇراتتى. باللار ئورنىدىن دۈررىدە قوپۇشۇپ سالام بېرىشتى:

ــ سالام، مۇئەللىم!

ــ سالام، ساۋاقداشلار.

تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز جايىدا ئولتۇرۇشتى. ئۇنىڭ نەزەرى ئالدىدا ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەمگە ئاغدى. «ھە، بۇ يەردە مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر ئولتۇرۇپتىكەن - دە! ــ ئۇنىڭ يۈرىكى تىغ كەسكەندەك ئېچىشىپ كەتتى،ــ ئۇلار دەرسىمنى ئاڭلاشماقچى بولۇشسۇنىۇ، ماڭا نېمە دەپ ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇشمايدۇ؟ مەكتەپتە نەدىمۇ بۇنداق بوينىنى باغلىمىغان ئىشەكتەك خالىغانچە ئۇسسۇپ كىرىۋالىدىغان ئىش بار ئىكەن؟!... بوپتۇ، دەرس ئاڭلىسا ئاڭلاۋەرسۇن، بۇمۇ بىر ھېسابتا بۆلەن گەپ بولدى، مېنىڭ قانداق دەرس ئۆتىدىغىنىمنى بىر كۆرۈپ قويسۇن!»

دېمىسىمۇ ئۇ ھېچقاچان دەرسكە تەييارلىقسىز كىرىپ باققان ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنىڭ تەييارلىقلىرى پۇختا، ئەتراپلىق بولاتتى. دەرسلىك كونسپېكلىرىنىمۇ خۇددى قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇمنى ئەتىۋارلاپ تۇتقاندەك رەتلىك ۋە پاكىز ساقلايتتى. ھەر خىل يىغىلىپ كەتكەن پايدىلىنىش كىتابلىرى ۋە ماتېرىياللىرىمۇ شۇ قاتاردا ئىدى. ئۇ قايسىبىر بەتنى ئاچمىسۇن ھامان دەرسلىك مەزمۇنلىرىغا ئائىت يېڭى پىكىر، يېڭى سوئاللار توغۇلاتتى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ماتېرىياللاردىن جانلىق پايدىلىنىشقا، پىكىر قىلىشقا، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، يېگىچە ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئامراق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلىمۇ ئىزىغا چۈشكەندەك، باللارغا بېرىشكە تېگىشلىك ھەقىقىي بىلىملەرنى تولۇق بېرىشكە مۇيەسسەر بولغاندەك خۇشال بولۇپ قالاتتى. خىزمەت، ئائىلە ئىشلىرىدىمۇ شۇقەدەر رەتلىك ئىدى. كىيىملىرىنىمۇ ئەنە شۇنىڭ ئۆزىنىكى سۈپىتىدە ئوقۇتقۇچىغا خاس چوڭ سۈپەت كىيەتتى، چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، سۇس ۋە يارىشىملىق گىرىم قىلاتتى.

يۈنگىلىق بىلەن ئۇنىڭ تەمكىن چىرايى تېخىمۇ جەلپكار ۋە مەدەنىي تۈس ئالاتتى. يېقىندىن - يېڭى سۇرتۇپ مايلىۋالىدىغان ئاياغلىرى كىشلەرگە ھامان ئۇنىڭ چاققان - چاققان قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتەتتى. باشقىلارنىڭ ئارقىدىن غەيۋەت قىلىشنى راۋا كۆرمەيدىغان، ئۇششاق ئىشلارغىمۇ كۆپ چېپىلىۋالمايدىغان بۇخانىم مۇشۇ مىجەز، مۇشۇ تۇرقى بىلەن خىلۋەت باغدا ئېچىلغان بىر قىزىل گۈلدەك باشقىلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەلۇماتى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا مۇدىر ۋە ئىلمىي مۇدىر ھەم غوللۇق ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنى قايتا - قايتا مەكتەپنىڭ بۇ كىچىك رەھبەرلىك قاتلىمىغا مۇھىم ئەزا قىلىپ كۆرستىشكەنىدى. بۇنداق كىچىك دائىرىدە بولىدىغان ھوقۇق، ئالدى بىلەن ئىلمىي مۇدىرلىق ئورنىغا، ئاندىن مەكتەپ مۇدىرلىق ئورنىغا بېرىپ تاقىلاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىمۇ مەخسۇس پەنلەر بويىچە پۇتتۇرگەن ئالىي مەكتەپلەر ئىدى. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇ كىچىك ۋە چەت جايدا، تاشلىنىپ تۇرىدىغان مەكتەپ ئىچىدە تېخىمۇ تېپىلمايتتى. ئۇ راستتىنلا خىلۋەت باغ ئىچىدە ئېچىلىپ تۇرغان بىر قىزىل گۈل ئىدى. كۆپ ھاللاردا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئىلمىي مۇدىر بۇ خانىم ئۈستىدە باش قاتۇرسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق ئالامەتلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئىلمىي مۇدىر ئىككى ئېغىز بۇ خانىمنىڭ ياخشى گېپى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ مەكتەپ مۇدىرى بىلىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى ئوخشاش بولمىغان ھوقۇق ۋە ئوخشاش بولمىغان چىرايدىكى بىر ئادەم ئىدى. ئاشۇ ھوقۇق ۋە چىرايلىرى ئارقىلىقلا پەرقلىنىپ تۇراتتى. مۇدىر باشلىرى چىلگىدەك يۇملاق، بويۇنلىرى قىسقا، دوغىلاق ئادەم ئىدى. چوكراق چاپان كىيىۋالسا ئۇنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى. ئىلمىي مۇدىر بولسا يۈزلىرى كاۋىدەك سوزۇنچاق، بويۇنلىرى غاز پاتاك، زىراپىدەك ئېگىز ئادەم ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئوخشاش، باشقىلارنى ھامان كۆرەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىنى خۇشخۇي، كەڭ قورساق ۋە قابىلىيەتلىك كۆرستىشكە ئامراق ئىدى. ئاشۇ خىل تەرەپلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئاسانلا ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالاتتى - دە، ئۆزلىرىنىڭ «سىم قامچىسى» نى بىمالال ئويىنىتالايتتى. يۇقىرىغا يالغاندىن مەلۇمات بېرىشكە ئۇستا ئىدى. خۇشامەتنىمۇ قالتىس قاملاشتۇراتتى. تۆۋەندىكىلەرنى بېسىشقىمۇ ھەم قابىل

ئىدى. ئۇنىڭ بىرى ئىچ ئات، يەنە بىرى تاش ئات بولۇپ، مەكتەپنىڭ بۇ جۇلقى چىقىپ كەتكەن «ھارۋىسى» نى تارافشىتىپ سۆرەپ ئېلىپ قاچاتتى... كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ ھارۋا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، يۇقىرىدىكىلەرنى جەلپ قىلىدىغان بىر مەيە ئىدى. مانا بۇ مەيىنى ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلار كۆتۈرەتتى. گاھىدا قاقمىغا چۈشۈپ ماڭالماي قېلىپ، چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئالدىراپ ئەتراپقا قارىمىغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلار بۇ خاسىيەتلىك مەيە ئىچىدە بىخارامان ئولتۇرۇۋېرەتتى ۋە ھامان باشقىلار تەرىپىدىن بۇ مەيە كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارالايتتى.

ئۇ يوقلىما قىلىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللىگەندىن كېيىن، كەيپىياتى خېلىلا جايىغا چۈشۈپ قالدى. پىكىرلىرى ئېچىلىپ، ئەمدى غەيرىتى ئۇرغۇدى، ھېچكىم يوقتەك ھالغا كەلدى. مۇدىر بىلەن ئىلمىي مۇدىرنىڭ سەت تەلەتكە قارىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما دىققىتى يەنىلا ئاشۇ ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە، بىلىم تەشنالىقىدا يانغان ياش قەلبلەرگە مەركەزلەشكەنىدى.

ئۇ بىر ـ ئىككى ئوقۇغۇچىدىن ئالدىنقى دەرسنى سوراپ، تەكرارلاپ قايتا تولۇقلىدى ۋە ئۇلارغا لايىقىدا باھا، نومۇر بېرىپ رىغبەتلەندۈرۈپ قويدى ـ دە، دەرسكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرىدا ئاپئاق بور ئوينايتتى، دوسكىغا ئۇنىڭدەك چىرايلىق خەتلەر تىزىلاتتى. دوسكىنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىناتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە چىۋەر قوللىرى ئاشۇ بورلارنى تۇتۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. بورنى قولىغا ئالدىمۇ، بولدى، خۇددى قەلەمنى قولىغا ئالغاندەك دوسكا يۈزىدە ئويناتاتتى، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ سۆيۈنۈپ، تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى. سۆزلەرمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئالغۇغا ئېلىنىۋالغاندەك ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ چىقاتتى. شۇ تۇرقىدا ھەممە كۆزلەرنى ئۆزىگە ئوتتەك تارتاتتى، تەشنا قەلبلەرنى بىلىم شەربىتى بىلەن تولدۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ رازىمەنلىك چىقىپ تۇرغان سەبىي چىرايلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار ھامان ئۇنىڭ دەرسىدىن ئۆزلىرىنى ھۇزۇرلۇق ۋە پۇخادىن چىققاندەك سېزەتتى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ھەرىكىتى، ئىچكى كەيپىياتىنى ئېكرانغا ئوخشاش ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان بۇ خانىم بىرەر ئۆزگىرىشكە قارىتا دەرھال تەشكىللەش، شۇنىڭغا لايىق كەيپىياتنى تەڭشەش ئېلىپ باراتتى ـ دە، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ، يەنە چېپىدە كۆلكىسىنى توختىتىپ، دەرسلىك ئىچىگە، ھەر بىر سۆز، ھەر بىر قۇر جۈملىلەر

ئارىسىغا باشلاپ كىرەتتى. قوڭغۇراق چېلىندى، بۇ قېتىمقى دەرسمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈلۈپ ئاخىرلاشتى.

ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئادەتلىرى بويىچە خانىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، گۇررىدە سىرتقا چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. دەرسلىرىنى يېزىپ بولمىغان بىر ـ ئىككى قاشاڭ ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. سىنىپ ئىچى تەكشى پارتىلار بىلەن تولغان، ئەمما قۇپقۇرۇق ھالەتتە ئىدى. دېرىزىگە قويۇلغان پۇچۇق تەشتەكتىكى گۈللەر ئەمدىلا غۇنچە ـ بەرگىلەرنى چىقىرىشقا باشلىغانىدى. مۇدىر بىلەن ئىلمىي مۇدىر ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ كېتىشتى، ئارقىدىن خانىم كىتابلارنى يىغىشتۇرۇپ يوقلىمىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كىردى.

ئۇ، بۇ سائەتلىك دەرسنى تۈگىتىپ ئەمدىلا ئۇھ دەپ بولغۇچە، يەنە دەرسكە كىرىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى كۆن بويى ئۆتۈلىدىغان ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى، تەبىئەت، تەنتەربىيە دېگەندەك دەرسلەرنى ئۆزى ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ھەر بىر دەرسلەرنى ئۇ يەنىلا شۇنداق قىزغىن، ئەتراپلىق، جانلىق ھالدا ئۆتۈپ چىقاتتى. بۇ ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئادىتى ئىدى...

ـ خانىم، خەيرخوش ئەمسە!

ـ خەيرخوش...

كىچىك ئوقۇغۇچىلار خۇددى ئانىسىنى ئۇزاتقاندەك ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشاتتى. گاھىدا ئۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ ئىشخانىسى ياكى ئۆيىگە ئاپىرىپ تەربىيە ئىشلەيتتى. ئۆز پەرزەنتىگە كۆيگەندەك كۆيۈنۈپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش غىزالىناتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىدىيىسى ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلاردا بولىدىغان تەسىرات ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق سۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر بولاتتى.

ـ تېخى تاماق تەييار بولماپتۇ ـ دە! مەن ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭلا بىلىسلەغۇ؟

ـ مانا ھازىر، ھازىر تەييار قىلىمەن. بولسا ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆلگەيتىپ قويغان بولسىڭىز؟

رىبىر خانىم ئۆيگە كىرىسىمۇ جىددىي ئىشلەپ كېتەتتى. ئۇ ھەر بىر نەرسىگە قىزغىن ئىدى. تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر نەرسىنى سۆيەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىمۇ شۇقەدەر قىزغىنلىق ئىچىدە ئۆتكەنىدى. ئۇ ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى، ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

ئۇ بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى بولغاچقا، زىبىر خانىم ئۆزلىرى قۇرغان بۇ يېڭى ئائىلىنى تولۇق چۈشىنەتتى، ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئېرىگە بول تېخىمۇ ئۇزاق بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ۋېلسىپىتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىدىغان بۇ رەخمىتۇللا ئەمدىلىكتە ئاسانلا ھاردىغان، يولدا نەچچە قېتىملاپ ئولتۇرۇپ - قوپۇپ ئاندىن چۈشىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان مەكتىپى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولسىمۇ، ھەر ھالدا بۇ شەھەرنىڭ قولتۇقىدا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭغا خىزمەتتىنمۇ بەكرەك ئېغىر تۇيۇلىدىغىنى- مۇشۇ توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان شورتاڭلىق يول ئىدى. گاھى كۈنلىرى ئۇ مۇشۇ يولنىڭ يىراق ۋە ئەسكىلىكىدىن زارلىنىپ كەلمەيمۇ قالاتتى. بۇنداق كۈنلەر بارغانچە كۆپىيىدىغان بولۇپ قالدى.

– مەن ھاردىم، ئاچتىم، يەنە قازان بېشىدا ئۆمىلەپ يۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟ بىر ئەرنىڭ ئالدىغا ئوڭلاپ بىر قاچا تاماق ئەكىلەلمىگەن ئايالنى قانداق ئايال دېگىلى بولسۇن!

ئۇنىڭ تالغان پۇت -قوللىرى خېلىلا بوششىپ قالغانىدى. ھارغىن يۈرەكلىرىمۇ ئەمدىلىكتە بۆلەكچىلا بىر كۆچكە تولدى - دە، يەنە ۋارقىرىغۇسى كەلدى. ئەمما چېچەن ئايالىنىڭ شۈككىدە، مۇلايىملىق بىلەن باش كۆتۈرمەي قازان بېشىدا يۈرگەنلىكىنى، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ئېلىشاڭغۇ بولۇپ ئۇيقۇسىرىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىگە ھاي بەردى، ئىچى بىر خىل ھېسداشلىق ۋە ئەر - ئاياللىق مېھرى بىلەن توشقاندەك بولدى. بۇنداق چاغدا بۇ ئەرمۇ خېلىلا يۇمشاپ قالاتتى، ئەمما ئۇ راستتىنلا ھارغان، چارچىغانىدى. بۇ ھال كۆپ تەكرارلىنىۋېرىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈشكە مەجبۇر ئىدى. چۈنكى بۇ تۇرمۇش، بۇ بىر ئائىلە ئىدى. يەنە كېلىپ ئۆزى خالاپ مىڭ تەسلىكتە ئېرىشكەن ئائىلە ئىدى. ئەمما ئۇ تۇرۇپ يەنە بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىگە ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى - دە، ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى. دەردىنى ئايالىدىن ئالماقچى بولاتتىيۇ، ئاچچىقىنى بىر ئامال بىلەن باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتى.

زىبىر خانىم ئۇچاقتىكى ئوتنى ئۆزى تۇرۇشتۇردى، ئەتكەن تامىقىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا لەغمەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قورساقنا تويغۇدەك بىرنەرسىنى ئېتەتتى. كەچلىرى سۇيۇقئاش قىلىدىغان ۋاقىتلىرى كەمدىن - كەم بولاتتى. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا ئېچىپ، ھېرىپ كەلگەن ئېرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرالايتتى. ئېرىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، يەنە كېلىپ ئۇ بەكلا كەچ قايتاتتى.

كېچە قاراڭغۇلۇقىنى كىچىككىنە دائىرىدە ۋېلىلداپ يېنىدۇرغان ئوتمۇ ئۆچتى. تاماق يېيىلىپ تاۋلانغان چوغلارمۇ كۆزىنى يۇمدى. ئەتراپنى يەنە جىمجىتلىق ۋە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئىچكىرىكى ئۆيدىن خىرە يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ نۇرى بۇ قېلىن قاراڭغۇلۇقنى تولۇق يورۇتالماي ئاۋارە ئىدى. ئىشلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى، سەھرادىكى مالچى، پادىچىلارنىڭ ھايت -ھۇيتلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەس چىققان ئاي يورۇقىدا بۈلۈڭ ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سۇرلۇك سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قوناقلىق بىر خىلدىلا شىلدىرلايتتى. كۆتمەك - كۆتمەك ئۆسكەن تاللار، قوپال ياغاچلار بىلەن ياسالغان قالىقلارغا ئارانلا ئارتىلىپ تۇراتتى. ئۇنى ئارىلاپ ئۆسكەن يوغان يوپۇرماقلىق كاۋا باراڭلىرى خۇددى ئاشۇ چوقچىراپ كەتكەن تاللارنى ياپماقچى بولغاندەك يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ خانىم ئاشۇ قېرىمغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنى تېرىپ، سەي، كۆكتات ئۆستۈرەتتى. پات - پاتلا يۇمشىتىپ چاناپ قوياتتى. كاۋا بارىڭىمۇ ئەنە شۇنداق تىكىلگەن مۆجىزە ئىدى. تال خۇددى بۇ جاينىڭ شورتاڭ ۋە ئاچچىقلىقىدىن نارازى بولغاندەك ئۆسمەي تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆتەكلىرىمۇ خېلىلا قېرىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتەرلىك سەي - كۆكتاتلىرىنى ئۆزى يېتىشتۇرەتتى. كۆپ ھاللاردا سۇ بولمىغاچقا بىراقلا قۇرۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەپكەش بىلەن سۇ ئەكىلىپ بىر - بىرلەپ قۇياتتى. ئۇنىڭ كەتمەن تۇتقان قوللىرى قاپىرىپ، سۇ كۆتەرگەن مۈرىلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ بۇنى چاندۇرمايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراپ، قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىشخانىسىدا دەرس تەييارلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاخشاملا دەرس تەييارلاپ بولغانىدىغۇ؟ ياق، نەدىلا بولسۇن يەنىلا دەرس تەييارلىقىنى تېخىمۇ پۇختىلاش، يېڭىدىن - يېڭى ماتېرىياللارنى كۆپلەپ كۆرۈش كېرەك- تە! ئۇنىڭ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا باشلاپ قويغان ئىلمىي ماقالىسى تاشلىنىپ قالغانىدى. ياق، ئۇ تاشلىنىپ قالمىغان، دەرسلىرىنى تەييارلاپ بولۇپلا يەنە ئۇنى قولغا ئالىدۇ. قايسى ئىشنى ئاۋۋال قىلىش، ئاندىن قايسىغا ئۆتۈش، قايسىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى كۈچلۈك، قايسى

مۇھىم، ئۇنىڭ كاللىسىدا دائىملا ئىنىق سان بولاتتى. ماقالە ئورگىنالى ۋە كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ ئۇيچىۋاي ئىشخانىدىكى كىشىلەر ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل، ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا بىردىن خىيال، پىكىرلەر، شىپىلداپ كىرىپ چىققان ئاياغ تىۋىشلىرى ھەم ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ چىقىپ قالىدىغان ئاۋازلار، يەنە تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان زىل ئاۋازلار، ئۇلارنىڭ كىرىپ چىقىۋاتقانلىقى، مۇشۇ جىمجىتلىقنى خالايدىغان كىچىك ئىشخانىدا ئەر ئوقۇتقۇچىلار ۋە خانىملارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

مۇدىر بىلەن ئىلمىي مۇدىر ئايرىم ـ ئايرىم ئىشخانىدا. ئۇلار شۇ تاپتا قانداق خىياللارنى قىلىۋاتقاندۇ ـ ھە؟

ـ ئاپپاراتلارنى تەكشەش كېرەك، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك، بۇ ھەم يۇقىرىنىڭ چاقىرىقى، مەكتىپىمىزنىڭ ئېھتىياجى. ئەمما، بىرنەرسە كاللامنى قوچۇيدۇ. ئۇ نېمە؟ ئاشۇ زىبىرەك. يېڭى كەلگەندە خېلى تۈزۈكتەك بىرنېمە ئىدى، ئۇنى ئالمىسامۇ بوپتىكەن. ئورنىغا بىر نەۋرە سىڭلىمنى تىقالايتتىم ـ دە. جاھاندىكى ئىشلار ئەپلەپ ـ سەپلەپ كېتىۋاتامدۇ. ئۇنىمۇ ئورۇپ چاپلاپ، سوۋاپ ماگالايتتۇق. مۇشۇ زىبىرەك ئېشىمغا توپا چاچىدىغان بولدى. ئۇنى بىر چا پۇتلاپ يىقىتمىسام بېشىمغا چىقىۋالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

دوغىلاقىنە كەلگەن مۇدىر قېلىن كالپۇكلىرىنى پۇرۇپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى ۋە بۇ غەيرىي قىلىقلىرىنى بىراۋ كۆرۈپ قالمىسۇن دېگەندەك، دېرىزىدىن سىرتقا ئىتتىك قارىدى. دائىم مۇشۇك ياپىلاقنىڭ كۆزىدەك ئېچىلىپ قالىدىغان كۆزلىرى، تەنەپپۇس قىلىپ ئويناۋاتقان باللار تۈپىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئارىسىدا خېلى بوي تارتىپ قالغانلار، قىزلار، ئوغۇللار ھەم قونچاقتەك كىچىك باللارمۇ بار ئىدى. خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ گېپىدىن كۆرە، زىبىر خانىمنىڭ گېپىنى بەكرەك ئالاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە ھۆرمىسىز سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك، بەلكى ئۇلارنى زىبىر خانىم شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتكەندەك كۆرۈنەتتى. بۇنداق چاغلاردا زىبىر خانىمغا ئېچىمۇ ئۆچ بولاتتى ـ دە، چىشلىرىنى غۇچۇر لىتىپ قوياتتى. ئېڭەك مۇسكۇللىرى ھۆرپىيىپ چىقىپ، يەنە ئىزىغا كېلەتتى. زەنجىر ئىلەڭگۈچتە ئۈچۈپ ئويناۋاتقان، تورنىكقا يامىشىپ موللاق ئېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، گارنى تالىشىپ توپ ئاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

زىبىر خانىم مەيدانىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگىرەك قويۇلغان زەنجىر ئىلەڭگۈچنى ئىشترىپ بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلىرىنى خۇش قىلىش بىلەن بەنت ئىدى. ئۇلار ئىلەڭگۈچنىڭ ھەر بىر ئۆرلەپ پەسلىشىگە ئەگىشىپ كۈلەتتى، چۇرقىرىشاتتى، كۆڭلى سۆيۈنگەن خانىمنىڭ ئۆزىمۇ ئېسىلىپ ئوينىغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇ شۇقەدەر سالاپەتلىك ۋە سەممىي تەبەسسۇم ئىلكىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مۇدىرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىپ مىختەك قادالدى ـ دە، چېكەتكىدەك چەكچىيىپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر مەكتەپكە مۇدىر ئىكەنلىكىنى، كىچىك ئىشلارغا چېپىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئويلاپ، كۆزىنى باشقا ياقلارغا ئاغدۇردىيۇ، مىخ بولۇپ قېقىلغان كۆزلەر يەنە شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. «خەپ سېنى، غېمىڭدا يوق يۈرۈپ كەتكىنىڭنى تېخى!»

خانىم ئۆزىنىڭ چارچىغان نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن دەرسكە كىردى.

سائەت بىلەن سائەت بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. زىبىر خانىمنىڭ كۆڭلى گاھىدا غەش بولۇپ قالسىمۇ، ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئېچىلىپ قالغان كۆڭلى يەنە بىر خىل پىكىر، خىياللار ئىلكىدە قاناتلىنىپ، يېڭى تېمىلارغا كۆچەتتى. ئارىلاپ يەنە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئېرىنىڭ يولدا شاپاشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھارغىنىدىن ئېچىلىپ قالغان ئاغزىلىرىدىن ساڭگىلاپ قالغان تىللىرى، تالغان قوللاردا تۇتقان رول دەلدەڭشىپ بېرىپ ئۇنى يىقىتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ ئۇستۈېشىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىپ تۈزەشتۈرۈپ، بىرنېمىلەرنى قىلىپ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەيتتى ھەم ئۇستىگە چىقاتتى. دەلدەڭشىپ قالغان رول تىنىمسىز يەنە دەلدەڭشىپ، سان ـ ساناقسىز سىلكىنىۋاتقان، تىترەۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئاشۇ ئۇلىنىپ داۋاملىشىدىغان سىلكىنىشلەرنىڭ مەيىن شامالدا ئۇششاق دولقۇنلار چىقىرىپ تەۋرىنىۋاتقان كۆل يۈزىنى ئەسكە ئالاتتى ـ دە، كۆڭلىنى ئېرىنىڭ ھەر بىر تۈرقى، ھەر بىر تەبەسسۇملىرى، چاقچاقلىرى، قولىنى ئۆزىگە تارتىپ، كۆل ئىچىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قالاتتى.

بۇ كۆل مەكتەپنىڭ ئىدى. ئەتراپىدىكى نەشپۈت تۈپلىرى ئەمدىلا سارغايغان مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا تۇتىشىپ سوزۇلۇپ ئۆزىرايدىغان ئالمىلىق باغلار كۆل يۈزىدە ئاران ـ ئاران كۆرۈنۈپ قالاتتى.

8

— ... بىر تويى قىلايلى، گېپىمىز گەپ.

— بۇ مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم. قاراڭ رەخمىتۇللا، ئاۋۇ كۆل يۈزىگە، ئۇ يەردە ئىككىمىز تۇرىمىزغۇ؟! ...

— شۇنداق دەڭە زىبىرنىسا، ئۇ سىز، بۇ مەن، — كۈلكە سادالىرى كۆل يۈزىگە تەكشى يېيىلاتتى.

— بىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلغىلى نېسىپ قىلمىسۇن ئىلاھىم. ئالىي مەكتەپنىمۇ بىرگە ئوقۇدۇق، بىللە كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بىز ئاشۇ مۇھەببەتنى مۇشۇ كۆل بويىغا باشلاپ كەلدۇق. رەخمىتۇللا، يۈرۈڭ، كۆل بويىنى ئايلانغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئۇ رەخمىتۇللانىڭ قولىنى تارتىپ.

ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئاشۇ كۆلدەكلا سۈزۈك ئىدى، ئەمما ھېسسىيات ئىلكىدە ئۇششاق دولقۇنلارنىمۇ پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئاشۇ كۆل سۈيى قاشلىرىغا، ئۆز تۇپرىقىغا سىڭگەندەك مۇھەببەت ھېسلىرى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگە، پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا، تېنىگە، تېنىنىڭ چوڭقۇرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن رەخمىتۇللا.

— مەنمۇ سىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، جېنىم زىبىرنىسا.

ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىلكىدە ئېلىنىۋاتقان قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ، بەدەنگە بەدەن جىپسلاشتى، بىرخىل ئوتلۇق سېزىم «شۇررىدە» پۈتكۈل تومۇرلىرى ئارقىلىق بەدەنلىرىگە تارقىلىپ كەتتى. قانلىرىغا، ھەر بىر تىنىق ھاياتلىرىغا قوشۇلدى. گەۋدە بىلەن گەۋدە



جىپسلەشكەندە، لەۋ بىلەن لەۋ ئىختىيارسىز ئۇچرىشاتتى، يۈز بىلەن يۈز ئۇزاق چاپلىشاتتى. ئۇلار ھەر بىر سۆزلەشكەندە، ھەر بىر گەۋدىلەشكەندە پۈتكۈل سېزىملىرى ئويغىنىپ كېتەتتى. ھەر بىر قېتىملىق سېزىملىرى ھەم يېڭى ئىدى. بۇ خىل سېزىملار نەچچە يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق تەكرارلىنىپ كەلسىمۇ، ھامان مول، شۇقەدەر يېڭى بولاتتى. يۈرەكلىرىنىڭ باغ تومۇرلىرى ئارقىلىق غىدىقلىغۇچى ئاجايىپ بىر سېزىم ھامان ئاشۇ يۈرەك سوقۇشلارغا قوشۇلۇپ، ئۇخچىۋاتقان قانلىرى ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

جۇپ گەۋدە، ئېلىنىۋاتقان جۈپ قەدەملەر، يەلپۈپ تۇرىدىغان سۇ يۈزىدە كۆرۈنۈپ تىترەپ - تىترەپ سۇرۇلەتتى. جاڭگال قۇشلىرىنىڭ بۇ كىچىك بوستانلىقتا راھەتلىك سايراشلىرى ئۇلارغا تېخىمۇ ھوزۇر بېغىشلايتتى. ئۇلار ئەنە ئالملىق باغنى ئارىلاپ يۈرمەكتە. قىز ئۇنىڭغا، ئۇ قىزغا ئالما سۇناقتا. ئەمدىلا پىشقان چۈچۈك ئالما ئۇلارغا تېخىمۇ يېڭىچە تەم بەرمەكتە ئىدى.

مەكتەپنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پاكار تاملىرى ئىچىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۇرقىراپ ئوينىغان ئاۋازلىرى بىر خىل كۆڭۈللۈك ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

زىبىر خانىم ئۇنى ھەر بىر يات ئەتكەندە، نەپەسلىرى جىددىيلىشىپ يۈرەكلىرى بۆلەكچە سوقۇپ كېتەتتى، خىزمەت ھاردۇقلىرىمۇ بىراقلا چىقىپ قالغاندەك بولاتتى. قولىرىدىكى تاپشۇرۇق دەپتەر، كىتاب - ماتېرىياللار ئۇنىڭغا بۇنداق چاغدا تەسەللى بەرگەندەك تۇيۇلاتتى.

كىتاب، دەپتەر ۋاراقلىرىمۇ ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا ئەگىشىپ كۆتۈرۈلۈپ - كۆتۈرۈلۈپ تىترەپ قوياتتى. ئۇ بۈگۈن خېلىلا چارچىدى، چۈنكى ئۇ ئىلمىي ماقالىسنى پۈتتۈرۈۋەتمىسە بولمايتتى. ئالدىراپ ئىشلەش، سائەت - سائەتلەپ دەرس ئۆتۈش، دەرس تەييارلاش، ئۇنىڭ دائىملىق كونا ئىشى بولسىمۇ، قانداقتۇر يەنە بىر يەرلىرىدىن يېڭى تەرەپلىرى ئېچىلىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ چارچاشلىرى يېڭى تېما ئۈستىدە باش قاتۇرۇش بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. ھارغىنلىق - يېڭى پىكىرلىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدىغاندەك ئىدى، شۇڭا ئۇ بەكرەك زورۇقمىسا تېخىمۇ بولمايتتى. توك چىراغمۇ ئۆچۈرۈلدى. ئۇ سىيلاشتۇرۇپ سەرەڭگە، شاملىرىنى تاپتى - دە، ئوت ياقتى. ئاجىز يورۇقلۇق قىلىن ماتېرىيال، قولىيازمىلارنى

www.uyghurkitap.com

سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. تورۇسنىڭ سارغىيىشى بىلەن ئىسلىشىشى قوشۇلۇپ كەتكەن جىگەررەڭ كۆرۈنۈشى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ۋاسالىرى ئېگىز-پەس چىقىپ قالدىغان ئۈي قورقۇنچلۇق بىلىنىسمۇ، بەئىلا ئۇنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ بەئەن ماتېرىياللىرى ئۈستىگە كېلىپ قادىلىپ ئولتۇردى. يېزىۋاتقان خەتلىرىمۇ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەندەك، يېزىپ بولغان قولىيازمىلارمۇ توپا ئارىسىدا قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ماتېرىياللىرىنى قېقىپ يۇدىيتتى. ئەمما بۇ خىل كۆڭۈلسىز رەڭنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۇ يازماقتا، تەرجىمە قىلماقتا، يەنە ئۆزىنىڭ پىكرىنى قوشۇپ يازماقتا. شامنىڭ ئېگىلىپ تولغىنىپ كۆيۈۋاتقان ئاجىز ئوتىمۇ پەسىيىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا: «ئېرىم يېتىپ كېلىپ بولغۇچە بۇ ماقالىنى پۈتتۈرۈشۇم كېرەك، ئۇنىڭغا بۇگۈن خۇشال كۆرستەلەيمەن، ئەتكەن تاماقلىرىمۇ سوۋۇپ كەتتى، چاپسانراق كەلسىڭىز بولاتتى» دېگەن خىياللىرىمۇ، ئاشۇ شام يورۇقىغا ئەگىشىپ سۇسلاپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇ بېشىنى قويدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە يازدى. ئۇ ئېرىنىڭ پاتراق كېلىشىنى تىلەيتتى ھەم ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق، ئىچىدە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ھالسىز ھالدا كېلىۋاتقىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. شام يىغلىغاندەك ئېقىپ دۆم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان سىياھ قۇتىسىنىڭ ئۈستىنى بىرخىل ئۇيۇتما ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ماقالىمۇ پۈتتى. ئۇ خۇش بولدىيۇ، ئەتىكى تەييارلايدىغان دەرسلىرى ئۈچۈن كىتابلارغا قول ئۇزارتىپ باش قويغىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

ئۇنى قار بېسىپ كەتتىمۇ ياكى چارچاشتىن، بىرنەرسە ئۈستىگە ئارتىلىۋالغاندەك بولدى. ئۇ نېمە؟ زادى قانداق نەرسە؟ ئەمما ئۇ بۇنى زادىلا بىلمەيتتى، ئەمما ئۇ بۇ نەرسىدىن ئاجراش ئۈچۈن تىپىرلايتتى، ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. ئاخىرى شۇ نەرسىدىن «ئاجراپ چىقتىم» دەپ ئويلىدىيۇ، نەپەسلىرى قىسىلىپ، ئاشۇ كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسە ئۇنى پۈدەپ يىراققا ئىتتىرىۋاتقاندەك بولدى. ئاخىرى ئۇ بىر كۆچىنىپ، بىر قارا بورانغا ئايلاندى - دە، ئۇنى ھۇقۇيتىپ ئاپىرىپ بىر پاتقاقلىققا تىقىۋەتتى.

«ۋايجان قۇتقۇزۇڭلار!» ئۇ پالاقشىپ ئاشۇ لاي ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى، ئىككى قولى چىقىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلايتتى. «رەخمىتۇللا، رەخمىتۇللا، مېنى قۇتقۇزۇڭ!...» دەپ تىپىرلايتتى. ئۇنىڭ ئېرىمۇ ھېچىبىر كەلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ پاتقاق ئىچىدە تۇرۇپ ئېرىنىمۇ قارا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكىنىنى پەرەز قىلاتتى. چاقىرىش، پالاقلىشىشلار توختىمايتتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرىمۇ بىرنەرسە مۇجۇپ تۇرغاندەك بولۇپ قالدى. بىركەمدە ئېرى ۋېلىسىپىتنى مىنىپ كېلىپ قالدى، ئۇ قىر ئۈستىگە كەلگەنچە ئايالىنى كۆردى - دە، ئۇنىڭغا قولىنى سوزۇپ ئۇزاق تۇردى. ئېڭىشتى، ۋېلىسىپىتمۇ ئاشۇ قارا لاي ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى ئەمەس، ۋېلىسىپىتنى تارتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، ۋېلىسىپىت قارا پاتقاق ھالدا تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ قايىقىدۇر ئادىم ئىزلەشكە يۈگۈرمەيتتى، ئەمما بۇ ۋېلىسىپىت قېرىشقاندەك ماڭمايتتى، ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ مېڭىشىغا بېقىپ مىندى، تەتۈر قاراپ ئارقىغا ماڭدى. ۋېلىسىپىتنى ئارقىچىلاپ تەپتى، ئۇ كۆزىدىن غايىب بولدى. لاي بارغانچە ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ قاتتىق چىرقىرىدى، خۇددى تۇنجى تۇغۇتلۇق ئاياللار تولغاق ئازابىدىن تۇۋلىغاندەك، ئىچ - ئىچىدىن چىرقىرىدى. ئۇ بىر مۈشۈكنىڭ قورققىنىدىن دېرىزىدىن «تاراققىدە» چۈشكەنلىكىنى چۈشىدە ئاڭلىدى، ناھايىتى تەستە يۈزلىرىنى تاتىلاپ ئويغاندى. ئۇ تاش ئېسىۋالغاندەك ئېغىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۆزى قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغانلىقىنى بىلدى. شامىمۇ ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغانىدى. ئۇ چېپىلداپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن، چاچلىرىمۇ چۇۋۇلغان، نەپەسلىرىمۇ سىقىلىپ بېتشمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ چۈشىدىكىدىنمۇ قاراڭغۇ جايدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، ۋارقىراپ ئادەم چاقىرغۇسى كەلدى، ئەمما سىرتتىن نامەلۇم قوللار سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالىدىغاندەك بىلىندى - دە، سىرتقىمۇ چىقالمىدى. «ئەمدى مەن يەنە نەگە باراي؟ كىمدىن مەدەت تىلەي؟» بۇ ئاۋاز ئۆزىنىڭ ئەمەستەكلا ئاڭلىناتتى.

خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ھەرقانچە يىراقتا ئاڭلىنىۋاتسىمۇ، ئۆزىگە بىرئاز بولسىمۇ ئۈمىد ئېلىپ كېلەتتى. قورقۇنچىمۇ سەل بېسىلدى. ئۇ ئۇيقۇلىرىنى ئېچىپ يۈزلىرىنى يۇيۇۋەتمەكچى بولۇپ، يۈز دېسى ئالدىغا بارغاچ ئېيناتتى: «مەن نېمە بولدۇم؟ مەن بۇنداق ئېس باستى چۈشنى كۆرمەيتتىمغۇ، قارا باسقان ئوخشايدۇ». ئۇنىڭ يەدىملىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئېرىنى كەلدىمىكىن دەپ، كاڭ ئۈستىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئەمما قاراڭغۇلۇق بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇرغان قارا كىگىزدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى، تۇغراتامنىڭ ئارقىسىغا قاراپ باققۇسى كەلدى، ئۇ يەردىمۇ ھېچنەرسە يوق. «ئۇ

ئاخىرى كەلمەيتتۇ - دە!» ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ قويىدى - دە، ئېرىدىن باشقىچىلا ئەنسىرەپ قالدى. «ئۇ شۇ تاپتا نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ نېمە پېشكەللىككە يولۇققاندۇ؟ بۇ چاغقا كېلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!» ئۇنى بىرافلا يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ئازابى چىرمىۋالدى. قورقۇنچنىڭ ئۇرۇنىنى بۇ خىل ئازاب ئىگىلىگەندە يۈرەكلىرى ئېچىشىپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى.

ئەسلىدە ئېرى مەكتەپتىن ۋېلسىپىت بىلەن كېلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە ۋېلسىپىتى تېشىلىپ كېتىپ خېلى يەرگىچە پىيادە يېتىلەپ ماڭغان، بىر دەڭگە كەلگەندىلا ناسوس سوراپ يەل ئۇرۇپ يەنە يولغا چىققانىدى. ئۇ سايلىققا كەلگەندە قاش قارىيىپ بايىقىدەك ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئۇتۇن ھارۋىلىرىمۇ ئۇچرىمىدى، يول قاراڭغۇ ھەم بەك ئەسكى بولغاچ كىشلەر كەچ كىرە - كىرمەيلا بۇ يولدا مېڭىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. تۇيۇقسىز ئارقىدىن بىر ماشىنا ئەتراپنى ۋاللىدە يورۇتۇپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى - دە، يولنىڭ كاداك يېرىدىن ماشىننى ئەپقاچىمەن دەپ شوپۇر ئۇنى سوقۇۋەتتى. رەھمەتۇللا شۇ جايدىلا تىن تارتماي جان ئۈزدى... بۇ، ئادەملەر كەچ كىرسىلا مېڭىشقىمۇ تېنى شۈركىنىدىغان چەت، چۆللۈك يول بولغاچقا شوپۇر قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى بالاغا قېلىشتىن ئەنسىرەپ قېچىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ ماشىنىسنى قويۇندەك ھەيدىگەن پېتى تىكىۋەتتى. ئەتراپ بەش قولنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا تاكى تاڭ يورۇغىچىلىك ئۇنىڭ جەسىتى توپىلارغا مىلىنىپ تاشلىنىپ قالدى. زىبىر خانىم ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاتتى - دە، قىقىراپ ئېچىنىشلىق يىغلىدى، چاچلىرىنى يۇلۇڭگۇزلىدى...

ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنى تەقدىردىن كۆرە مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ نەچچە قېتىملاپ ئىلتىماس سۇنسىمۇ يېزا مەكتىپىدىن شەھەرگە يۆتكەپ قويمىغىنىدىن كۆردى. كىم بىلىدۇ، ئۇنى يۆتكەپ قويغان بولسا بەلكىم بۇنداق پاجىئەمۇ بولماس ئىدى...

ئۇنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى خۇددى ئاشۇ ئۇششاق چۆجىلىرى ئارقىلىق يېشىلىدىغاندەك، چۆجىلىرىگە سۇ، دان قويۇپ بىرىپ ئۇزاق تۇراتتى. بۇ چۆجىلەرمۇ ئۇنى كۆرسىلا تاشلىۋەتكەن ئانىسىنى تاپقاندەك چۇكۇلداپ كېتىشەتتى. دانلىرىنى چوقۇپ يەپ يەنە ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتى. ئۇ بۇنداق چاغلىرىدا كۆڭۈل خۇشى قىلىۋاتقاندەك سىقىم - سىقىم ئۇششاق دانلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا چېچىۋېتىپ چۆجىلىرىنى تارتىۋېتىپ ئۆزىمۇ كۈلەتتى. بۇ چۆجىلەر ئۇ دالدىنىمۇ يالتىيىپ يەنە كۆزلىرىدە ئىنگىسىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. بۇنداق چاغلىرىدا چېچىلىپ كەتكەن ئۇششاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئىزلەپ كېلىپ، ئەتراپىنى چەمبەر ھاسىل قىلىپ تۇرغاندەك بولۇپ قالاتتى ۋە ئۇلارنى بىردىن ئىسمى بىلەن چاقىرىپ: «زۆھرە، گۈلنىسا، رابىيە، زىمىدىم، ئالماس...» دەپ پىچىرلايتتى. بۇ ئىسىملارنىڭ ھەر بىرى ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. گاھىدا ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەممە نەرسە مەكتەپ، ئوقۇغۇچى، جوزا - ئورۇندۇق بولۇپ قالاتتى.

ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان قىزى گۈلمىرمۇ دائىملا ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇقەدەر ئوماق، شۇقەدەر سۆيۈملۈك، گەپلىرى شۇقەدەر تاتلىق. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر بىر كۆرگىنىدە، گەپكە سالغىنىدا سۆيۈنۈپ، ئۆز قىزىنىڭ ئەركىلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى. بۇ ھەممە ئىشتىياقىنى ئۆز خىزمەت، كەسىپلىرىدىن، ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىزلەيدىغان خانىم: «خىزمىتىمنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن» دەپ، قىزى يېشىغا تەگمەي تۇرۇپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئانىسى يەنە بىر يېزىدا تۇرۇپ، قىزىنىڭ شەنبە، يەكشەنبە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. نەۋرىسىنىڭ يىغلاپ جارقىراشلىرىمۇ قۇلاقلىرىغا سىڭىپ قالغان بۇ موماي، قىزىنىڭ ھەپتىدە، ئايدا، ئاندىن بىرنەچچە ئايدا بىرقېتىم كېلىدىغانلىقىغا كۆنۈپمۇ قالدى. بۇ خانىم بىرەر يىلدىن بۇيان ئاشۇ نارسىدە قىزنى ۋە ياشانغان ئانىسىنى تۇزۇكرەك يوقلاپ كېلىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي ئىشلەۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ باھالاشىمۇ يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يۇقىرىدىن كېلىپ تەكشۈرۈش دېگەندەك ئىشلارمۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنداق بولمىغاندىمۇ ئۇ خىزمەتلىرىنى يەنىلا ئالدىراش ئىشلەيتتى. خىزمەتلىرىگە ساختىپەزلىك قىلغۇسى، بىرەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەشكىمۇ سەل قارىغۇسى كەلمەيتتى.

ئۇ بۈگۈن چەت بىر مەھەللە بولۇشقا قارىماي پىيادە يول يۈرۈپ ئىككى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى بىر - ئىككى ھەپتە كېلىشمىگەن، ئاندىن كېلىپ يەنە يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ئەكىلىپ تەربىيە ئىشلىمىسە، ئۆتۈلگەن دەرس ۋە مەشىقلىرىنى تولدۇرۇپ يېتىشتۈرۈپ ماڭمىسا بولمايتتى - دە! يەنە كېلىپ سۈيەت باھالىشى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يول بويى ئويلاندى: «بىزمىغۇ ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا قېچىپ باقمىغان ئىكەنمىز، بۈگۈنكى زامانىڭ بۇ ئەركە

بالىلىرى ئىمانداق قىلىندىغاندۇ؟ ئۆلتمۇشتە شاك - ماتا توقۇپ جېنىنى جان ئېتىدىغانلارمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىكەن، ئالىقانلىرىغا، پالىكاچ تومىلىرىگە تۆپى-تۆپىلەپ پالاق يېسىمۇ چىداپ ئوقۇۋېتىكەن، ئۇلار قانداق ئادەملەر بولغىيدى؟ ھازىرچۇ؟ ئوقۇ دېپ قوگلىرىغا سۆيگۈدەك بولىمىز، بىلىنمىغان ئانا - ئانا، شوتۇبىجاگمۇ قالمايدۇ، ئاخىرى دەشنام يەپ قايتىپ كېلىمىز. ئۇلارنى ئېلىپ كېلەلىسەكچۇ ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ، ئۇنداق بولمىغىنىدا، باھالاشتىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇلىمىز. بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن بىر مۇنچە ئىش ھەققىمىزنى تۇتۇپ قالىدۇ. ئۇنى - بۇنى دەپ يىغىپ كەلسە، قولىمىزغا تۇزۇكرەك بىر نەرسە ئاشمايدۇ، ھېسابتا گەدەنلىۋالىمىز شۇ».

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مۆكچىيىپ ئىشلەۋاتقان، قوللىرى قاپارغان، ئاپتاپتا كۆيۈپ - پىشىپ قارىداپ كەتكەن دېھقانلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىر تۇۋىگە چىقىپ، تۇگۈشلىرىدىكى نانلىرىنى لاي، سوغۇق ئۆستەڭ سۇلىرىغا چىلاپ يېيىشكەنلىرى؛ ۋىجىك چىرايلىرى سارغايغان، كۆزلىرى ئىچىگە ئولۇپ كىرىپ كەتكەن، قوللىرىغا بور تۇتقان، ئېگەك سۆڭەكلىرىمۇ پولتىيىپ چىقىپ قالغان مېھنەتكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۆچۈرىدەك ئۇششاق باللارنى يېتىلەپ يۈرگەنلىكى، پۇتلىرىنى سۆرەشتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا كۈچسىز دەسسەپ يۈرگەنلىكى؛ يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، كۆزلىرىگە قوللىرىنى چوقچۇلاۋاتقانلىقى كېلەتتى. ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ كەتتى. قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتى ئۇنى كۆيدۈرەتتى. ئاشۇ پىغانلارمۇ ھەم ئۇنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئۇ خېلىلا ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. ئەمما يەنىلا ماڭماقتا، ئارقىغا بىر تاملىرى ئۆچۈرۈلغان، ئوجمە، قۇرۇق ئېرىق بويىدىكى سارغىيىپ كەتكەن شالاڭ سۆگەتلەر، قارىياغاچ، جىگدىلەر كۆرۈندى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ قانغىچە بېشىنى چىلاپ تۇرۇپ سۇ ئىچىۋالغۇسى كەلدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنى ئوتتەك قىزدۇرۇۋاتقان نەرسىمۇ بېسىلىپ قالغان بولاتتى. ئەمما ئۇ لەۋلىرىنى يالىدى، بېرىلىپ شور تەمى چىقىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى تېخىمۇ باسالمايتتى. ئۇ ئېرىقتا قۇم سايلىققا ئوخشاشلا سۇ يوق ئىدى. بۇ مەھەللىدىمۇ ئۆزىنى قاندۇرغۇدەك سۇ تېپىلمايدىغاندەك قىلاتتى. تومۇز ئىسسىقتىن پەيدا بولغان ئالۋۇنلار، مەھەللىنىڭ بېشىدا ۋە ئۇ تەرىپىدە تىنىمسىز مىدىرلاپ تونۇردا كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ھىدىنى پۇرىتىپ تۇراتتى.

- بالامنى نېمە دەپ ئەكەتمەكچى بولىسەن؟ سەن تۇغۇپ چوڭ قىلغانمۇ يە؟!

- ئۇنداق دېمىسىلە، باللىرىنىڭ ئوقۇشى ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن. ئاخىرقى ھېسابتا پايدىسى ئۆزۈڭلارغا تېگىدۇ.

- بولدى ئەمدى، ئۈچ - تۆت يىل بەرگەندىكىن... قەرزىڭلار بارمىدى؟

زىبىر خانىم بۇ مەھەللىگە قەدەم بېسىپ دەرستە ئارقىدا، ئويۇندا ئالدىدا تۇرىدىغان بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ھۆرمەت تەكەللۇپقا ئېرىشمەي تۇرۇپ دەشنام يېگەنىدى. تاشقىرىقى ئۆيدىن ئېرىنىڭ ئوتتۇنچىدەك ۋارقىراپ كىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، زىبىر خانىم تېخىمۇ جىم بولۇپ قالدى.

- ئۆيۈمگە كىرىپ چالۋاقىغان قايسى ھازازۇل!؟ - ئۇ كىرىپلا خۇددى خانىمنى گېلىدىن بوغۇپ كېتىدىغاندەك ھۆرپەيدى، - ھە، سەنما؟ خانىممىش تېخى. ماڭا سەمەت ساڭا ئۈچ ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەتتى. سىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۈچ بولۇپ كەتكەن. سەن ئۇنىڭ نېمىسىگە ئامراق بولۇپ قالدىڭ؟! ئۇ تېخى چوڭ بولسۇن، ئاندىن تالىشارسەن!!

بۇ گەپ خانىمغا بەكلا ھار كەلدى، ئەمما ئۇ چىدايتتى. ھەر خىل گەپلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ھەم ئالدىن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

- كايىمىسىلا تاغا، بىز خاتا قىلىپ قويغان جايلىرىمىز بولسا تۈزەتسەك بولىدۇ. باللىرىنى ئوقۇتۇپ قويۇش، ئاغزىغا ئىلىم سېلىش ھەرقانچە بولسىمۇ جىنايەت ئەمەستۇ؟

- جىنايەت ئەمەسمىش! ھۆكۈمەت پۇل تاپ، بېيى دەۋاتىدۇ، مەن بالامنىڭ ئالدىغا قوي، پادا سېلىپ بېرىپ ھايداپ باققۇزىمەن! ئۇ پۇل تاپىدۇ، پۇل! مەكتەپتە ئوقۇسا نېمە پايدا كۆرەتتى؟ قېنى، ئۆزۈڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار؟ سىلەر ئوقۇتقان قايسى بىرسى ئوقۇپ نېنىنى يېدى؟ ھەممىسى بىزگە ئوخشاش دېھقان بولىدىغۇ شۇ! يەر تېرىتىپ، كەتمەن چېپىشتا ئوقۇتمىسا نېمە بوپتۇ؟!!

- ئۆزلىرىگە ھاي بەرسىلە، ھازىر مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلىۋاتىدۇ.

- توھوش، ماڭا دەرس ئۆتمەي كۆزۈمدىن يوقالسىلا نېرى.

ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى دادىسىنىڭ ئالدىدا تىرىنقىنى تاتىلاپ گۆشىيىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

- ماڭا نېرى، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدىمۇ مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا

مۇشۇكتەك تۈگۈلۈپ، بىر ئېغىز مۇ دېيەلمەيسىنا؟! يۈر، بېرىپ قوي، كالىلارنى سۇغۇر! ـ ئۇنىڭ دادىسى بالىنى پاتىقىغا شاپىلاقلاپ ئىتتىرىپ ماڭغۇزدى.

ـ بالا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا يەنە ئوقۇسا، قاق مۇشتۇمدەك تۇرۇپ يۈرەكتىن ئايرىلغۇدەك. مەكتەپكە كىرىۋالساڭلا بالىلارغا زومىگەرلىك قىلىپ يەنە بۇ يەردە نېمە دەپ تۇرىسىلە؟ ھويلا ـ ئارامنى مەن تاشلاپ چىقىپ كېتەيمۇ يا؟!

قوشنا ـ قولۇملار بىر ـ ئىككىدىن ئولاشتى. ئۇلار يەرنىڭ تېگىدىن خانىمغا قارىشاتتى. ئاغزىدا بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىيتتى، زىبىر خانىم يەنە تەسەللى ئېيتىپ بالىنى ئېلىپ كەتمەك بولدى. ۋەزىيەتنى، ئوقۇش تۈزۈمىنى، يېزىنىڭمۇ دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولمىسا جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقىنى قوشۇپ چۈشەندۈردى. بۇ تەرسا ئادەم، خانىمنى مازاق قىلغاندەك يوتىلىرىغا ئۇرۇپ ئەتەي كۈلەتتى.

ـ ھا-ھا-ھا... نەدە شۇنداق ئىش بار ئۇكامەي ، كىمدىن كىم جەرىمانە ئېلىپتۇ. ھەممىسى مال ـ كالىلىرىنى يېتىلەپ يۈرمەمدۇ؟ شودۈيجاڭ بولغان ئادەممۇ قىزىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي ئەجەب يۈرىدىكىنە؟!

ئۇ چۈشەندى. ئوقۇغۇچى قىزنىڭ دادىسى دۈيجاڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ: «مەن شودۈيجاڭ بولدۇم، مەھەللىدىكى ھېچكىمنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ. قىزىمغا باشقىلارنىڭ چىشى پاتمايدۇ» دەپ دۈيجاڭ سايلىمى بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇنى تۇتۇپ قالغانلىقىنى، شۇڭا مەكتەپكە بارمىغانلىقىنى قوشنىلار ئاغزىدىن ئاڭلىدى. قاتتىق ئېچىندى. «تىرىكچىلىك ھوقۇقلىرى ئۈچۈنمۇ بالىلىرىنى ئوقۇتماي يۇقىرىدىكىلەرنى، ئوقۇتقۇچىلارنى توسۇپ يېتىۋالسا، ئۇ قالتىس چوڭ ھوقۇقكىنە!؟»

ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. كۆزلىرى ئەتراپىغا ئاچچىق بىر نەرسە ئولىشىۋالدى، گېپى كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن خانىم كۆڭلىدە بىر ئىشنى ئويلىدى ـ دە:

ـ خوش ئەمسە، ئۆزۈڭلار قوبۇل تاپقاندا ئەۋەتەرسىلەر، ـ دەپ ئۇدۇل شودۈيجاڭنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ شۇنى ئويلىغانىدى. ئارقىلاپ بېرىپ ئوقۇغۇچىسىنى ئىشىكتىن يېتىلەپ چىققۇسى كەلدىيۇ، ئەمما بۇ تەرسا كىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تاياق يېيىشى تېخىمۇ خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەھەللە ئارىلاپ غېمىدە ئارقىغا ياندى ـ دە: «ھەي، مەن ئاشۇ نادانلىقتا قالىدىغان ياش نوتىنى قۇتقۇزۇۋالسام بولاتتى. ئۇ شۇ تاپتا مېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بولسىچۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، سەل كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، يۈگۈرگەندەك ئىتتىك يېنىپ كەلدى.

كالىلارنىڭ مۆرىگەن، قويلارنىڭ مەرىشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىل ئالدىغا يېقىنلا كەلدى. بالا تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. «ئۇ نەگە كەتكەندۇ ـ ھە؟» خانىم كالىلارنىڭ مۆرەپ، قويلارنىڭ مەرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدى قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تېخىچە ئۇلاغلىرىغا ئوت ـ سامان سېلىپ سۇغارمىغانلىقىنى پەملىدى.«ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ دادىسى يوتتۇرۇپ قويغانمىدۇ ـ يە؟» ئۇ خىيال بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆينىڭ ئارقىلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. ئۇ كۆرۈنمەيتتى. «ھەي، راستتىنلا يوتتۇرۇپ قويۇپتۇ ـ دە!» ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭماقتا ئىدى.

ـ خانىم، خانىم.

ئۇ ئارىسالدى بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. جىگدە يوپۇرماقلىرى بۇ باغنىڭ ئىچىنى توسۇپ بىرەر نەرسىنى ئىلغا قىلغۇزمايتتى. ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى.

ـ زىبىرنىسا خانىم!

ئۇ بۇ ئاۋازنىڭ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، يۈرەكلىرى ياپىراپ كەتتى.

ـ ھە، سەمەت، سەمەتمۇ سەن؟

ئەمما ئۇ كۆرۈنمەيتتى، بىر چاغلاردا جىگدىنىڭ شاخلىرى مىدىرلاپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىرسى بويۇن سوزۇپ چىقتى. ئۇ زىبىر خانىم ئىزدەۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىدى.

ئۇ بىر ياش نوتا، باياۋان ئېتىكىدە تۇرۇپ تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان بىر نوتا ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ خانىمنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالماي تېڭىزىپ تۇراتتى. تىرنىقىنى تاتىلايتتى، پۇتلىرىدا توپىلارنى بوشقىنە سىجىلايتتى. ئۇ خانىمنىڭ كۆزىگە تىك بېقىپ قارىيالماي، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە دەيتتى:

ـ خانىم...

ـ زىبىرنىسا خانىم...

ـ ئەمما ئۇ باشقا سۆزلەرنى، شۇ سۆز ئارقىلىقلا ئىپادىلىيەلىگەندەك دېيەلمەي تۇرۇپ قالاتتى.

ـ سەمەت، بالام سەمەت، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭ؟ يۈر، مېنىڭ بىلەن مەكتەپكە قايتقىن.

ئۇ يەردە تىللايدىغان داداڭمۇ يوق، بىراقتا قالىدۇ، ــ دېدى بېشىنى سىلايتتى خانىم سۆزلىرىنى ھېچ بىر تۈگىتەلمەستىن.

ــ ئەمما، يەنە دادامنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىمەن...

خانىم ھەممىنى چۈشەندى. بۇ تېڭىرقاپ قالغان قۇش بالىسىنىڭ بىلىمگە تەشنا ئىكەنلىكىنى، ئەمما تەرسا دادىسىدىن شۇنچە قورقىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئوقۇشتىن توسۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدى.

ــ قورقمىغىن بالام، ئوقۇشۇڭ تۈگىگىچە ساڭا دادا ئورنىدا دادا، ئاناڭ ئورنىدا ئانا بولىمەن. مېنىڭ ئۆيۈمدە يېتىپ قوپقىن، تاماقلىرىڭنىمۇ مەن ئېتىپ بېرىمەن. ئۆيۈم مەكتەپنىڭ ئىچىدىلا، ــ دېدى ئۇ بالىنىڭ كۆزلىرىگە چوڭقۇر تىكىلىپ. بۇ بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن تاپمىغان مېھرى ـ مۇھەببەتكە بىراقلا ئېرىشكەندەك خانىمغا لاپپىدە قارىدى ـ دە، لۆممىدە يىغلىۋەتتى.

ئۇلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى بۇ خىلۋەت مەھەللە، سوغۇق تەلەت تاملاردىن يىراقلىشىپ ماڭماقتا. خانىم شودۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ: «ئەمدى نېمە قىلارمەنكىن» دېپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالغىنىدا، ئۇ يوگۇرۇپ كېلىپ ساۋاقدىشى مەڭنساخاننىمۇ يېتىلەپ ئەپچىققانىدى. ئۇ خانىمنى كۆرۈپ تىللىرىنى يالاپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن:

ــ خانىم، مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە مەكتەپكە بارىمەن، سەمەتمۇ مېڭىپتۇ... ــ دېيەلىدى.

ــ توختاڭ قىزىم. بۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئالدى بىلەن سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىڭىزنى قايىل قىلىپ ئاندىن ئېلىپ كېتىمەن.

ــ ئۆيدە دادام يوق. ئۇ ئۆستەڭ بويىغا چام سالغىلى چىقىپ كەتكەن.

ــ ھە، شۇنداقمۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن دادىڭىز كەلگىچە ساقلاپ تۇرسام بولىدۇ.

ــ ئۆيگە كىرەيلى خانىم، ئانام تاماق ئېتىپ بېرىدۇ.

قىزچاق خانىمنىڭ قولىنى تارتىپ ماڭدى. ساقلا ـ ساقلا كەچمۇ كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئانىسى خۇش پىچىم ئايال بولۇپ، خانىمنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيتتى. ئۇنى ئەزىز مېھمىنى قاتارىدا كۈتۈۋالاتتى. ئەمما ئۇ ئېرىدىن بەكلا قورقىدىغان ئايال ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بالىنى دادىسىنى قايىل قىلدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. كېيىن ئېرىنىڭ بۇ قىزنى مەكتەپكە ئەۋەتمىگەنلىكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جاڭجاڭلىشىش تۇغمەي، بۇ قىزمۇ مەكتەپتىن قالغانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

تاڭ سەھەر. ئۇلار بۇ مۇنەججەم ئايالنىڭ تەكەللۇپلىرى، شودۇيجاڭنىڭ ئاچچىقلىنىپ جېجىلىشلىرىغا قارىماي ئالدىراپ يولغا چىقتى. ئۇلار پىيادە كېتىۋاتاتتى، يول بارغانچە ئۇزىراپ ئۇلارنى ئېزىقتۇرغان بىر دائىرىگە باشلاپ كىرگەندەك ئىدى. گاھىدا خانىمى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭسا، گاھىدا بۇ كىچىك باللار يېتىشەلمەي سوكىلداپ قالاتتى. ئولتۇرۇپ ـ ئولتۇرۇپ يەنە ماڭاتتى. ئۇلارغا يەنە كۈچ كىرگەندەك بولاتتى. بۇ تەكرارلىنىشلار ئانچە ئۇنۇم بەرمەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ھېرىپ قالغىنىدا خانىم يۇدۇپ كۆتۈرۈۋالاتتى. ئىككىسىنى بىراقلا كۆتۈرسە ئەپلەشمەيتتى، ئۇ دەملەشتۈرۈپ كۆتۈرەتتى. قوللىرى تېلىپ، پۇتلىرى سىرقىراپ كېتەتتى. ئاياغلىرى غاجىلاپ ئالقانلىرى قاپىرىپ كېتەتتى. ئاخىرى ئۇلار كېلىدىغان مەكتەپ ئاز قالدى. قويۇقراق كۆرۈنىدىغان بۇ مەھەللە ئۇلارغا ئۈمىد ۋە مادار قوشتى. ئەمما ئارقىدىن بىراۋلارنىڭ تووۋلاپ كېلىۋاتقان ئاۋازى بارغانچە كۈچىيەتتى.

ــ خانىم توختاڭ، دادام كېلىۋاتىدۇ.

سەمەت دەرھاللا دادىسىنىڭ يىراقتىن ئاتلىنىپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى تونۇۋالغانىدى.

ــ ھە، سىنىڭ داداڭ؟

ــ ھە، ئۇ مېنىڭ دادام شۇ. ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ يۈرىكى جىددىي سوقۇپ كەتتى. ئۇ بىر ئايال كىشى تۇرسا، بۇ تەرسا قېرى ئالدىنى توسۇپ چالۋاقسا، يەنە قوللىرىنى شىلتىگىشتىپ ئۇنىڭ ياقىلىرىغا ئېسىلسا، ئوغلىنى ئېلىپ قاچسا... بۇ ئوغۇل بىلەن خانىم ئۇشتۇمتۇتلا يولدىن چىقىپ يۈگۈرۈپ كەنت تەرەپكە قىيىپ ماڭدى. بۇ ئىككى كىچىك باللارمۇ، ئۈركىگەن قۇشتەك ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ قوللىرىغا، ئېتەكلىرىگە ئېسىلىپ ئۇششاق ـ ئۇششاق قەدەملىرىنى ئۇلگۈرتۈپ بولالماستىن يۈگەرمەكتە ئىدى. سېغىز ۋە پورپاڭ شورلار توزۇپ توپا چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى قارىغا كېچىپ كېلىۋاتقاندەك ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ــ ھەي، توختا دەيمەن، توختا. ئاڭلاۋاتامسەن؟ توختا ئىنىسنىڭ بالىسى. ھۇ قانجۇق، بالامنى نەگە ئاپىرىسەن؟

بۇ ئاۋازلار ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا كۈچەپ ھاڭرىغان ئېشەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ئۇ بىزنىڭ شۇ... دادام ئېشەك مىنىپ قوغلاپ

كېلىۋېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئېيتىشتىن ئاۋۋاللا چاڭ تورۇتۇپ ، ئېشەك مىنىپ ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرگەن زىبىر خانىم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، قوينىغا يېقىن تارتىپ ئەكەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە يۇگەرمەكتە ئىدى.

ـ توختا دەيمەن! نەگە قاچىسەن؟ ھۇ ئادەم ئوغرىسى جەددال!

بالا دادىسىدىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل كېلىپلا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىدىغاندەك، ئاندىن ئېشەككە دەسسىتىپ پىتىقلىۋېتىدىغاندەك قورقۇپ كەتتى. توپىلىقتا يۇگۇرۇۋېرىپ ئۇلارنىڭ ئۇستۇاش، كىيىم - كېچەكلىرى تۇگمەنچىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. خانىمنىڭ چىرايى توپا رەڭگە كىرگەن، كۆڭلەكلىرىمۇ تارتىشىپ يىرتىلغانىدى. قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى توپا - چاڭلاردا قىراۋ باسقاندەك بولۇپ قالدى. چاچلىرىغىمۇ ئاق كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ تەرسا قېرى ئاخىرى يېتىشىۋالدى - دە، خانىمنى ئېشەكنىڭ تۇگۇۋالغان توم ئارغامچىلىرى بىلەن كومشتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. باللار يىغلاپ چىرقىرايتتى. گاھ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئېشەكنىڭ كۆزىگە قارىتىپ توپا چاچسا، گاھ خانىمنىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلىپ ئالتاغىل ۋارقىرىشاتتى. خۇددى ئېغىر بىر بورانغا دۇچ كەلگەندەك ئۇلار توپا- چاڭ ئىچىدە قالدى. ئېشەكتىن چۈشمەيلا ئۇرۇشقا باشلىغان بۇ تەرسا ئادەم ئۇنىڭ چېچىنى قامالاپ ئالدى- دە، يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى توپىغا باستى، خۇددى ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۇرۇۋاتقانغا ئوخشاش ئۇنى ئۇراتتى، دەسسەيتتى. توپا - چاڭدا ئۆزىگە نېمە كېلىپ ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىلغاقىلىپ بولالمىغان خانىم يىقىلدى- دە، ئارقا - ئارقىدىن «ۋايجان، ۋايجان» دەپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ بېشىنىڭ بىر قارا تۇمان قاينىمى ئىچىدە چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرى يۇمۇق ھالدا چالا - بۇلا قىياس قىلالايتتى. ئۇ ئاخىرى يەنە دەسسەلگەن تېپىكلەر دەستىدىن كۆچسىزغىنە يېتىپ قالاتتى.

بۇ خەۋەر مەكتەپكە تېزلا يۇركەتتى. ئۇنىڭ يۈز- كۆزلىرى كۆك، نەچچە كۈنگىچە كۆزىنىمۇ ئاچالماي تالا - تۈزگىمۇ چىقالماي ياتاتتى. خەق كۆرمىگەندەك يېقىن ئەتراپتا داۋالىنىدىغان تۇزۇۋكرەك دوختۇرخانىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر ۋە بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى - خانىملار كۆڭلىدە قەۋەتلا خۇشال بولۇپ يۈرەتتى. مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلار بۇنى ئىچىدىن سىرتقا چىقىرىپ ئاشكارىلاپ قويماسلىقتا تىرىشقىنى بىلەن، باشقا ئوقۇتقۇچى - خانىملار بۇنى سېزىپ تۇراتتى.

ئۇ ئەتراپتىكى تېۋىپلىق قولىدىن كېلىدىغان كىشىلەرگە داۋالىنىپ باقتى، ئەمما تۇزۇۋكرەك ئۇنۇمى بولمىدى. يىراقلىق دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈچۈنمۇ كۈنلەپ ۋاقىت كېتەتتى. يەنە كېلىپ ئۇنى ئاۋايلاپ يۆلەشتۈرۈپ كىممۇ ئاپارسۇن دەيسىز؟ چۆچۈرىدەك ئوششاق باللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا چىقىپ: «خانىم، خانىم بىز چاي ئەكىلىپ بېرەيلى، سۇ ئەكىلىپ بېرەيلى» دېيىشكەنلىرى بىلەن ئۇلارمۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتىمۇ؟ پەقەت يىگى تۇغۇلغان قوزىغا ئوخشاش سەبىي، غۇبارسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىپ، ياش ئەگىتىش بىلەن چەكلىنەتتى. ئۇنى يوقلاشقا تۇزۇۋكرەك ئوقۇتقۇچى - خانىملار كىرىپ باقمىدى. مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. خانىم قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بۇ كىچىك سەبىي قەلبلەر خۇددى ھاشار چۈمۈلىسى يول تارتىپ ماڭغاندەك ئۇنى يوقلاش ئۈچۈن ئايىغى ئۈزۈلمىدى. چوڭراقلىرى ئوتۇن- ياغاچ ئەكىرىپ، يېرىپ تەييار قىلىپ بەرسە، يەنە بەزىلىرى ئۈچۈرۈلۈپ كەتكەن كونا قازان بېشىغا چىقىپ ئۇنى - بۇنى ئىزدەپ تاماق ئېتىپ بېرىش، چاي قايىنتىپ بېرىش ، دورا ئىچۈرۈپ قويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى قوللىرىنىمۇ كۆيدۈرۈپ قويۇشتى. ئۇنى چۆرىدەپ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان تېخىمۇ كىچىك ئوقۇغۇچىلار بولسا ئۆزلىرى ئەكىرگەن نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈمگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ كالپۇكلىرى دوردىيىپ ئىششىپ كەتكەن، پېشانىسىمۇ دورا بىلەن تېڭىلغانىدى. تېڭىلغان ئاق داكا ئاستىدىكى كىرپىكلىك كۆزلەر ياش ئىچىدە بۇ ئاقكۆڭۈل كىچىك ھەم پاك مەسۇم باللارغا تەكشى قاراپ ياتاتتى. كۆزلىرىنى چوڭراق ئېچىپ قالسا، تومۇرلىرى كېرىلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئۇ خۇددى چوڭلاردىن ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، خىزمەتداشلىرىدىن ، ئېرىدىن، قىسقىسى بۇ دۇنيادىكى كىشىلەردىن بارغانچە يىراقلاپ، ئاشۇ سەبىي قەلبلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ بەكلا ئۆز ۋە شۇقەدەر يېقىن قېرىنداشلىرىدەك بىلىنىدىغان باللاردىن سۆيۈنسىمۇ، ئەمما يەنە قانداقتۇر كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى غېرىبلىق پاتقىقىغا چىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئېرى يىراق جايدىن تىمسىقلاپ كىرىپ، ئالدىدا پېشانىسىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئانىسى ۋە قىزى كۆرۈندى. ئۇلارمۇ شۇ كىچىك سەبىيلەر ئارىسىغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈن - تىنسىز كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرغاندەك ئىدى. ئەنە ئۇنىڭغا

قىزنىڭ «ئانا! ئانا!» دەپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ كېلىشمەسلىككە دۇچار بولغانلىقىنى سەزگەندەك بۈگۈن كېچە تۈن نىېرىسىدىلا ۋارقىراپ، تىپچەكلەپ ئۇيقۇسى قېرىشىپ زادىلا ئۇخلىمىدى. پەقەت «ئانامنى كۆرىمەن! ئانامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. ۋاي ئانا! ۋاي ئانا!...» دەپلا يىغلايتتى. بىرنەرسىنى قوچاقلىۋالمىچى بولغاندەك، بۇدرۇققىنە قوللىرىنى ئېچىپ سوزاتتى. ئۇنىڭ مومىسىمۇ بۈگۈن خېلىلا غەش بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى كۆڭلىگە بىرنەرسە يوشۇرۇن سايە تاشلاپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭمۇ تۇزۇكرەك ئۇيقۇسى كەلمىدى، تالاغا بىرنەچچە قېتىم چىقىپ باقتىيۇ، بۇ ياققا تەلمۈردى، تىڭشىدى. ئاخىرى يەنە چۈش يەۋالغاندەك بولۇپ كىرىپ نەۋرىسىنى پەپىلەش بىلەن ئاۋارە بولاتتى.

«ھەي، ئىرىم ھايات بولغان بولسىمۇ... يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ يۈرۈپ بولسىمۇ ماڭا بىر ئامال قىلاتتى، دوختۇرخانىغا ئاپىراتتى». ئۇ ئىرىگە قوللىرىنى سوزۇپ ۋارقىراۋاتقاندەك ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا يىنىك ئىڭراپ قويدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ يېنىدا قېلىپ قالغان ئىككىلا ئوقۇغۇچى بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز خانىم، بىز كۆتۈرۈپ تۇرغۇزايلىمۇ؟— دېدى ئۇلار بېشىنى يۆلىگەنچە. ئاندىن باياتىنقى لۆڭگىلىرىنى يەنە ھۆلدەپ ئەكىلىپ بېشىنىڭ ئوچۇق دائىرىسىگە قويماقچى بولدى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭلار قىزلىرىم، سىلەرمۇ ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئوخشاش دەرسىڭلارغا چىقىڭلار.

ئۇ باشقا ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئانچە ھايال بولغۇزمايلا ئارقىسىغا، دەرسكە قاتنىششقا قايتۇرۇۋەتكەنىدى.

— ياق، خانىم بىز چىقىپ كەتسەك يېنىڭىزدا كىم قالىدۇ؟

— يا يېنىڭىزدا ئانىڭىز بولمىسا.

بۇ چۆچۈك تىللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى، ئانىسىنى تېخىمۇ ئېسىگە سېلىپ قويدى.

— ھېچقىسى يوق قىزلىرىم، دەرسىڭلاردىن قالساڭلار بولمايدۇ،— دەپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيتتى خانىمى. كۆزى ئارقىدا قالغان كىچىك ئوقۇغۇچىلار ئۇششاق - ئۇششاق چامداپ، تارتىنىشىپ - تارتىنىشىپ ئىشىك تۆۋىگە كېلىشتى.

— يەنە چىقىپ كەتمىسەڭلار خاتىرجەم بولالمايمەن. كەچ تەرەپتە بىرىڭلار كىرىپ، قالغىنىڭلار كىرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. بولمىسا كېسىلىم قوزغىلىپ قالىدۇ،— دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ: «تەرسا ئانا - ئانىلارنى تونۇسىمەن

دەپ، سىلەرنى كۈن بويى ئوقۇۋالسۇن دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم» دېگەندەك گەپلەر ئېغىزىغا ئۇسۇپ - ئۇسۇپ توختاپ قالدى. «ئەگەر بۇنداق دېسەم باتنىغاندەك بولىمەن. ئويلىمىغان يەردىن يامان نەتىجە بېرىپ قالمىسۇن يەنە» دېگەنلەرنى ئويلاپ، يەنە جىممىدە بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاقراق يالغۇز قالدۇرۇلۇشىنى خالاپ قالغانىدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئېزىلىپ كەتكەن يۈرىكىنى پىغانلاردىن يەشكەندەك، ئىچىنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ يىغلىۋالالايتتى. ئۆزىمۇ شۇ ئارقىلىق ئىچىدىن ئاچچىق ھەسرەتلىرى ياش ئارقىلىق تۆكۈلۈپ، كۆڭلى پىنغانغىنە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

«ھەي، كۈنلىرىم مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ بۇ جايدا ئۇرۇق - تۇغقان، يا شەپقەت ياغدۇرغۇدەك ئادەملىرىم بولمىسا، بۇندىن كېيىنكى چاغلىرىمدا قانداق قىلارمەن؟ ئىرىمنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ؟...» ئۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى بەكلا خالاپ قالدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا كۆلۈپ يۈرىدىغان كىشىلەرمۇ بىراقلا قاپىقىنى تۈرۈشتى. ھېچكىم «ھالىڭ قانداق؟ نېمە بولدى؟» دەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «ئوغۇ مەيلى، يەنە ساقىيىپ قالارمەن، خىزمىتىمنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، يول ئېچىپ ماڭسام ئۇلارمۇ مېنى چۈشىنىپ قالار. خىزمەت ئورنى بولغاندىكىن خىزمەتتە پەۋقۇلئاددە بولسامىلا باشقىلارمۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلماي قالاتتىمۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ خىزمەتلىرىنى شۇقەدەر ياخشى ئىشلەپ كەلدى. بىراق ئۇنى مەكتەپتىكىلەر كۆزگە ئىلماس بولۇپ كەتتى. «خەپ، شۇنداق قىلغىنىڭغا ساقىيىپمۇ قالارمەن، كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىپ ئىشلىمەيدىغان بولسام!...» ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەمما ئۇ كىشىلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ يالغۇز، يېتىم قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سادالىرى، پىغانلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمىنى تىڭشايدىغان، ھالىغا يېتىدىغان بىردىنبىر قەدىردان كىشىسى رەخمىتۇللامۇ يوق...

ئۇنىڭ قېرى ئانىسىمۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلگەنىدى. ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى - خانىملار بۇ مومايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھارغىن ۋە جاپاكەش، ئېزىلىپ كەتكەن تۇرقىدىن سەل ئىچى ئاغرىغاندەك بولۇشتىيۇ، ئۇنىڭ ئالدىنى قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتى يەنىلا ئۇستۇن كەلدى:

— ھىم، ئۇ شۇنچىۋالا كۆرەڭلىكىنى بىلەن قاراڭلار ئۇنىڭ ئانىسىغا، جەينەكتەك كۆرۈمسىز

بىرنېمىكەنغۇ؟!

— بۇ تەمبەل بۇقىدەك بىرنېمە نەدىن تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيتتى. يىغلاڭغۇ ئانىسىنىڭمۇ ئەسلا ئارتماپتۇ، — دېيىشىپ كەتتى.

بۇ گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن ئىلمىي مۇدىرلار:

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، يەنە شۇ زىبىرخاننىڭ گېپىمۇ؟ بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋەرمەڭلار، ئۇنىڭسىزمۇ مەكتەپنىڭ چاقى ئايلىنىۋېرىدۇ، — دېيىشتى.

— بولدى، ئۇنىڭغا دەرس تەقسىم قىلمىساقلا بولمىدىمۇ؟ ئۇنىۋان باھالاشتىمۇ تومشۇقىغا يەيدۇ، — دەپ قوياتتى ئىلمىي مۇدىر ئېگىزلىكىدىن دومچىيىپ قالىدىغان مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

ئانا قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپلا باغرى ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى: «قىزىم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىدۇ» دەپ ئويلىغان ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا قىزى باشلىرى تېڭىق، يۈز - كۆزلىرى كۆكەرگەن، قوللىرىمۇ تېڭىلغان ھالدا ياتاتتى.

— ۋاي بالام، نېمە بولدى ساڭا ئەمدى. قايسى قانخور سېنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈردى. نېمە قىلغان بولغىيتتىڭ بالام...

ئانا ئۇنىڭ باشلىرىنى قوينىغا ئالسا، ياشلىرى يۈزىگە ئېقىپ چۈشەتتى. بالىسى بولسا كۆيۈۋاتقان مەش ئۈستىگە دەسسەۋالغاندەك ئازابلىق چىرقىراپ ئانىسىغا ئېسىلاتتى. بۇ ئۈچ ئاجىز قەلبلەر بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق ياش تۆكەتتى، ھېقىغداپ يىغلىشىپ قۇچاقلىشاتتى، بىردەمدە ئۆي ئىچى مۇسىبەت بولغاندەك يىغىغا تولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن غەيرىلىك ھېس قىلغان ئوقۇتقۇچى - خانىملار ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى-دە، سوۋاقلىرى سويۇلۇپ كەتكەن دېرىزىدىن قاراپ بېقىشتى. تەنەپپۇس ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ كېلىشكەن ئوقۇغۇچىلار بولسا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

مەكتەپ ئىچى بەكلا جىمىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. جاڭگال قۇشلىرىمۇ، شىلدىرلاۋاتقان دەل - دەرەخلەرمۇ بېسىقىپ قېلىشقاندەك ئىدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. بۇ خانىمنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىنى، روھىنىڭمۇ ئېيتىك يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن مۇدىر بىلەن ئىلمىي مۇدىر مەكتەپنىڭ ئالىملىق يىغىنىدىن ئىككى قولىغا ئالغان قالمىنى چىڭگىپ ئەكىرىپ، تەسەللى بېرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن باشقا، ھېچكىم يوقلاپمۇ كىرمىگەنىدى، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ ساقايغان ھەم ئىگراپ جەينەكدەپ يۈرۈپ ئۆتۈلدىغان دەرسلىرىنى كونسپېك قىلىپ تۈزۈۋالغان، يەنە بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى پۈتتۈرۈپ خېلى يۇرغۇن ھېكايە - رومان ۋە كەسپىي كىتابلارنى ئوقۇۋالغانىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەمدىلىكتە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئورنىنى تولۇق ئىگىلىگەن، ئۆزگە بىلەك بولۇپ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. يەنە تېخى ئەۋەتكەن بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ مەخسۇس تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن بېسىلغانىدى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ كېسىلى تېزلا ساقىيىپ كەتكەندەك بولدى.

— بۇ ماقالىلىرىمنىمۇ ئىلان قىلدۇرالىغان بولسام، ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان ھېلىقى كىتابىمنىمۇ نەشر قىلدۇرالىغان بولسام، ئۇنىۋان باھالاشتا تېخىمۇ ئەسقاتاتتى، — دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە. بۇنداق بولماي تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ ئېيتىپ كەتكەن دەرس سائىتى، مەكتەپ ۋە يۇقىرى ئورۇنلاردىن ئېلىپ ئاشۇ كونا تاملىرىغا قاتار ئېسىپ توشقۇزۇۋەتكەن شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ، دەرىجە ئاتلاپ باھالىشىدىن يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ مۇشۇ نەرسىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئازابلىرى، ھاردۇقلىرى چىقىپ قالغاندەك بولۇپ كۆلۈپ ۋە چاپلاقلىق گۇۋاھنامىلىرىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى سىيلاشتۇرۇپ قوياتتى. بۈگۈن ئۇ خېلى روھلۇق ھالدا خىزمەتكە چىقتى. خىزمەتداشلىرى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭدىن بىرنەرسىنى يوشۇرغاندەك كۆزلىرىنى ئەپقاچاتتى. «يەنە بۇلار نېمە بولۇشقاندۇ - ھە؟ مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلىرىم بىلەن كۆرۈشەيچۇ؟ ماڭا يەنە قانداق يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىدىكىن؟» ئۇ گۈس - گۈس قەدەم ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى، ئەمما ئۇ شۇ چاغدا پۈتنىڭ شۇرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ سول كۆزىمۇ سەل ئاغرىۋاتاتتى. مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كۆزلىرىنى ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىپ تۇرغىنىدا، بۇ كۆزنىڭ قىلدام تومۇرلىرى تارتىشىپ قىزىل تومۇرلار ئېچىلىپ قالغانىدى.

— ... شۇنداقمۇ ئۇزۇن يېتىۋالغان بارمۇ؟ توپتوغرا ئىككى ئاي. بۇ مەكتەپ ئۈچۈن بىر مەۋسۇمغا يېقىنلىشىدىغان ۋاقىت تۇرسا، سىزنىڭ زادى ئىشلىگۈڭىز بارمۇ - يوق؟!، — ئۇ خانىم مۇلايىملىق بىلەن سالام قىلىپ كىرگىنىدە سوغۇق تەلەت مۇدىر چىرايىنى ئۆزگەرتمەي بېشىنى سەل لىڭشىتىپ قويۇپ شۇنداق دەۋاتاتتى، — مانا بۇ خانىمنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغىمۇ بىرئاي

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ماشىنىسى سىزنىڭ ماشىنىڭىزنى توختىتىپ بېرىدىغان گەپ.

ــ بۇ قانداق گەپ؟ مەن ئاغرىپ قېلىپ ياتسام، يەنە ھالىنىڭ قانداق دېمەكتە يوق، مېنىڭ ماشىنىمنى تۇتۇۋالماقچىما؟

ــ ئۆيىڭىزنى بېسىۋېلىش، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز تاپقان بالا. خەق بىلەن ئۇرۇشۇش دېمىسىمۇ ئۆگىنىپتۇ، يەنە كېلىپ سىز خىزمەت ئۈستىدە ــ مەكتەپتە يارىلانغانمۇ؟ جىنايىتىڭىزنى تونۇپ ئاكتىپ ئىشلىسىڭىز كېرەك ئىدى. ئەمدى ئىشلەشنى خالىمىسىڭىز يەنە ئۆيىڭىزگە كىرىپ يېتىۋېرىڭ!

نەۋرە سىڭلىسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئوقۇتقۇچىلىققا سېلىپ ئىشنى ئەپلەشتۈرۈۋالغان بۇ مۇدىر «زىبىر خانىمنىمۇ ئاسانلا قايىل قىلدىم» دەپ كۆرەڭلەپ گىدىيىپلا كەتتى. زىبىر خانىم تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى شىلتىپ بىرنەرسىلەرنى دېمەكچى بولدىيۇ، باشلىرى قېيىپ دەلدۈگۈنۈپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. چىڭقىلىپ ئاچچىقى كەلگەندە باش قىسمى جاراھىتىنىڭ سەللىمازا بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۇ تامغا يۆلىنىپ قالغانىدى.

ــ قارىمامدىغان بۇ نېمىنى؟ ئادەمنى سارائ تاپقاندەك خالىسا كېلىپ، خالىمىسا كېتىدىغان يەرمىكەن بۇ، ــ دەپ غودۇڭشۇپ قويدى مۇدىر.

ئۇ ئۆلمي مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىشنى ئويلىدىيۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتەلمىدى. تاملار، پېشىل سىرلاقلىق ئىشىك، دېرىزە، شىرەلەر، مۇدىر، قىز... چۆرگىلەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا دەسسەپ تۇرۇۋاتقان يەرمۇ لەپەڭشىپ قالغاندەك يەنە قانداقتۇر نەرسىلەر ئىلەڭگۈچ ئېسىلىپ قالغاندەك بولدى.

ــ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەپ ئىشلىتەيلى، بۇ ئىسلاھات دەۋرى، كىم ماس كەلسە شۇنى ئىشلىتىدىغان گەپ، ــ دەيتتى ئۇزۇن تۇرا ئۆلمي مۇدىر. مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ بىر جەدۋەلنى كۆرسىتىپ.

ئۇنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇش جەدۋىلىمۇ ئۆزگەردى.

زىبىر خانىم ئادەتتىكى دەرس ئۆتۈپ يۈرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار تىزىملىكى قاتارىدىنمۇ ئورۇن ئالالمىدى. كېيىنلىكتە قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇدىر خېلى ئەستايىدىل باش قاتۇرغانىدى. بىرى، ئوقۇتقۇچى ـ خانىملارنىڭ بۇنىڭغا پىكرى جىقمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ خانىمغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى

ھەم بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. «بۇغۇ ئانچە قېيىن ئەمەس، ئەمما بۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ دەۋا قىلىپ قالسىچۇ؟» ئۇ بۇنىڭغا بەكرەك باش قاتۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ مائارىپ گەزىتى، مائارىپ ئىدارىسى دېگەندەك ئورۇنلارغا، ئىلگىرى ئاپىرىپ بەرگەن سوۋغا ـ سالاملىرىغا قاراپ ئولتۇرماي، يەنە باشقىدىن سوۋغا ـ سالام ئېلىشنى ئويلىدى. كېيىن بۇ كەنتنىڭ شارائىتىنى ئەمدىلا بايقاپ يەتكەندەك سۆيۈنۈپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كەتتى. «ئۇ دەۋا قىلالمايدۇ ـ دە، دەۋا قىلسىمۇ نەگە ئاقتۇرالايدۇ؟! سورايدىغانلىرىنىڭمۇ گېلى پوق تۇرسا، يەنە كېلىپ مائارىپتىكىلەر يانتاياق بولىدۇ ـ دە، ئۇ ئېغىر سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ بىرەر دوختۇرخانا تېپىپ بارالمىغان بۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق جايىنى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ـ تە!» مۇدىرنىڭ ئەمدى كۆڭلى تىندى. گاھىدا ھۆركىرەپ قورقىتىدىغان يوغان كاناي ئېرىمۇ، بۇ ئايالنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى. مۇدىر بۇنى ئويلىغىنىدا يۈرەكلىرى جانلىنىپ ئۆزى بىرنەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتى.

بىر نەۋرە سىڭلىسىمۇ بىمالال ئىشقا چۈشۈۋەردى.

ئەمما بۇ قىز تۈزۈكرەك ئوقۇمىغان بولغاچقا، دەرس ئۆتەلمەي ئۇنى ـ بۇنى جىجىلاپ، ئۆچۈرۈپ يۈرىدىغانلا بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ پات ـ پات دەرسكە كىرمەي قېچىۋالىدىغان، كەلمەي تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئاخىرىدا بۇ سىنىپتا يەتتە ـ سەككىزلا ئوقۇغۇچى قالدى. ئەمدى بۇ قىز كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ خۇددى بىر توپ ئوغۇل دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا چاقچاق قىلىپ، ناينىقشىپ ئىرماش ـ چىرماش جىجىپ قويغان دەپتەر، كىتابلىرىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ خىيالەن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ قوياتتى. گاھىدا يەنە ئاللىنېمىلەرنى دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

زىبىر خانىم ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولغاندىنمۇ بەكرەك ئازاب ئىچىدە قالدى. چۈنكى ئۇ بىردىنبىر كۆڭلى سۆيۈنىدىغان، ئۆز ئەجرىنى شۇلاردىن ئىزدەيدىغان، كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان ئەڭ يېقىن ئادىمى ـ سەبىي قەلبلەردىن ئايرىلغانىدى. ئۇ ئاشۇ ئاپئاق قەغەزگە ئوخشاش تاشلىنىپ قالغان قەلبلەرگە كۆڭلىدىكى ئارمانلىرىنى، غايىلىرىنى يازالايتتى. كۆڭلىدىكىنى پىچىرلاپ، قەلب سىرلىرىنى تۆكەلەيتتى. ئېرىدىن، ئانىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى ئاشۇ قىزىدىن

ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئاشۇلاردىن ئېرىشەلەيتى. ئاشۇ مۇنبەت قەلب ئېتىزلىرىغا رەڭدار گۈللەرنى تىكەلەيتتى، ئەڭ ئېسىل ئۈرۈقلاردىن ئىبرىپ چوڭتۇر يىلتىز تارتقۇزالايتتى، ئاشۇ ئۇرۇقلاردىن مەڭگۈلۈك قۇرىماس مېۋىلەرنى ئالالايتتى. ئۆزى كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى ئاشۇ قەلبتىن كۆرەلەيتتى، ئاشۇ قەلبلەر ئارقىلىق كەلگۈسىنى تاپالايتتى. بۇ ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېرىدىن ئايرىلىشتىنمۇ بەكرەك ئېغىر كەلدى. خۇددى ئۆزىنى ئۇششۇك تەگكەن مايسىغا ئوخشاش سېزىدىغان، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ھالىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

«بىر ئوقۇتقۇچى ئۇچۇن سەبىي قەلبلەردىن مەھرۇم قىلىنىشتىن ئارتۇق ئازابلىق ئىش بولامدىغاندۇ؟ ئۇلار نېمە دەپ مېنى ئوقۇتۇشتىن ئايرىۋېتىدىغاندۇ؟ نېمە دەپ بۇ سەبىي قەلبلەرنى ھەسرەت ۋە نادانلىقتا قالدۇرىدىغاندۇ؟ نېمە دەپ بۇ ياش نوتىلارنى نابۇت قىلماقچى بولۇشىدىغاندۇ؟». ئۇ ئىچىگە يىغا تولۇپ سىغدۇرالماي يىغلىۋەتتى. ئاندىن ياشلىق كۆزلىرىنى مەكتەپكە تىكىپ ئۇزاق قادىلىپ تۇردى. پاپىلاردەك پاكار مۇدىر، دوزاق شوتىسىدەك ئېگىز ئىلمىي مۇدىر ۋە بۇ مۇدىرنى ئارىغا ئېلىپ ئاللىنېمىلەرنى دېيىشىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچى - خانىملار توپى كۆرۈندى. ئۇ خىزمەتداشلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىدىكىنى تۆكۈپ يىغلىۋالغۇسى كەلدى، ئەمما ئۇلار ھېچبىر ئاڭلىمايدىغاندەك ئەمەس. يۈگۈرۈپ چىقىپ پاكار مۇدىرنى كىچىك باللارنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ دەسسەپ ئاچچىقىنى چىقارغۇسى، ئېگىز ئىلمىي مۇدىرنىڭ ياقىلىرىغا قوللىرىنى سوزۇپ تولاپ - تولاپ ئېسىلغۇسى، نەپەسمۇ ئالدۇرماي گۆپپىدە يىقتقۇسى كەلدى. ئۇنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش كۈچلۈك تۈگۈلۈپ كەتكەن مۇشتلىرى، ئىختىيارسىز ئارقا - ئارقىدىن تامغا ئۇرۇلدى. ئۇ يەنە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، «مەن يەنە كىمنى ئۇرالايتتىم، مەن بىر يالغۇز ئادەمغۇ؟ ئۆزۈم بىر «قاشقىلىق بۆرە»، ئۇلار مېنىڭ شۇ بەلگەمنى كۆرۈۋېلىپلا تونۇۋېلىشىدۇ. ئۇرۇپ قوغلاپ يىقتماقچى بولۇشىدۇ. ھەي، مەن ئەسلى تۇغۇلۇشىنلا شور پېشانە تۇغۇلغان ئوخشايمەن... ئالدىغا دېۋەيلەپ بارسام مۇدىر دېگەن بىر نېمىلەر يەنە جىنايەت ئارتىشىدۇ، يوق بەردىن تۆھمەت ئۇيدۇرىدۇ». ئۇ ئۇلار ئارىسىغا كىرىشنى نەپسىز كۆرۈپ كۆزىگە غىللىدە ياش ئېلىپ ئىرىنى چىشلەپ قالدى. «شۇ رەھمىتۇللا بولغان بولسىمۇ باقىسىدىن سىقىپ ئەدىپىنى بېرەتتى. كۆزىگە قولىنى تىقىپ ئەدىپىنى بەرگەچكە، شۇڭا ئۇچ بولۇپ كەتسى بولغاي ماڭا»، بىرچاقىدا ئۇيىلك ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى:

— ھەرقانداق قانچىلىك بىر نەرسىلەر، يۈكسەك بىر بەرگە كىرىۋېلىپ، جاھان مۇشۇمكىن دېيىشەمسەن؟ ئۆزۈڭنى جاندەك جاغلىشىپ نىمىشقا ئاپئاپىسى بورەك قىلىشىسەن؟!...

— يەنە قېشىڭغا كىردىم، كېيىنكى قېتىمدا ئۇنى بىر نىمە دېيىشكەنتىك، ئۇن بەجەجە قېتىم بولدى، كىچىك بالىنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق ئىمزگە سالغاندەك كۆللىپ كېلىۋاتىلى، مۇشۇ يېرى كەڭ بىر يېزىدىمۇ كىچىك ئۆيلەردە بوغۇلۇپ ئولتۇرساق «خەتەرلىك ئۆيىنى ئوڭشايمىز» دېيىشىسەن، ئۆزلىرىڭنىڭكىنى ئوڭشاشتىك -زەي تارتمايدىغان قىلىپ خىشتىن ئۆي سېلىشتىك، ئاستى سېمونت تېخى، بىزچۇ؟ ئاتام زاماندىن قالغان كونا تامدا!...

— قېنى، قايسىڭنىڭ ئۆيى مېنىڭكىدەك كونا. ھەممەڭنىڭ ئۆيى يېڭى، ئازادە ئۆي. بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئوقۇماي تۇرۇپ ئورۇنلاشقانلارچىلىك بولالمىساق...

— ھە، بىز قاشقىلىق بۆرە بولۇپ قاپتىمىز. مەخسۇس ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا سىغماپتىمىز - دە!...

بۇ يۈرىكىنى تىترىتىپ تۇرىدىغان ئاۋازلار بىرلا ۋاقىتتا ئېيتىلمىسىمۇ، بىرخىل ئاۋاز ئىدى. بىرلا ۋاقىتتا بولمىغان نارازىلىق بولمىسىمۇ، بىرلا قەلبتىن چىقىۋاتقان نارازىلىق. ئېرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ پىغانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان نارازىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى رەخمىتۇللا بىلىملىك زىيالىي بولغىنى بىلەن چۈس مىجەزلىك، قورقمايدىغان، گېپى كەلسە دادىسىغىمۇ يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان، دېھقاندەكلا قايناۋېرىپ قورساق كۆپكىنى چىقىرىۋالىدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقان بۇ مەكتەپنى يىراقتا قالدۇرۇلۇپ، ئۆزى نارازى بولۇپ مىكىر يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلار بىلەن شەھەرگە يېقىنراق بىر باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ كېلەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە يىل ئارا شۇقەدەر يىراق بولسىمۇ، ئاچ ۋە كېچىگە قېلىشقا قارىماي، ھېرىپ ھالدىن كەتكەندە ئاران بۇ كونا كەپىسگە كېلىپ كېتىپ يۈردى. بەختسىزلىك خانىمغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋەردى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىدىنمۇ ئايرىۋېتىلدى. ئائىلىنىڭ زەربىسى يۈرىكىنى چېقىپ كەتتى. ئۇنى تۇرمۇش ھاۋاپىجىسى ئېزىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تالقاندەك بەربات قىلدى.

خانىمنى بارغانچە ئىچكى ئازابلار قىيناپ، سىرتىغا جىسرايىغا ئېپىپ چىقىپ رەڭگى - رۇخسارىنى ئۇششۇك

تەگكەن گۈلگە ئوخشىشىپ قويدى. ئالتە - يەتتە يىللىق ئۇقۇتۇش ھاياتى كۆكۈللۈك بولسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئازابلارغا، كېسەللەرگە دۇچار قىلىپ، مىختا ئولتۇرۇۋاتقاندەك تىت - تىتلىق، پەرىشانلىق ئىچىدە ئېزىلىپ ھالىدىن كەتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاچچىقى كەلگەنچە، ئۆزىگە - ئۆزى رەللە بولىدىغان، ئۆتى ئېچىشىپ يۈرەكلىرى تىتىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر بىر ئازابلىق ئىشلار بېشىغا كەلگىنىدە، ئاشۇ كېسەللىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماق بولاتتىيۇ، يەنە شۇ ئازاب ئىچىگە كىرىپ قالاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىغان، چوڭ بولۇپ قالغان توخۇلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ نامىدا چاقىرىپ كېلىپ دەرد تۆكىدىغان بولۇپ قالدى. «كۇرت، كۇرت» قىلىپ قويىدىغان بۇ توخۇلارمۇ ئۇنىڭ دە تالاشلىرىدىن زېرىككەندەك كۆرۈنەتتى.

«ھەي، ئوقۇغۇچىلىرىم، ئەمدى سىلەر خېلىلا چوڭ بولۇپ قاپسىلەر، ھالىڭلارغا ئەمدى كىممۇ يېتەر؟ قېنى گۈلنىسا، رابىيە؟ كۆڭلۈڭدىكىنى چىقىرىشالماي تۇرۇشىسەنغۇ؟ ئەي زۆھرە، ماڭا ئېچىن، ئەمما مېنىڭدەك بولۇپ قېلىشما!...» دەپ قوياتتى. ئۇ قېرىمىدىكى سەيلىككە كىرىپ ئۈنى - بۈنى چاناپ باقتى. تەرلەپ-پىشىپ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەرلەر ئاقسىمۇ، كۆڭلىدىكى ئاچچىق غەشلىك ئازابلار ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە سۆڭەكلىرىگىچە تارىلىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ نەرسىلەرمۇ ئازابلىرىنى باسالمىدى.

ئۇ يەنە ئۆزى دەرس ئۆتىدىغان سىنىپىنىڭ ئارقا دېرىزىسى تۈۋىگە ئاۋايلاپ باردى. قۇرۇپ قالغان شاخ-شۇمبىلار، باغدىن چۈشكەن غازاڭلار ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا شىلدىرلايتتى. سىنىپ قۇپقۇرۇق، ھېچكىم يوقتەك ئىدى. «خانىم» بولسا دەرس مۇنبىرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ مۇنبەردە كېچىدىكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنى شېرىن چۈشەۋاتاتتى، ئويقۇسىمۇ قانمىغانىدى. ئوقۇغۇچىلار بولسا «خانىم»غا قاراپ، خۇددى ئۇنى دورىغاندەك پارتىلىرى ئۈستىگە باشلىرىنى قويۇشۇپ ئۇخلىۋېلىشقانىدى، ئەمما ئۇلارمۇ ئاز، ئۇ يەر - بۇ يەردە تۆت - بەشىلا قالغانىدى.

ئۇنىڭ قارىغانچە ئىچى سىيرىلىپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىلىرى كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ جاراڭلىق سۆزلەۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، «خانىم، خانىم! ياخشىمۇ سىز؟ خەيرخوش خانىم!» دېگەندەك ئاۋازلاردا تووۇلىشىپ، قوللىرىنى پۇلاڭشىتىۋاتقاندەك، يەنە دەستە - دەستە گۈللەرنى ئەكىلىپ، بىر - بىرىگە ئارتىلىپ، قىستىلىپ بۇرۇپ، ئاشۇ دېرىزىدىن ئۆزىگە بەس - بەستە سۇنۇپ بېرىۋاتقان، ئەمما بۇ قوللار سوزۇلۇپ ئۆزىگە زادىلا يەتمەيۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇ يەنە «زۆھرە، گۈلنىسا، زىمىدەم، ئالماس...» دېگەندەك ئىسىملارنى تەكرارلاپ قويدى، ئەمما بۇ ئوقۇغۇچىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئېرۋىلىرىمۇ سۇسلىشىپ، پۇت - قوللىرى بوشاشقانىدى. ئۇ ئاخىرى بىر قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن تامغا تايىنىپ دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، ئۆيى تەرەپكە قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

ئوقۇغۇچىلار يەنە دەرستىن چۈشۈشتى. جىرىڭلاپ چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇلار چۇرقىرىشىپ، گۇررىدە سىرتقا يۇگۇرۇشتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى بۇنچىۋالا تولپاشقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ خېلى سۆيۈندى. ئۇ شۇ جايدا ئۇزاق تۇرۇۋالغۇسى كەلدى. ئۇ ئېرىقنىڭ بۇ قېتىغا يۆلىنىپ يانپاشلاپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. مەكتەپ دەرۋازىسىمۇ بەكلا كونىرىغان، ياغاچلىرى چىرىپ، شال تاختايلىرى كەپسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇرۇشىدىنمىكىن ياكى پات-پات ھاراق ئىچىشىپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ كېلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزىغان مۇشتى تەگكەنمىكىن، سۇنۇپ كەتكەن، ساڭگىلاپ قالغان ئاشۇ يوغان تۆشۈكلەردىن كەپسىز باللار ئويۇن قىلىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سىغدىلىشىپ «ھۇررا» تووۇلىشىپ ئۆتۈشەتتى.

ئۇ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ تۇردى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئۇيۇلۇپ، ئېرىق ئىچىگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئېرىق سۇسىز، قۇملىرى قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن، بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئېنىقلا كۆرۈنىدىغان بۇ دائىرىدە تۇرغان خانىمنى تونۇۋالدى - دە:

- خانىم! خانىم! - دېيىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن كېلىشىپ قوللىرىدىن تارتىشتى. بوي تارتقان كەپسىز ئوقۇغۇچىلارمۇ كەپسىزلىكىنى بىراقلا ئۇنتۇپ، گۇررىدە ئولاشتى. زىبىر خانىم يەنە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قالدى. ئۇلار خانىمنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغاندەك بىلۈلمەيكتە، ئۇلار ئانىسىنىڭ قولىغا ئېسىلغاندەك ئېسىلماقتا، ئۇلار خۇددى دەرس مۇنبىرىدە بۇ خانىمنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن تۇرماقتا. ئۇلار خۇددى ئاجىزەلەرگە مەدەت تىلەۋاتقان كىچىك ئەۋلىيالاردەك خانىمغا مەدەت تىلىمەكتە. ئەنە ئۇلار تووۇلاشماقتا، خانىمنى قانداقتۇر بىر ئېيتقۇسىز سۆزلەر

بىلەن مەدھىيىلەشمەكتە.

ئۇ ئەتراپتىكى يېقىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆيىدە ياتاتتى. ئۇنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنى قاتارىدا يېتىلەپ كېلىشكەن، ئاتا - ئانىلارمۇ بۇ خانىمغا پەرزەنتلىرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قاراپ ئېچىناتتى. غۇدۇڭشۇپ بىر كىملەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تىللايتتى.

خانىم ئاخىرى يەنە شۇ غېرىبانە كەيپىنى ئەسلەپ قالدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئېرى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىرنەچچە كۈن ئۆيىگە كىرەلمەي سىرتتا تۇرۇپ قالغاندەك، ئۆزى ئەتەي مۇشۇ يەرگە كىرىۋالغاندەك بولۇپ قالدى - دە، ئاخىرى يەنە ئۆزىنىڭ غېرىبخانىسىغا قاراپ ماڭدى. يەنە بۇ غېرىبخانىدا ئۆزى جىممىدە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى، شىرتىلدىتىپ يازىدىغان كونسپېكتلىرى، پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان يېڭى تېمىلىرى بار ئىدى! ئۇ ھويلىسىغا كەلدى، سىنچىلاپ قارىدى. باشقا كىشلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى كۆرگەندەك قىلدى، يەنە قارىدى. ئەمما كۆزلىرى ئاغرىپ يەنە ئاڭقىرالمىدى. ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە، بۇلۇڭ، تام تۈۋلىرىگىچە قارىدى، ئەمما ھېچكىم يوق. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ سۇس قاراڭغۇچىلىق چىقىپ تۇرىدىغان - يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق قوشۇلۇپ كەتكەن ئەبجەشخانىدا كاڭ ئۈستىگە يېيىپ قويۇلغان كىتاب، قولىيازما، دەرسلىك خاتىرىسى، ژۇرنال، گېزىتتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئاشۇ بىردۆۋە «قەغەزلەر» نى قۇچىقىغا تولدۇرۇپ ئالغۇسى، يەنە «ۋاڭگىدە» يىغلىۋەتكۈسى كەلدى. ئەمما بەك كۆيۈنگىنىدە ئۆت، يۈرەكلىرىنىڭ ئاغرىپ كېتىدىغانلىقى ئېسىگە كەلدى - دە، لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ: «ھەي شۇم تەقدىر، ئاخىرى بىزنى ئايرىۋەتتىڭ. مۇشۇ ئىپلاس يوندىپۇرۇشلار ئوبدانراق ئۆي بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتىۋارىنى قىلغان بولسىمۇ قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتمەسمىدىكىن؟» دېيەلىدى - دە، قاتتىق چىشلىگەن لەۋلىرىنىڭ قاناپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئەمدى يۈرەكلىرىمۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن قانلىرىنى سۈرتۈپ: «نەپسى بالا توپىغۇرلار، مەن ھەرقايسىڭنى تىقىپ تويغۇزمايدىغان بولسام» دەۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى - توخۇلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. قولىغا پىچاق ئالدى، چىقىپ توخۇلىرىغا قارىدى. ئەمما توخۇلىرى تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كېتىشكەنىدى. ئۇ توخۇلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامى بىلەن چاقىردى. توخۇلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. «كۇرۇت - كۇرۇت، كاك - كاك»، «نېمە تەلەپلىرىڭىز بار؟ بىز تەييار!» دېگەندەك قارىشىپ تۇراتتى توخۇلار. «ھەي، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىلىرىم، مېنىڭ سۆيۈملۈك باللىرىم... مەن سىلەرنى نەدىن ئىزلەپ تاپىمەن؟» ئۇ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. چۈنكى بىر نەرسە، ئاشۇ پاكار مۇدىر بىلەن شىپادا پىچاق ئېلىپ مۇدىر خۇددى ئىككى ئەزرائىلدەك ئاغزىنى ئېچىپ: «بىزگە بېرىدىغىنىڭنى بەر، بولمىسا قوغلاپ چىقىرىمىز، بېرىدىغىنىڭنى تولۇق بېرەلىسەڭلا ئىشلەيسەن، دەرسمۇ ئۆتەلەيسەن!» دېگەندەك قىلاتتى. ئۇ مۇدىرلىرىنى چاقىرىپ مېھمان قىلماقچى بولدى. ئەمما نېمە دەپ مېھمان قىلىش كېرەك؟ ئاشۇ پىچىقىنى تەگلەيمۇ؟ ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆزىنىڭ ئۇلارنى قانغىچە سىلىۋالغۇسى، باشلىرىنى تۇتۇپ پۇرىۋالغۇسى كەلدى. ئېغىزلىرى مىدىرلاپ، دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ جاكىلداپ سۆزلىۋالغۇسى كەلدى. دەرس سۆزلەش، ئوقۇغۇچىلىرىنى سىنىپىدا، دەرس ئاڭلاۋاتقان ھالدا كۆرۈش خۇمارى تۇتۇپ كەتتى.

ئۇ توخۇلىرىنى قۇچاقلاپ ئەپچىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ: «ئالدىغىنىڭنى ئالە، يەيدىغىنىڭنى يە» دېگۈسى كەلدى. توخۇلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ قارىدى. توخۇلىرىمۇ ئىگىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك، بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇشۇپ بىرنەرسە تىڭشاپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن بىر توخۇسىنى قۇچاقلاپ ئالدى - دە، مۇدىر ئىشخانىسىغا قاراپ يۈگۈردى. توخۇنىڭ كاككىرىغان ئاۋازى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ كېتەتتى.

مۇدىر بۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. «ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، توخۇسىنى كۆتۈرۈپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. چۈنكى بۇنداق بىرلا توخۇ بىلەن قىلغىلى بولىدىغان «خۇشامەتچىلىك» نى ئۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۆزىگە سوۋغا - سالام ئەكىرىپ خۇشامەت تونىنى كىيگۈزىدىغانلار خېلى كۆپ، سوۋغا - سالاملارمۇ، تىرناقتا توختىغۇدەك نەرسىلەر ئىدى. ئۇ مۇشۇ سوۋغا - سالاملار ئارقىلىقمۇ يۇقىرىدىكىلەرنى خۇشال قىلىشقا ئېرىشەتتى.

ئۇنىڭ قولىدا پىچاق ھەم توخۇ. پىچاقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن مۇدىر:

- قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم بارمۇ؟ - دەپ تووۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان دائىم مۇدىرنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغان ئىككى ئوقۇتقۇچى يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ:

- ھە، نېمە بولدى مۇدىر؟ مۇدىر سىز قەيەردە؟ - دەپ ئالمان - تالمان ئىشخانا ئىچىگە كىرىشتى. مۇدىر شىرە ئاستىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ ھەدەپ توخۇ قۇچاقلاپ كۆتىرىۋالغان زىبىر خانىمنى ئىما قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش، قوللىرى بولسا دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن پىچاقمۇ، توخۇمۇ يەرگە چۈشتى. توخۇ ھەدەپ قىقىلاپتى. بۇ ئىككى ئوقۇتقۇچى

www.uyghurkitap.com

زىسىر خانىمنى غوللىرىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىشكە ئۈلگۈرمەيلا باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— تۆۋبە، تۆۋى! ھۇ تونىمىغۇرلار! مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن سەن ئەبلەخ. مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ ساڭا خۇشامەتچىلىك قىلىسدىم شۇ، ئاتىرىڭنى مايلاپ زىنىڭنى توشقارمىدىم شۇ!...

خانىم ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ، خانىم - قىزلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ كېلىپ ئىشنىڭ تېگىنى بىلەلمەي ئاغزىنى ئېچىشىپلا تۇرۇشاتتى...

ئىككىنچى كۈنى مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئىشخانىسى ئۆلۈك توخۇ بىلەن قان پۇراپ تۇراتتى. ئۇ دەردىگە چىدىماي ئۆز پەرزەنتلىرىدەك پەرۋىشلەپ كۆيۈنۈپ باققان بۇ جانىۋارنى مۇدىرنىڭ نەپسى بالاسى ئۈچۈن قۇربان قىلغانىدى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن مەقسىتىگە يەتمەكچى، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىپ تۇرغان نەپسىنى توشقازماقچى بولسىمۇ، ئەكسىچە مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇ ئىش پۈتۈن مەكتەپكە پۇر كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ دەرس مۇنبىرىگە چىقىش تىلىكىمۇ، ئۇنىۋان ئېلىش ئارزۇسىمۇ بەربات بولدى. ئۇ يىغلايتتى، كۈلەتتى. بۇ توخۇ ئۇنىڭ چىن ئەجرىسى، يۈرەك پارىسى بولۇپ قالغان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاتالغانىدى. ئۇ نەپسى بالا ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلىرىنى قۇربان قىلدىمۇ؟ ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ يىغلاپ ئەتىدىن - كەچكىچە ياشلىرى قۇرۇمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىدىغان، ئاشۇ جىممىدە كۆزىنى ئېچىپ بويۇن سوزۇشۇپ تۇرىدىغان توخۇلىرىمۇ، غۇبارسىز تەلپۈنۈۋاتقان قەلبىنى بىلىم تەشنالىقىغا قاندۇرالماي غايىب بولغان سەبىيلەرمۇ، ئاشۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ - تىكىپ يوقالدى، ئاخىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېچنېمە قالمىدى، تەلپۈنىدىغان نەرسىسىمۇ تۈگىدى.

ئەمدى ئۇ تارتىشىدىغان بىرەر نەرسىسى بۇ جايدا قالمىغاچقا ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. گاھىدا ئۆزىمۇ نېرۋىلىرىدىن ئادىشىپ قالغاندەك بولاتتى ۋە: «مەن يۇقىرىغا دەۋا قىلىمەن، ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن!» دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇنداق سۆزلىگەن چاغلىرىدا، ئۆتى ئاغرىپ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ يېتىپ قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. بۇنداق چاغدا ھېلىقى ئۆيىدە ئۆز ئوغلى قاتارىدا بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان سەمەت بىلەن قىزىغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىسى مەگىنسا پات - پات پەيدا بولۇپ قالاتتى - دە، ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ باش - كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ھوشىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئىككى ئوقۇغۇچىسىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەك ئاغرىقىمۇ قويۇپ بەرگەندەك، ئۆتىمۇ ئەمدى قوزغالمايدىغاندەك بولاتتى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم مۇدىر ئىشخانىسى ئالدىغا باردى، ئەمما كىرەلمىدى.

— مەن ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن! يۇقىرىغىچە دەۋا قىلىمەن! سەن مېنىڭ يەنە مائاشىمنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، ئورنۇمغا سىڭلىڭنى تىقتىڭ. داۋالانغان ئېپىمغىمۇ جەرىمانە دەپ تۇتۇۋالدىڭ، — دەپ قايناپ قوياتتى. بۇنداق چېچىلىپ قايناپ قويۇشلار كۆپ تەكرارلانغاچقىمۇ، مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرغا تەسىر قىلماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار:

— نېمە قىلساڭ قىلىۋەر، سېنىڭ بىلەن چاتىقىمىز نېمە؟ — دېيىشسە، يەنە بىر قېتىم كەلگىنىدە، — ئەمدى سەن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن، ساراڭ ئادەم ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ، — دەپ قويۇپ يەنە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇشاتتى.

ئۇ بۈگۈن خېلى ئېغىر يېتىپ قالدى. «مۇشۇ جايدا گېپىمنى ئاڭلىتالماي كېتىپ قالارمەنمۇ؟ مېنىڭ گېپىمنى تىڭشايدىغانلار يوقمىدۇ؟ يۇقىرىغا بارسامغۇ ھەقىقەتنىڭ كۈچىنى كۆرەرمەن» دېيىش بىلەن ئۆزىگە مەدەت بەرسىمۇ، سىرتقى بېسىم، ئىچكى ئازابلار، ئوقۇغۇچىلىرى، توخۇسى ۋە ئېرىدىن ئايرىلىشتەك جۇدالىق ئوتلىرى ئۇنى ئۆرتەپ ئاچچىق كۆيدۈرەتتى. ئۇ بۈگۈن چىداپ يەنە يۈرىكىنى قايتا - قايتا سىلاپ مۇجۇپ قويدى - دە، يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى.

— نېمە بىلەن بارىسىز خانىم؟ بىزنىمۇ بىرگە ئالغاچ كېتىڭ، بىزمۇ بارىمىز. بىزمۇ سىز بىلەن تەڭ دېيىشىپ بېرىمىز، — دەيتتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان سەمەت بىلەن مەگىنسا. ئۇلارمۇ خېلىلا بوي تارتىپ قېلىشقان، ئاۋازلىرىمۇ چوڭجە خورازدەك چىقىدىغان بولۇشقانىدى. يول ماڭسىمۇ ھېرىپ قالمايتتى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ خانىمى ھېرىپ قالاتتى. ئۇلار خۇددى قولتۇق تايىقى بولغاندەك خانىمنى ھېرىپ قالغاندا يۆلەشتۈرۈپ، نەچچە يەردە ئولتۇرۇپ قوپۇپ يېزىغا ئازلا قالدى. خانىم «قول قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ، دېگەن راست ئىكەن - دە. مەن ئۇلارنى يۆلەشتۈرۈپ مەكتەپكە ئەكەلگەن، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئەمدى ئۇلار قايتۇرۇشقا باشلىدى» دەيتتى كۆڭلىدە.

— ئوتىلىرىم، غۇنچىلىرىم، ئەنە بىز دەرد ئېيتىدىغان جاي، ئەنە ئاۋۇ بىزنىڭ كۆرۈلگەن يېزا بازىرىمىز، — دەيتتى خانىم ئۇلارغا.

— بىز ھەممىنى دەيمىز، سىزنى بوزەك قىلغانلىقىنى... ھېرىپ قالدىڭىز، دەيدىغان ئادەمنى بىزگە تېپىپ بېرىڭ، — دېيىشتى ئۇلار خانىمغا قارىشىپ.

ئۇلار يېزىغىمۇ كىرىشتى، دەردىنىمۇ ئېيتىشتى. ۋىجىرلاپ سۆزلىشىش، ياش تۆكۈشلەر تەسەللىي بىلەن جاۋابسىز قالدۇرۇلدى. ئۇلار خۇددى بىر ئۆيلۈك ئانا -

باللادىك، مائارىپ گەنزىسىدىن دەردىنى ئېيتىشقا بۇ تۇشۇپ سوغۇرۇلۇپ چىقىشتى - دە، ئۇھ تارتىپ مائارىپقا مەسئۇل بىزا باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىشتى. ئۇنىڭ گېپىمۇ دانە - دانە، ئوخشمايدىغان تەلەپپۇزدا ئېيتىلىشىمۇ، ئالغرفى ھېسابىتا تەسەللى بېكىتىدە تۇرۇپ قالدى. ئارقىغا قايتىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ يەنە شۇ مەكتەپكە بېرىپ يىغلاش، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ، يېلىنىپ يالۋۇرۇش كېرەكمۇ؟ زىبىر خانىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۇمران قەلبىنى جاراھەتلەندۇرۇپ، ئاچچىق - چۇچۇكنىڭ تەمىنى بىلمەيدىغان يۈرىكىنى ئېزىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— ھامان گېپىمىزنى ئاڭلىتۇرىمىز، ئىگىسى بار جاھان بۇ. بۇ يەرنى ناھىيە سورايدۇ. مائارىپ ئىدارىسىگە بارايلى، سىلەر قايتىڭلار بالىلىرىم. مەن مەھەللىگە كېتىدىغان بىرەر ھارۋا تېپىپ يولغا سېلىپ قويايلى، — دەيتتى. ئەمما ئۇلار ئەگىشىپ زادىلا ئايرىلمايتتى، بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتى، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك چاپلىشاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ يولدا قورقۇشى ئەمەس، بەلكى خانىمغا تېخىمۇ ئىچ ئاغرىتىشى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك يۆلەك بولۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئۆيلىنىپ قالدى، مائارىپ گەنزىسىدىن: «بىز ئۇلارنى تەكشۈرگىلى ئادەم ئەۋەتتۇق، قايتساڭلار بولىدۇ. ھەممە ئىشنى ھەل قىلىپ قويىمىز» دېگەن ئاۋازلىرىنى قايتا ئاڭلىدى. ئۇ كەتمەكچى بولدى، ئىككى ئوقۇغۇچىسىنى ئويلاپ قالدى، ئاخىرى مەكتىپىگە قايتتى. بۇ قېتىم تەلىيى خېلى ئوڭدىن كەلگەنىدى، بىر دېھقان قايتىشىدا ئۇلارنى مەھەللىسىگە يېقىن بارغۇچە ھارۋىسىغا سېلىۋالدى. ئۇ ئۆيىگىمۇ كىرمەستىن ئۈمىدلىنىپ، خېلى تېتىلگەن ھالدا مۇدىر ئىشخانىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى. ھاڭ - تاڭ قالغان مۇدىر نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىشكىنىڭ جالاق - جۇلۇق ئېچىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ، يەنە زىبىر خانىمنى كۆرگەنچە تاتىرىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ قولىدا بۇ قېتىم يا پىچاق، ياتوخۇ يوق ئىدى. خانىم ئۇياق - بۇياققا، خۇددى يېڭى بىر ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك قارايتتى. ئەمما ھېچكىم يوق، مۇشۇ مۇدىردىن باشقا «تەكشۈرۈپ ھەممە ئىشنى ھەل قىلىپ قويىدىغان كىشىلەر» تېخىمۇ يوق ئىدى. كەيپى سەل پەسكويغا چۈشكەن مۇدىر زىبىر خانىمنىڭ خۇنۇكلەشكەن، بىر بەرسىنى ئاختۇرۇۋاتقان ھەسرەتلىك كۆزىگە قاراپ:

— نېمىگە قارايسەن؟ نېمە دەپ بۇيەرگە ئۇسسۇپ كىرىسەن؟ ئەمدى بۇ يەردە نېمەڭ قالدى؟ ئۆلۈك توخاڭنىمۇ ئەچىقىپ ئېتىۋەتكىلى نەۋاق، — دەيتتى ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ. ئۇ جاۋابىمۇ قايتۇرماستىن ئۇن چىقماي ئارقىغا قايتتى. ئۇنىڭ غىل - پال كېلىپ قالغان ئۈمىدىنىڭ ئۈستىنى ئېغىر ھەسرەت بېسىۋالغانىدى. ئۇ ھېچبىر ئۈن چىقارماستىن: «قېنى ئۇلار؟ مېنىڭ دەردىمنى تىڭشايدىغانلار قېنى؟» دەيتتى ئارانلا. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىككى ئوقۇغۇچىسى ھەيرانلىق ئىچىدە گاھ مۇدىرغا، گاھ خانىمغا قاراپ، ئاندىن خانىمغا ئوخشاش جىمىدە بولۇپ قېلىشتى.

تەبىئەت ئاسمىنى غەرەپلەنگەندەك ئاچچىق يەشتىرىنى زېمىنغا سانجىيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەردىن بىرخىل ناللىك ئاۋاز چىقاتتى. بۇ ئاۋازلار يەنە شۇرغانلارغا قوشۇلۇپ، يىراق - يىراق جايلاردىكى ناللىك ئاۋازلارنى تېخىمۇ ناللىك قىلىپ ئاڭلىتاتتى. يول بويىدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر، ماشىنىلار خۇددى بىر يوغان قار دۆۋىسىدىن ئۆتەلمىگەندەك تۇرۇپ قېلىشقانىدى. قېلىن قار قاپلىغان كوچىدىكى كىشىلەر بىر - بىرلەپ بۇ جايغا توپلىنىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ توپى ئارىسىدا ئىككى بالا كۆرۈنمەي قالدى. ئۇلارنىڭ:

— ئانا! دادا! — دەپ يىغلاشلىرى يەنە، — خانىم، خانىم!— دەپ توۋلاشلىرى ئاشۇ شۇرغانلارغا قوشۇلۇپ زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتتى. ئۇلار بىر قار دۆۋىسىنى تاتىلايتتى، ئاچاتتى. ئۇلارنىڭ خانىمى ئاشۇ قار ئاستىدا جىمىدە ياتاتتى. ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ شۇ تاپتا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى. ئۇلارنىڭ يىغلاشلىرىنى، ئەتراپتىكى كىشىلەر ۋە ماشىنىلارنىڭ جىمىدە سۈكۈت ئىچىدە تۇرغانلىقىنى تېخىمۇ كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرى مەھكەم گىرەلەشكەن، يۈزلىرى، لەۋلىرىمۇ، ئاشۇ كۆزىدە توختاپ قالغان كۆككە ئوخشاش كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۈستى - ئۈستىلەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىن ئاپئاق بىر تون يايىدى. باللار شۇنداقتىمۇ ئاشۇ تون ئىچىدىن سۆيۈملۈك خانىمنىڭ ئىلگىرىكى تەبەسسۇملىرى، ھەر بىر سۆزلىرى، ھەر بىر كۆز ئۇيىنىتىشلىرىنى تاپماقچى بولۇشقاندەك يەنىلا قوللىرىنىڭ ئۇششۇپ كېتىشىگە قارىماي ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئاچاتتى. پۈدەپ ئاغزى بىلەن هوردايتتى.

— خانىم، خانىم! زىبىر خانىم! بىز يېنىڭىزدا!... — دەپ چاقىرىشاتتى.

ئۇنىڭ ئاقماس دەۋالىرى يۈرىكىنى ئەزدىمۇ ياكى قاتمۇ قات ئازاب ئاخىر ئۇنىڭ يۈرەك - ئوت كېسەللىرىنى قوزغاپ جېنىنى ئالدىمۇ، بۇنى بىر خۇدادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى.

1998 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

ئەگرىتاغ

# 21-ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى!



(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئۇيۇشتۇرغۇچى: **پولات ھېۋزۇللا**

ئاپتورلار: **پولات ھېۋزۇللا، ئابلەت ئابدۇرىشىت بەرقى، ۋەلى كېرىم**

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىشىپ، 21 ـ ئەسىر بوسۇغىسىنىڭ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇشى بىز ئۈچۈن يەنە بىر يېڭى بەلگە، يېڭى ئاگاھلاندۇرۇش. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ تۈپ مەنىسى تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر يېڭى دەۋرى يېتىپ كەلگەنلىكىدە، دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى رەت ـ تەرتىپ ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن شەكىللەنگەنلىكىدە. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتا بىر دۆلەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ بەلگىسى ھەربىي كۈچ ئىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي دۇنيادىكى ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن دۆلەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن؟! چۈنكى ئىقتىسادىي ئامىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى بىر ھەل قىلغۇچ ئېلېمېنتلىق رولىنى ئوينىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى كۈچ ئۈستۈنلۈكى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئۆلچىنىلىدىغان دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق ئۆلچىنىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇق مېخانىزمىنىڭ دۇنياۋىلىشىشى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تىنچلىققا بولغان ئېھتىياجنى تەخىرسىز تەلەپكە ئايلاندۇردى، بۇ ھەرقايسى مەملىكەت ئەللىرىگە نىسبەتەن ئىقتىسادىي گۈللىنىش جەھەتتىكى كەسكىن رىقابەتنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى كۈچەيتىۋەتتى.

دېڭىز يولى يېپەك يولىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ گۈللىنىش نۇقتىسىنى غەربتىن شەرققە يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن، شەرق سانائەت ئىنقىلابىنىڭ قۇدرىتىنىڭ تۈۋىشىدىن بىخەۋەر شۇنچە ئۇزاق ئۇخلاپ ياتتى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ كېلىشى دۇنيانىڭ سودا تەرتىپىگە

ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلگەنىدى، سانائەت ۋە سودىدا مونوپول گورۇھلارنىڭ پەيدا بولۇشى، يەنى نەچچە مىڭ كىشى ئىشلەيدىغان، مەھسۇلاتلىرى بىر دۆلەت، ھەتتا بىرنەچچە دۆلەتنى تەمىنلەشكە يېتىدىغان چوڭ تىپتىكى زامانىۋى زاۋۇتلارنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇلار كەلتۈرگەن ئۈزۈلمەس ۋە خەتەرسىز پايدا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. قارىغاندا سودىنىڭ يەنە بىر شەكلى مەھسۇلات ئىشلەپ سېتىشنى مەركەز قىلغان سودا دەۋرى يېتىپ كەلگەندەك قىلاتتى. زامانىۋى سانائەت غەربىي ياۋروپانى ئاجايىپ زور ماددىي، مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلەپ ياۋروپا مەدەنىيىتى پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئىستىلاسىنى باشلىدى. مەھسۇلات ئىلغارلىقى بىلەن بىرگە مەھسۇلات ئوشۇقچىلىقى تەڭلا ۋۇجۇدقا چىقتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە ۋەكىللىكىدىكى سانائەتتە قۇدرەتلىك دۆلەتلەر يېڭى بازار ئېچىش ئۈچۈن دۇنياۋى بازارغا توسقۇنچىلىق قىلىۋاتقان بىكىنمە، ئەمما بوز بازارلارنى يوشۇرۇپ ياتقان فېئوداللىق دۆلەتلەرگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى ئەنگلىيە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك، باي، قۇياش پاتماس ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. دېمەك، ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ سانائەتتە ئالدىدا مېڭىۋالغانلىقىدا ئىپادىلەندى.

سانائەت مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلمىغان سودا مەدەنىيىتى پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئىنتايىن مول، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قول سانائەت، يەككە ئىش مەشغۇلاتى ئاساس قىلىنغان ئائىلىۋى كىچىك سانائەت ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇش يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدىكى تەخىرسىز تەلەپ بولۇپ قالدى. بىزدە مۇسابايەدەك سودا سەركەردىلىرىمىز بۇندىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرىلا ئۆزى زاۋۇت قۇرۇپ خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن مۇلازىمەتنى بىر گەۋدە قىلغان، بازار ئېچىشتا خەلقئارالاشقان ھالدا بىزگە زامانىۋى سودىنىڭ دەسلەپكى ئۈندۈرمىسىنى، ناھايىتى ياخشى ئۆرنەكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. بىز بۇنداق كاتتا، بىلىملىك بايلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

80 - يىللار دادىللارنىڭ زامانى ئىدى، كىمدە جۈرئەت بولسا شۇ بېيىدى. 90 - يىللار مەبلەغ جىڭى ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئۆتتى، كىمدە مەبلەغ بولسا شۇ بېيىدى، 2000 - يىلىدىن كېيىنچۇ؟ كىمدە بىلىم بولسا شۇ ئۇتىدىغان، ئەقىل جېڭى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن زامان بولىدۇ. پۇرسەت كەڭ، گەپ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشىمىزدا. ئۇرغۇن ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ بېيىغان تىجارەتچىلەرگە ۋە كارخانىچىلارغا ئايلىنىشى 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئاپىرىدە بولغان ئاسايىشلىق زامانىڭ شاپائىتى. 21 - ئەسىر يېقىنلاشقان ھازىرقى پەيتتىكى يېڭى پۇرسەت نېمە؟ بۇ قېتىمقى پۇرسەت ئۆزى بىلەن بىرگە يەنە قاتتىق تەلەپنىمۇ ئەكەلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن ئىگىلىكى تەرىپىگە تەرەققىي قىلماقتا، كىمنىڭ پۇرسىتى بولسا شۇ پۇل تېپىشنىڭ ئورنىنى، كىمنىڭ قابىلىيىتى بولسا شۇ پۇل تېپىش باسماقتا، باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەت ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋر يېتىپ كەلمەكتە، خەلق ئىگىلىكىدىكى كۆپ خىل تەركىب، كۆپ خىل مۇناسىۋەت تەكىپۇكلىشىپ بىر - بىرىنى تولۇقلاپ تەرەققىي قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە. ئەمدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كارخانىچىلارنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. ئۇرۇمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرۇسۇل مۇسابايوپ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

- ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا «غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى - ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» دەپ كۆرسەتتى، ئاپتونوم رايونىمىز 15 - قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت - بەلگىلىمىلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىز كەسپلەر سىياستى ئاساسىدا غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ رايون، ساھە، مۈلۈكچىلىك ھالقىپ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشىغا ۋە بىر - بىرىگە پاي قوشۇپ تىجارەت قىلىشىغا مەدەت بېرىش، ئۇلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنى ئىجارىگە، ھۆددىگە ئېلىشىغا ۋە سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كارخانا گۇرۇھى قۇرۇپ كۆلەملىك ئىگىلىك يولىدا مېڭىشىغا مەدەت بېرىش، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ چېگرا سودىسىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش، بۇلاردىن شارائىتى بارلىرى تاشقى سودا، ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارىتى ھوقۇقىغا ئىگە كارخانىلار بىلەن بىرلىشىش ياكى

ۋاكالەتچىلىك شەكلى ئارقىلىق چېگرا سودىسى ياكى خەلقئارا سودىغا قاتنىشىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. شەرت هازىرلىغانلارغا ئىمپورت - ئېكسپورت هوقۇقىنى بېرىش، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى هازىرقى كرېدىت سىياسىتىنى ئەگىشىپ يەككە - خۇسۇسىي كارخانىلارغا دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەشكە مەلۇم نىسبەتتە كرېدىت مەبلىغى ئاجرىتىش، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار يەر، ئېنېرگىيە، ماتېرىيال، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش جەھەتلەردە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، كەسىپنى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەشۋىق قىلىپ كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە ئەمگىكىنى چۈشىنىدىغان ۋە هۆرمەتلەيدىغان، جامائەت پىكرىنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

دېمەك، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويغان بولسا، يولداش جياڭ زېمىن خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سەھنىدە كۆلەم يارىتىشىغا مەدەت بەردى. ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى ۋە تىجارەتچىلىرى زامان بەخش ئەتكەن پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە پىشىپ يېتىلىش هالقىلىرىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك، پىشىپ يېتىلىش ئاجىزلىقىنى يېڭىش دېمەكتۇر.

**قانۇن - سىياسەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە قانۇندىن پايدىلىنىش، قانۇن ئارقىلىق راۋاجلىنىش ئېڭى ئەقەللىي تەلەپ**

پۇرسەت هەرگىزمۇ ئابستراكىت نەرسە ئەمەس هەم ئۇ قۇرۇق شوئارمۇ ئەمەس، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن كونكرېت تەدبىر ۋە ئەقىل بولۇشى كېرەك. مۇبادا بىر قىسىم كىشىلەر بېيىسۇن دېگەن بۇ چاقىرىقنىڭ قۇدرىتىنى بىلمىگەن بولسا، نۇرغۇن تىجارەتچىلەر بېيىيالمىغان بولاتتى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك خۇسۇسىي كارخانىلارغا مەدەت بېرىش سىياسەتلىرىدىن خەۋەر تاپمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىدىكى پۇرسەتلەرنى تونۇۋالالمايمىز. پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدىغان سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىشنى ئېلىپ ئېيتايلى: ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈرۈمچى شەهەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولغان ئۇيغۇرلار 18 پىرسەنتكە توشمايدۇ، مەزكۇر جەمئىيەت ئۇيغۇرلاردىن ئەزا قوبۇل قىلىشتا ئەزا بولغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن كۆرە بۇ تەشكىلاتنى چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىپ جەمئىيەتكە ئەكىرىشتەك هالەتكە چۈشۈپ قالغان، نۇرغۇن تىجارەتچىلىرىمىز بۇ جەمئىيەتنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ هوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى رولىنى چۈشەنمەيدىكەن. شىركەتلىشىش، كۆلەملىك سودا پائالىيىتىدىكى ئەقەللىي تەلەپ، شىركەتلەشمەي تۇرۇپ ئىقتىسادىي مۇلازىمەت جەھەتتىكى سالاهىيەتكە، توپۇزغا، ئىشەنچلىك هەمكارلىق مۇناسىۋىتى كاپالىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۈرۈمچى شەهەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياشار هاجىياقۇپ مۇنداق دەيدۇ:

- پەن - تېخنىكا ئۆز مۆجىزىسىنى ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە نامايان قىلىۋاتقان، ئىقتىساد، بازار، ئاڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان، زامانىۋىلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بىزنىڭ كىشىلىرىمىز كونا ناخشىسىنى توۋلاپ، پەرۋاسىز ياشاپ ئۆزى ئاچقان يايما، دۇكانلاردىن سۆيۈنۈپ ئازغىنە نەتىجە بىلەن قانائەت قىلماقتا، ئۇلار بۇ خىل تىجارەتنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ، خېلى يول تاپقان، پۇل تاپقان سودىگەرلىرىمىز ۋەيران بولماقتا. نېمە ئۈچۈن؟ بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىزدە ئىقتىساد، ئۇچۇر، قانۇن ئېڭى تېخى يېتىلگىنى يوق. ئالايلۇق، هازىر ئۈرۈمچى شەهىرىدە بار بولغان خۇسۇسىي شىركەتلەر 5 مىڭدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى قۇرغان شىركەتلەر ئەللىككىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇزۇن يىللىق سودا هاياتىدا تالاي پۇل تاپقان نۇرغۇن تىجارەتچىلىرىمىز پۇلنى ئۆيىدە، بانكىلاردا تاغدەك دۆۋىلەپ ساقلاشقا رازىكى، بۇ پۇللار ئارقىلىق كۆلەملىشىشنى، يېڭى بازار ئېچىشنى، كارخانا - شىركەت قۇرۇشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئەزەلدىن شېرىكلىشىپ سودا قىلىپ كەلگەن، ئىستىخىيىلىك ئىپتىدائىي پاي يىغىش شەكلىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر تىجارەتتىكى ئاساسلىق ۋاسىتە بولۇپ كەلگەن. لېكىن زامانىمىزدا سودا دائىرىمىزنى ئۆزىمىز خالىغانچە بېكىتىپ ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقى بىلەن كارىمىز بولماي شېرىكلىشىشنى سورۇن شەكلىدىكى

ئىپتىدائىي كېلىشىش بىلەن، ياي قوشۇشنى پايدا پىرسەنتىنى ئاغزاكى كېلىشىش بىلەن ھەل قىلىش كۈلكىلىك ھادىسىدۇر. شىركەتلىشىش قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش، خادىملارنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرىنى قانۇنىي نەقلەشتۈرۈشنى مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شىركەتلىشىش ئەسلى غەربىي ياۋروپادىن كىرگەن، 15 - ئەسىردىكى ياۋروپا ئىقتىساد ۋە سانائەتتە تازا گۈللەنگەنىدى. سودا - سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ كۆلىمى قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكى چوڭ جەمەت ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان چەكتىن ھالقىپ كەتكەن چاغدا قانداشلىق مۇناسىۋەتنى رىشتىسىدىن ھالقىغان بىر ئىقتىسادىي تەشكىلات بارلىققا كېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ياۋروپادا 15 - ئەسىردە بارلىققا كەلدى. جۇڭگودىكى شىركەت ئۇقۇمىنىڭ نورمال ئىستېمال قىلىنىشىمۇ يېقىنقى چاغلاردىكى ئىشلار بولۇپ قالدى. شىركەت قانۇنىنىڭ ئىزچىللىشىشىمۇ نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتتى. كىشىلەرنىڭ شىركەت ھەققىدىكى ئۇقۇمىنىڭ تېيىزلىقى ۋە شىركەت قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشمىغانلىقى سەۋەبىدىن دەسلەپتە ئىقتىدارسىز، دەسمايىسىز، ئورۇنسىز يالغان شىركەتلەر كۆپلەپ قۇرۇلدى، بۇنى جۇڭگولۇقلار سومكىدىكى شىركەت دەپ ئاتىدى. بۇ ئالدامچىلار شىركەتنى سالاھىيەت ئورنىدا پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق بىلەن نۇرغۇن پۇل تاپتى. «جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەت قانۇنى» 1994 - يىلى 7- ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى نورمال رولى جارى قىلىندى، شىركەتنىڭ مۇكەممەل ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىق ئورنى ئەمەلگە ئاشتى، شىركەتنى تەستىقلاش جەريانى بۇ ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيىتىنى، ئىقتىدارىنى، قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش، بېكىتىش جەريانى بولغاچقا پايچېكلار ئوتتۇرىسىدىكى دەتالاش، خىيانەت، مەبلەغنىڭ ئېقىپ كېتىپ يوقاپ كېتىشى، باشقۇرۇشنىڭ مۇنتىزىملاشماسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئالدىنى ئېلىندى. لېكىن بەزى تىجارەتچىلىرىمىز مالىيە باشقۇرۇشنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدىكى تەلەپتىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئۆزى خەجلىگىلى بولمايدىكەن، دەپ شىركەت قۇرۇشنى رەت قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن شىركەتلىشىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىقتىسادنىڭ كۆلەملىشىش يۈرۈشىدىن مەھرۇم بولماقتا.

**1. بىزدە تەدبىرگە ئېتىبار بەرمەسلىك سودا ئېڭىمىزدىكى بىر ئېۋەن**

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تەدبىرگە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن، مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن سودا يوللىرىنى ئۇيغۇرلار ئېچىپ بەرگەن. يېڭى بازار تېپىش، مەھسۇلاتنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن ياخشى پايدىلىنىش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تەدبىر ئۇسۇللىرىمىز بار، تەدبىر جەھەتتە بىزدە كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسەتتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۆز تىجارىتىنى ئانچە بەك سىر تۇتۇپ كەتمەيدۇ، تەدبىر تۈزۈشتە بار مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدۇ...

بۇ خىل ئالاھىدىلىك مەلۇم دائىرىدىكى سودىلاردا ئېچىۋېتىلگەن ئۇچۇرلار جۇغلانمىسى ئارقىلىق ياخشى كۆلەم يارىتىشقا سەۋەب بولغان. يېقىندا جۇڭگودا چارە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئەھۋال مەشھۇر چارىچى خې ياڭ ئەپەندىنىڭ يۇقىرى باھادا چارە سېتىپ كارخانىلارنى قۇتقۇزۇشىدەك ھادىسە ئارقىلىق باشلاندى. زىيالىيلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئارىلىشىشى ئەقىلنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. نۇرغۇن چارە - تەدبىر شىركەتلىرى قۇرۇلدى. بۇ قىزغىنلىق باللارچە ساددىلىقنى ۋە خام خىيالنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاجىزلىقنى يېڭىپ، مەخسۇس پىلان – لايىھە ئۇچۇر، تەدبىر بويىچە مۇكەممەل، مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان كونكرېت لايىھە قۇرۇلۇش قىزغىنلىقىغا ئورۇن بەردى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئىقتىسادىي ساھەنىڭ ئەقلىي كۈچكە بولغان ئېتىبار بېرىشىنى نامايان قىلدى، تەدبىرچىلىك ساھەلىرىدە قىزىقارلىق جەڭ كارتىنىلىرى مەيدانغا چىقتى. ياخشى تەدبىر بىلەن قىسقا مۇددەتتە مەلۇم مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى ئېچىلىدىغان، تېخنىكا ئۆتكەللىرى تېز ھەل بولىدىغان ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كارخانىلار مەھسۇلات، تەمىنلەش، تەشۋىقات جەھەتتىكى تەدبىرلەرگىلا ئېتىبار بېرىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەشغۇلاتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تەڭشەش تەدبىرلىرىگىمۇ ئېتىبار بەردى. نۇرغۇن كارخانىلار داڭلىق تەدبىرشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمى قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن دەسمى سېلىپ زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئىگە بولدى، بۇ كارخانىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ يوشۇرۇن كېسەللىمۇ ئېغىرلىشىدىغان ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدى.

بۇ مىسالنى ئېلىشىمدىكى مەقسەت، بەزى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىمىز ئەڭ ئەقەللىي مالىيە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ ئېتىبار بەرمەيدىغان، تاپقان پۇلى بىلەن چىقىمىنى شەخسىي يانچۇقى ئارقىلىقلا بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە تۇرماقتا. تەكلىپ قىلىنىدىغان مۇنتىزىم تەدبىرلىك كەسپىي باشقۇرۇش خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياج گەرچە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن سۇبيېكتىپ جەھەتتىن، يەنى كارخانا ئىگىلىرى تەرىپىدىن تېخى ئىپادىلەنمىدى. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سودا قىزغىنلىقى بار. لېكىن سودا قۇرۇلمىسىدىكى تەدبىر بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرەلمەسلىك پۇلى بار مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن ئەقلى بار، مەبلىغى يوقلارنى ئايرىپ تاشلىدى. پۇلى بارلار ئۆز پۇلىنى ئىككى قىلالماي، ھەتتا ساقلاپ قالالماي ئاۋارە، پۇلى يوقلار دىسمى تاپالماي ئىنتايىن ئېسىل سودا پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويماقتا. بۇنداق ئىككى خىل قاتلام بىرلەشكەندىلا زامانىۋى سودا ئېڭى شەكىللىنىدۇ. ئۇيغۇر سودىسى يېڭى يولغا ئىگە بولىدۇ.

## 2. ئادەم كۆچى بىزدىكى يەنە بىر ئېۋەن

بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىمىز ئادەمنىڭ قارا كۈچى ئەمەس، ئەقلىي كۈچىدۇر. يۇقىرى ئەقلىي ساپاغا ئىگە كىشىلەر تويى سودىنى مۇستەھكەم ئاساسقا يېتىلمەس كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن سودا قۇرۇلمىمىزدىكى نامۇۋاپىقلىق بۇ خىل بازارنىڭ، ئېھتىياج



يوقىلىشىنىڭ بارلىقىنى كېلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، كارخانا باشقۇرۇش دۇنيادا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بۇقىرى تېخنىكا. بىزدىچۇ؟ بەزى تىجارەتچىلىرىمىز ئۆزلىرى قۇرغان كارخانىلاردا ئوغلىنى، قىزىنى، يولدىشىنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇپ شەخسىي ئىگىلىكتىكى بيۇروكراتلىق، چىرىكلىك ئەندىزىلىرىنى ياراتماقتا. بۇ كارخانىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق، باشقۇرۇشتىكى بيۇروكراتلىقنى، تەرەققىياتتىكى تۇرغۇنلۇقنى، مەۋجۇتلۇقىدىكى ھالاكەتنى يوشۇرۇپ ياتماقتا. ئۇلارنىڭ باھانىسى يات ئادەملەر كۆيۈنمەيدۇ، ئىشەنچسىز. ئەمەلىيەتتە تىجارەت مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇرچ مۇناسىۋىتىدە قابىلىيەتسىزلىك ۋە تۇغقانچىلىق سەۋەبىدىن بىر - بىرىگە قاتتىق تەلەپ قويماسلىقتىن كېلىپ چىققان بىر - بىرىنى چەكلىيەلمەسلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق سەۋەبىدىن كارخانا ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىپ، تۇغقانلىق مۇناسىۋەتمۇ بۇزۇلغان ھادىسىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شىركەتلىشىشمۇ قابىلىيەتلىكلەرنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان.

تېخنىكا ئۆتكىلى ھەممىدىن مۇھىم. مەن مىليونلاپ پۇل تاپقان تىجارەتچىلەرنى كۆردۈم. ئۇلار دەسلەپ پۇلنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق تاپقان. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، چېگرا سودىسىنىڭ ئېچىلىشىدىن ئىبارەت بوشلۇق ئۇلارنى ناھايىتى كۆپ پايدا ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. چۈنكى ئۇ چاغدا بۇ ساھەلەردە رىقابەت ئاساسەن يوق ئىدى. تېز بېيىش بىر پۇرسەت. لېكىن ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا بىر كېچىدە، بىر ھەپتىدە، بىر ئايدىلا غايەت زور دەرىجىدە بېيىپ كېتىش پەقەت بىنورماللىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر مەھەللىك پۇرسەت. قانداق ئۇسۇلدا باي بولسا شۇنداق شەكىلدە تەربىيىلىنىپ چىقىش كېيىنلى بەزى تىجارەتچىلىرىمىزنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمايدىغان قىلىپ قويۇپ، پۇرسەت يېڭىلانسىلا ئۆزىنى يوقىتىپ گاڭگىراپ ھەممە ئىشنى زامانغا دۆڭگەيدىغان قىلىپ قويدى. بەزى تىجارەتچىلىرىمىز بولسا ئەقىل بىلەن ئۆزىنى، تىجارەت ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ تىجارەت سەھنىسىدە يۈت دەسسەپ تۇردى. مەشھۇر كارخانىچى كېرىم ئەپەندى مۇنداق دېدۇ:

— يىگىرمە نەچچە يىللىق سودا، تىجارەت يولۇمنى خۇلاسىلەپ تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلەپ كۆردۈم. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئىنتايىن كۆپ پۇل تاپقان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

بىر قېتىملىق سودىدا 20 مىليون پايدا ياراتقانىدىم، لېكىن بۇ پۇللار قېنى؟ بىز تىجارەتچىلەر ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويماسلىقتىن ۋەيران بولىدىكەنمىز. ئۆزىمىزنى ئۆزلۈكسىز تەربىيىلەشنى خالىمايدىكەنمىز. مەن كېيىن سودا جەريانىدىكى كەمچىلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ ئىشنى ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن باشلىدىم. دۇنيانى ئايلاندىم، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى ئىلغار كارخانىلارنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلىنى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندىم. شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى يېمەكلىكىمىزگە يۈزلەنگەن «ئەنجۈر تورتلىرى» دېگەن زامانىۋى كارخانىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق قۇرۇپ چىقتىم، ئۆزىمىزدە بار ئۇستىلارنىڭ تۈجۈپىلەپ ئىشلەش تېخنىكىسى بىلەن ئىچكىرىدىكى تېخنىكىلارنىڭ ئۈستۈنە ئارقىلىق كۆپ مىقداردا مەھسۇلات ئىشلەش ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئۈنۈملۈك مەنپەئەتلەندۇرۇش، ئىش ھالقىلىرىنى ھۆددىگە بېرىش، ئىشلەش بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كارخانامدا ئۆلچەملىك يۇقىرى سەۋىيىلىك خادىملار تۈركۈمىنى تېزلا بەرپا قىلىۋالدىم، ئاندىن ئوراش، قاچىلاش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلارنى بويسۇندۇرۇشتىمۇ ھېچقانچە قىينالمىدىم.

كېيىم ئەپەندىدەك ئويغانغان تىجارەتچىلىرىمىز زادى قانچىلىك؟ نۇرغۇن تىجارەتچىلىرىمىز سودا قالمىدى دەپ ۋايسىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە سودا قالمىدى ئەمەس، بازار تېخىمۇ كېڭەيدى. رىقابەت كەسكىنلەشتى. بۇ ئاغرىنىش پەقەت رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان، خالاس. يېقىندا بىر سودىگەر ئاغىنەم ھازىر بىر موچەنىنىڭ بېشىدا ئوتتۇز ئادەم ئايلىنىپ يۈرىدۇ دېدى. بۇ دەل رىقابەت كەسكىنلىكىنىڭ ئىسپاتى. سودا يوق ئەمەس، ناۋادا ئەقلىڭىزنى ئىشلەتسىڭىز باي بولۇش، پايدا ئېلىش پۇرسىتى ئىلگىرىكىدەكلا جىق. مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار: سودا دۇكانلىرىنىڭ كۆپلۈكى سودىنىڭ كاساتلىقى ئەمەس، بازارنىڭ كەڭلىكىنى، رىقابەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى پۇلنىڭ ئازلىقىنى ئەمەس، پايدىسىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. تىجارەتچىلىرىمىزگە نەزەر سالايلى، ئۇلار يەككە - يېگانە يۈرۈپ پۇل تاپقان. ئۇلار ھازىرغىچە ئادەم ئىشلەتمەي پۇل تاپىدۇ. ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ ھاماللارنى ئىشلىتىدۇ. تەدبىركارلارنى، تېخنىكا ئىگىلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ. جاھان تەرەققىياتىنىڭ قىستىشى ئەمدى ئۇلارنى تىجارەت دائىرىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىسە، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرمىسا بولمايدىغان ھالغا ئەكېلىپ قويدى. ئۇلار ھەتتا يۇقىرى تېخنىكىلىق خادىملارغا موھتاج بولدى. لېكىن ئۇلار يۇقىرى تېخنىكىلىق خادىملارنى ئىزلەپ تاپالمىدى. تاپسىمۇ خۇددى ھامماللارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلىتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمىدى، ياكى ئالدامچىلارنىڭ دامىغا چۈشتى.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر، بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىملىكلەر بىلىدۇ. ئەقىللىق تىجارەتچىلەر «مەن مەبلەغ سالىمەن، سەن باشقۇرىسەن» دېگەن ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىدۇ. لېكىن تەكلىپ قىلىنغان ئادەملەردە مۇنتىزىم مۇتەخەسسىسلەر كەم. كارخانىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىپتىدائىي خىزمەت تەرتىپى بىلىنىپ تۇرىدۇ. زامانىۋى كارخانىدا ۋەزىپە ھەر بىر شەخسكە قەدەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، ھۆددە بېرىلگەن، ھەر مىنۇت ۋاقىتنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، كارخانا خادىملىرى كارخانىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇرۇلۇپ كارخانىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىشچىنىڭ تەقدىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇلارغا مۇنداق بىر ھەقىقەت ناھايىتى ئېنىق: كارخانىنىڭ ۋەيران بولۇشى كارخانا خوجايىنىنىڭ ۋەيران بولۇشىلا ئەمەس، كارخانىغا تايىنىپ تاماق يەيدىغان ھەممە ئادەمنىڭ تاماق قاچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا باراۋەردۇر. كارخانىلىرىمىزنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، كارخانا ئىگىسىنىڭ ئېڭىدا كارخانا جەمئىيەتنىڭ بىر ۋىنتىسى ئەمەس، ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلسا بولىدىغان شەخسىي ئويۇنچۇق. بۇ يەردە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ناۋادا سىز غەرب كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئۆگىنىپ، تەدبىرلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ كارخانىنىڭ مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ، كارخانىڭىزنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئىدارە قىلىپ بېقىڭ، قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىسىزكىن؟

## 3. يېڭى سودا يولىنى ئېچىش

بازارلارغا قاراپ باقساق ئۇيغۇرلارنىڭ سودا يولى بارماق بىلەن سانىغىلى بولغۇدەك بىرنەچچە ساھەگە مەركەزلىشىپ قالغان. زاۋۇتلارنىڭ خالىس مال ساتقۇچىلىق رولىدا سودا قىلىش، ئاشخانا ئېچىش، بازارلارنىڭ باھا پەرقىدىن پايدىلىنىش بىزدىكى توپ سودا يوللىرى. قىسقىسى، سودىگەرلەرنىڭ ئېڭىدا خەلقنىڭ ئىستېمالدىكى بوشلۇقلارنى قېزىش ئۈچۈن ئىزدىنىش روھى كەمچىل. سوڭى شىركىتىنىڭ تەرەققىيات

مۇساپىسى بېزىلغان بىر كىتابتا سوۋى شىركىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ مۇنداق جۈملىلىرىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە: ئۇنتۇلغۇ بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلغۇغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، ھازىرچۇ؟ ئۇنتۇلغۇ تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدۇ. بىز سوۋى شىركىتىدىكىلەر يېڭى ئىستېمالنى يارىتقۇچىلارمىز.

دېمەك، ئىستېمالنى ئېچىش، ئىستېمال بوشلۇقىنى يارىتىش يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجادىي تەپەككۇرنى تەلەپ قىلىدۇ. سوۋى شىركىتىنىڭ بۇ خىل روھى بىز ئۈچۈن ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىز ھەدېسە باشقىلارغا قاراپ ئىش كۆرىمىز. بىرسى رېستوران ئېچىپ بېيىشقا باشلىسا بىزمۇ ئۇنى دوراپ رېستوران ئېچىپ باقىمىز؛ ئەگەر بىرسى VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەپ پايدا ئالغان بولسا بىزمۇ دەرھال VCD ئىشلەش نىيىتىگە كېلىمىز؛ بىرسى كىرا ئاپتوموبىلى بىلەن ئاز - تولا پۇل تاپسا بىزمۇ شۇ زامات ئاپتوموبىل سېتىۋالىمىز... باشقىلارنىڭ باسقان يولىغا، تەجرىبىسىگە قاراپ ئاندىن دوراپچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، بەلكىم ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنچىلىك «خەتەر» گە تەۋەككۇل قىلالماي باشقىلارنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇربانلىق ھېسابىدا تەجرىبە ئاملىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش، ماھىيەتتە پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر بىر يېڭى سودا دەسلەپتە ياخشى ئاقسىمۇ، ئۇ سودىنى قىلىدىغانلار بىراقلا كۆپەيسە كۈچلۈك رىقابەت دولقۇنى مەيدانغا كېلىدۇ - دە، ئەسلىدىنلا سودا ئاساسى ئاجىز كىشىلەرنى تەبىئىي رەۋىشتە شاللاپ تاشلايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم شەھەرلەر ئۆز قورۇلمىسىدا مۇنداق سودا بوشلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇيلەرنىڭ قىستاڭلىقى، تارلىقى، كىچىكلىكى، مېھماندوست، توي - تۆكۈنگە ئامراق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا بەكمۇ قولايسىزلىقلارنى ئەكەلگەنىدى. توي - تۆكۈن ئۆتكۈزگۈچىلەر ئىدارىلەرنىڭ مايلاشقان، ماشىنا ئىسكىلاتىغا ئوخشايدىغان زاللىرىدا مېھمانلىرىنى ئۇزىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىستېمالدىكى بۇ خىل كەمتۈكلۈكنى ھېس قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بىرنەچچە ئالىي دەرىجىلىك مەرىكە زاللىرى، رېستورانلارنى قۇردى. رېستورانلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتا ھەشەمەتلىك بېزەلگەنلىكى، توي - تۆكۈن ئۇزىتىشتا ساھىبخانلارنى جاپادىن ئازاد قىلغانلىقى

تۈپەيلىدىن ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى. بۇ خىل دولقۇن ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قاراپ تارالدى. بىر مەزگىل رېستوران قىزغىنلىقى قوزغالدى. لېكىن رېستوراننىڭ قورۇلمىسى ئۆز ۋۇجۇدىدا قورۇلغاندىلا مەلۇم ئاجىزلىقلارغا گىرىپتار بولدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەي، ئۆيگە ھاردۇقنى چىقىرىش ئورنىغا ئۆلگۈدەك چارچاپ قايتىشقا مەجبۇر قىلىش، مەخپىيەتلىك تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى، ئۇستەللىرىنىڭ كەڭ - كېلەڭسىزلىكى، ئىككى كىشلىك ئۇستەللەرنىڭ يوق بولۇشى، پەقەت ۋاقىتنىڭ كەچكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى بۇ خىل كېسەلنىڭ ئېپادىسى ئىدى. لېكىن بازارنىڭ ئىستېمال يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قايناپ تۇرغان روھىي كۈچ، ئۇلاردىكى يېڭىلىققا، ئىلمىلىققا، پاكىزلىققا، خاسلىققا ئىنتىلىدىغان روھ ئۇلارنى رېستوران ئىشىكىدىن تەزدۇرۇشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىللەت ئايرىمىسى يوق، ياشلارنىڭ كېچىلىك تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغان، زامانىۋى پۇراق كېلىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم مەيخانا، بەزمەخانىلار قۇرۇلدى. ياشلار بۇ يەرلەردە ئامېرىكا پادىچىلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى تىڭشاپ، ئۆزلىرىنى پادىچىلارغا تەققاس قىلىشىپ يېڭى بىر قايناملىغا غەرق بولدى. بۇ خىل يۈزلىنىش ناھايىتى كېڭەيمەكتە. كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ بارغانسېرى ئەرزانلىشىپ پۈتۈن كېچە مۇلازىمەت قىلىشى، رىقابەت ئېغىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ئۇلارنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ئەجىبا، ئەمدى بىزنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتىكى رېستورانلىرىمىز كرىزىس تۇيغۇسى ھېس قىلمىغانمىدۇ؟

دۆڭكۆۋرۈك ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ توپلاشقان جايى، ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەم بىر كېلىپ كەتمىسە كۆڭلى يېرىم قالىدىغان بازار. بۇ بازاردا ناھايىتى نۇرغۇن ئاشخانىلار بار، بۇ ئاشخانىلاردا بىر - بىرىدىن مەززىلىك يەرلىك تاماقلىرىمىز پىشۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدۇ. لېكىن دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق تازىلىقنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى. مەن ھەر قېتىم دۆڭكۆۋرۈككە بارغىنىمدا تاماق يېگۈم كېلىدۇ، نۇرغۇن ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمەن. لېكىن پاكىز، ئازادە ئاشخانىلارنى تاپالمايمەن. ھەر كۈنى قانچە ئادەم مەندەك تۇيغۇغا كېلىدىغاندۇ؟ قانچە ئادەم دۆڭكۆۋرۈكنى ئېغىر خورسىنىپ قايتىدىغاندۇ؟ ھازىر شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ناھايىتى تېز. نۇرغۇن كىشىلەر ۋاقتىنى

ئىنتايىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. لېكىن ھەر كۈنى تاماق ئېتىش ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماقتا. دېمەك، بۇنى ئويلىغىنىمىزدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاجايىپ زور يوشۇرۇن بازار ئامىلى بار. ئاشخانىلار قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ساپاسىنى يۇقىرىلىتىپ باھانى كىشىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئاش - تاماقنى ئۆي ياكى ئىشخانىلارغىچە يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرسىلا بۇ بازارنىڭ سىرلىق ئىشكى ئېچىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق مەدەنىيىتى مول مىللەت. لېكىن ئاشخانىلاردا كۆتكۈچىلەردىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئاڭلايدىغىنىمىز ـ لەغمەن، پولۇ، مانتا، بوسو، سامسا، ئۈگرە، چۆپ، شورپا، كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ، زىخ كاۋاپ دېگەندەك بىرنەچچە ئىسىملارلا، خالاس. بىزنىڭ يەيدىغان تامىقىمىز پەقەت شۇلارلىمۇ؟ ئەجەبا، بىزدە ئىقتىساد كەممۇ؟ ئەقىل كەممۇ؟ ياق! ئۇنداقتا، نېمە كەم؟!...

ئۆز ۋاقتىدا خېلى پۇل تاپقان، ئەمدىلىكتە تىجارىتى توختاپ يېڭى تىجارەت يولى تاپالمايۋاتقان بەزى تىجارەتچىلەر مەندىن مۇۋاپىق تىجارەت تۈرى ھەققىدە مەسلىھەت سورىشىدۇ، لېكىن ئۇلار ھە دېگەندىلا بىر يەردىن ئۈنۈملۈك تىجارەت يولى ھەققىدە يۈزە گەپ ئاڭلىۋالسىلا شۇ ھامان ئۇ تۈرگە مەبلەغ سېلىشقا ئالدىرىشىدۇ.

بەزىلەر ئېقىۋاتقان چوڭ تىجارەتلەرگە كىرىشەي دېسە رىقابەت ئىقتىدارى تۆۋەن، بازار تەكشۈرۈشىمۇ يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان تېخنىكىلىق ئىش. نازۇك ھالقىلارنى خۇددى رازۋېتچىكلاردەك ئىنچىكە، تەپسىلاتلاردىكى چوڭقۇرلۇقنى ئەستايىدىل تەتقىقاتچىلاردەك تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئۆزى يەڭگىلتەكلىك.

ئىپتىدائىي سودا شەكلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، نەتىجىسى غۇۋا بولغان مۆلچەرلەشكە تايىنىپلا سودا قىلىش. چەت ئەللەردە مەلۇم سودا بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئالدى بىلەن ھەر خىل ئۇچۇر مەسلىھەت شىركەتلىرىگە ھەق تۆلەپ ئېنىقلايدۇ، ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق مەسلىھەت ئېنىقلاش شىركىتى مۇبادا ئامېرىكا جاۋشىيەنگە تاجاۋۇز قىلسا جۇڭگو ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىلامدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئالدىن توغرا جاۋاب تېپىپ ئۇنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە يۇقىرى باھادا ساتماقچى بولغان. ئەگەر، ئامېرىكا بۇ جاۋابنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولسا شۇ ۋاقىتتا ئۈنچىلىك چوڭ بەدەل تۆلىمىگەن بولاتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن غەربتە مەسلىھەت شىركەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان، ھازىر دۇنيادىكى ھەرقانداق چوڭ سودا پائالىيىتى مەسلىھەت شىركەتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىسىز ئېلىپ بېرىلمايدۇ. بىزدە بۇ خىل ئېنىقلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى قانچىلىك؟

ئۆزى تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئەڭ ياخشى سودا يولى. تاۋار دېمەك ـ ماركا دېمەك. ياخشى ماركا ياخشى مەبلەغ دېمەك. لېكىن تاۋارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى پەقەت سودا جەريانىدىكى بىر ھالقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سېتىش ياكى بازارنى ئىگىلەش ئىككىنچى ھالقا.

ئامېرىكىدىكى فورفىلىن يەرشارى پاي شىركىتى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «ياۋاش كۈچۈك» ماركىلىق ئاياغنى بازارغا سالماقچى بولغان. بۇ شىركەت دەسلەپتە 100 كىشىلىك ئاياغنى 100 نەپەر خېرىدارغا ھەقسىز سەككىز ھەپتە سىناپ كىيىشكە بەرگەن. سەككىز ھەپتىدىن كېيىن شىركەت خېرىدارلارغا ئاياغنى قايتۇرۇپ بېرىشنى، ئەگەر خېرىدار ئېلىپ قالماقچى بولسا، ھەر بىر كىشىلىك ئاياغقا بەش ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرۇشنى ئۇقتۇرغان. ئەمەلىيەتتە شىركەتنىڭ ئاياغنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى يوق بولۇپ، بۇ ئاياغنى ئۇلارنىڭ بەش ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى ئىكەن. نەتىجىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ئاياغنى قايتۇرمىغان. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئاياغقا 7.5 دوللار باھا قويۇپ ساتقان، نەچچە ئون مىڭى سېتىلغان. دېمەك، بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بازار ئېنىقلاش ھەم تەشۋىقات قىلىش نەتىجىسىگە ئېرىشكەن.

ياۋروپادىكى بىر شىركەت مەلۇم بىر خىل مېلىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن مالنى ماگىزىنغا سېلىپ قەستەن ئىنتايىن تۆۋەن باھا يېزىپ چاپلاپ قويغان. ئالايلۇق، 100 ئامېرىكا دوللار قىممىتىدىكى نەرسىگە 1 دوللار دەپ يېزىپ قويغان. بۇ خىل قەستەنلىك نۇرغۇن خېرىدارلارنى جەلپ قىلغان. ئاخىرى بىر خېرىدار بۇ مالنى سېتىۋېلىشنى سىناپ كۆرگەن. نەتىجىدە ماگىزىن خاتالىقنى ئۆزىگە قويۇپ مالنى يېزىلغان باھادا خېرىدارغا ئۆتكۈزۈپ قويغان. شۇنداق قىلىپ كارخانا ھەم تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ھەم ئىشەنچلىك بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش ئۈنۈمىگە يېتىپ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان.

ئۇيغۇر سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى سودا تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي ئەۋزەل ئىرسىي گېن يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىۋېلىش، قىيىنچىلىق ئىچىدە يول تېپىش، يېڭى تۈرلەرنى ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىش تۇيغۇسى بازارنىڭ بىر مەزگىللىك يۇرۇقتۇرمىلىق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاجايىپ ياخشى يۈزلىنىش بارلىققا كېلىپ جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال زەنجىرىدىكى كەم ھالقىلارنى تولۇقلاپ، مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئاكتىپلىق بىلەن پايدىلىنىش، خەلقنىڭ ئىستېمال يۈزلىنىشىدىكى نۇقسانلارنى چۈشىنىش بولۇپ ئىپادىلەندى. بازارنى ئېچىش ماھىيەتتە ئىستېمالنى ئېچىش، يېڭى ئىستېمال ئېڭىنى يارىتىشتۇر. مەسىلەن، يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن گۈل دۇكانلىرى بارلىققا كەلدى. گۈلنى پۇلغا سېتىۋېلىش بىرخىل تەبىئىي نورمال ھالەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان، ئەمما ھازىر تەلتۆكۈس يوقىلىشقا يۈزلەنگەن گۈل ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئادىتىمىز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ بىزنىڭ بارغانسېرى مەنىۋى مەنپەئەتتىن كۆرە ماددىي مەنپەئەت ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزھارلىنىدىغان ناچار يۈزلىنىشنى تۈزىتىشتە قىسمەن رولىنى نامايان قىلدى. دېمىسىمۇ، «ئۇيغۇرنىڭ دوپپىسىدا گۈل، كۆڭلىكىدە گۈل، گىلىمىدە گۈل، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئېتىمۇ گۈل...»

گۈل دۇكانلىرىنى بەرپا قىلىشتىكى تەسىرلىك كارتىنىلارنى ئىزدەپ زىلالە گۈلخانىسىنىڭ خوجايىنى زەينەپ ھاجىمنى زىيارەت قىلدۇق.

— مەن 1995 - يىلى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ پېنسىيىگە چىقتىم. بۇ چاغدا مېنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىشتىن سىرتقى خىزمەتلەرگە تەكلىپ قىلدى، لېكىن مەن ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىشلەپ چارچىغانكەنمەن، ئۇ يەرلەرگە بارمىدىم. كېيىن باللىرىم بىلەن مۇنداق مەسلىھەت قىلىشتۇق: ھازىر جەمئىيەت تەرەققىياتى يۇكسەلدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە مەنىۋىيىتىمۇ تېزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىدارە - ئورگانلاردا ئويۇن - تاماشا، مەرىكە، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى كۆپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇنداق سورۇنلاردا كۆڭۈلنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كونا قائىدە بويىچە پۇل خەجلەپ رەخت، مېۋە - چېۋە ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ بەزى ئەيىبسىز تەرەپلىرى چىقىپ قالدى. خېلى

كۆپ ئۇيغۇرلاردا نەمىسنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ خەنزۇلار ئاچقان گۈل دۇكانلىرىدىن گۈل ئېلىپ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. نەمىسنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان، ئەمما شۇ چاغقىچە بىرمۇ گۈل دۇكىنى ئېچىلماپتۇ. بىز بۇ يەرگە بىر گۈل دۇكىنى ئاچساق تازا مۇۋاپىق بولغۇدەك، بۇ ئىشىمىز بىزگە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىپلا قالماي، ئىجتىمائىي ئۈنۈممۇ ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ئىشنى باشلىدۇق.

بۇ دۇكان ئېچىلىشى بىلەنلا ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ھاياجانلانغان ھالدا قوللاپ - قۇۋۋەتلەشتى. يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەتتا خەنزۇلارمۇ مۇشۇ ئەتراپقا گۈل دۇكىنى ئېچىشنى خېلىدىن بېرى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ ئاچالمىغانلىقى، بىزنىڭ ئاچقىنىمىزدىن تولىمۇ خۇرسەن بولغانلىقىنى ئېيتىپ بىزنى ماختاپ كەتتى. بىز خەلقنىڭ گۈلگە بولغان تەشنالىقىنىڭ بۇنچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بىردىنلا ياخشى ئىنكاس كېلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنچىلىك دەرىجىدە غۇلغۇلا قوزغاپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدۇق. بىز گۈلچىلىكنى يېڭى بىر كەسىپ دەپمۇ تونۇمىغانىدۇق. كۆپ پۇل تېپىشنىمۇ كۆزلىمىگەنىدۇق. پەقەت كۆن بويى ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ۋە بىر ئىش بىلەن ئۆزۈمنى ئەمەك قىلىش ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى باشلاپ قويغانىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن ھەر تەرەپتىن ياخشى ئىنكاسنى ئاڭلىدۇق، روھىمىزغا ئىلھام بولدى، باشقىچە روھلاندۇق، تاكى ھازىرغىچە «مۇشۇ دۇكاننى ئاچقىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى» دەيدىغانلار تۈگىمىدى. بىز يۇقىرىقىدەك قىزغىن مەنزىرىنى، خەلقىمىزنىڭ گۈلگە بولغان مەستانىلەرچە تەلپۈنۈشىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىز ھەقىقەتەن ياخشى بىر ئىشنى، ساۋاپلىق، مەدەنىي ئىشنى باشلاپتۇق، دەپ ئويلىدۇق. ئادەم بىر ئىشنى قىلىپ كۆرۈپ ئۇنىڭغا چوڭكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ تەسلىكىنى، قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەردىكى بوشلۇقلارنى ھېس قىلىدىكەن. بىز گۈلچىلىكنىڭمۇ مۇستەقىل قىيىن ئىلىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. بىر نوقۇل گۈل سېتىش بىلەنلا شۇغۇللانساق بولمايتتى، گۈل ھەققىدە چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى بارا - تونۇپ يەتتۇق. بۇ چاغقىچە يەنە باشقا گۈل دۇكانلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى، رىقابەتتە ئۆزۈپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئوغلۇمنى جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىشىپ ئاچقان گۈل تىزىش تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىپ

ئۇقۇتتۇم. ئۇ ئۇقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا بادام شەكىللىك گۈل تىزىپ مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن گۈل ياساش، ئىشلىتىش، گۈللەرنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى زۇرنااللار تەبىئىي ھالدا توپلىنىپ قالدى. دۇكاندا ئىشلەيدىغان قىزلارغىمۇ گۈل تىزىش، ئىشلىتىشنى ئۆگەتتۇق. خەلقىمىز گۈلدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى ۋاستىنى ئۇنتۇپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغانىدى. گۈللەرنىڭ نامى ساپلا خەنزۇچە ئىدى. بىز تىل - يېزىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار بىلەن ئالاقە باغلاپ، گۈللەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى تېپىپ چىقىپ، كىشىلەرگە تونۇشتۇردۇق. ھازىر خېرىدارلارنىڭ كۆپىنچىسى قانداق گۈل ئالىدىغانلىقىنى، قانداق ئىشقا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئاساسەن ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولدى. بىز گۈل سودىسى قىلىش جەريانىدا خېرىدارلارنى رازى قىلىشنى، خۇش قىلىشنى ئۆزىمىزگە مەنىۋى كۈچ قىلدۇق. تىنماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەريانىدا، ھازىر خېلى كۆپ كىشىلەر گۈلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغان بولدى.

مال مەنبەسى ھەققىدە ئىزلىنىش ھەر قانداق تىجارەتتە ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭ ئەسلى گۈل يۇرتى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن تەننەرخى قىممەت توختايدىغان سىرتنىڭ گۈللىرىگە قاراشلىق بولۇپ قالىمىز؟ بۇ گۈللەرنى ئۆز يۇرتىمىزدا ئۆزىمىز تېرىساق بولامدۇ؟ دېگەن ئويلاردا بولغانىدۇق. بۇ يىل يازدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىدىكى داڭلىق باغۋەنچىلىك ئالىمى ئۆمەرجان ئابدۇرېھىم بىر قېتىم گۈل دۇكىنىمىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى ۋە:

— قىلغان ئىشلار بەك ياخشى بوپتۇ، ئۇيغۇرلاردىن سىلەر تۇنجى بولۇپ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللاندىڭلار، ئىشلار روناق تاپسۇن. مەن بۇ قېتىم سىلەرنى يوقلىغاچ بىر تەكلىپ بېرەي دەپ كەلدىم. يېڭى گۈلنى ئىچكىرىدىن كىرگۈزسەڭلار تەننەرخى ئۆسۈپ كېتىدۇ، گۈل سودىسىغا تەسىر يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز يېرىمىزدە گۈل يېتىشتۈرۈپ سېتىشنى ئويلىشىپ باقساڭلار بولاتتى. بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان بولاتتۇق. مەندە ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق گۈللىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى بار، ھېچكىمگە بەرمىگەنىدىم. ئۇنىمۇ تېرىپ ئۆستۈرمىلى. بۇ ئىشنىڭ جاپاسىغۇ تولا، ئەمما مۇشۇ ئىشنى قىلىشتا باشقىلارغا بىر يول ئېچىپ بەرگەن بولساڭلار، غەيرەت قىلساڭلار ياخشى بولاتتى، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى ياللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ توغرا تاپتۇق. ئۇرۇقچىنىڭ ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەردىن سورۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، بىرمۇ يارنىڭ قورغۇدەك مۇۋاپىق جاي تاپالمىدۇق. ئاخىرى «يېڭە مەيدانى» بىلەن شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى ئارىلىقىدىن بىر دېھقاننىڭ بىر مو كېلىدىغان خۇسۇسىي ئېگىلىكتىكى يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ياز بويى تەسەددىن تويا ئەكىلىپ تۆپرىقىنى ياخشىلىدۇق، تەبىئىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىدۇق ۋە يارنىڭ ئورنىتىپ نەچچە ئون خىل ئېسىل گۈل ئۇرۇقلىرىنى تېرىدۇق. ھازىر گۈللىرىمىز ئامان - ئېسەن ئۈنۈپ مايسا بولدى، خۇدايىم ئاسانلىق بېرىپ قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقىۋالسا، چاغان ۋە روزى ھېيتقا ئۇلگۇرتۇپ ئۆز گۈللىرىمىزنى بازارغا سالالايمىز.

بىز گۈلنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، خېرىدارلارنى تېخىمۇ ئەرزان باھادىكى گۈل بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە گۈل مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەندۇق. بايا ئېيتقىنىمدەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى دېگەن تەقدىردىمۇ، يەنە كۆپلەپ گۈل سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. كۇنمىڭدىن كېلىدىغان گۈلنىڭ كىرا ھەققى قوشۇلۇپ بىزگە باھاسى قىممەت توختاپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز خەلقىمىزنى دېگەندەكىدەك ئەرزان باھادا گۈل بىلەن تەمىنلەشتە بىرئاز تەسىرگە ئۇچرىدۇق. ھازىر گۈل دۇكانلىرىمۇ خېلى كۆپىيىپ قالدى. مۇشۇ كوچىدىلا قوشۇمچە گۈل ساتىدىغان دۇكانلارنى قوشقاندا سەككىز دۇكان گۈل تىجارىتى قىلىۋاتىدۇ. بىز يەنىلا كونا دۇكان بولغاچقا، خېرىدارلىرىمىز يىراقنى يىراق كۆرمەي بىزدىن گۈل ئالغىلى كېلىدۇ. بىزمۇ ئۇلارنىڭ تارتقان جەبرىگە يارىشا گۈلنى يەنىمۇ ئەرزان باھادا بېرىۋاتىمىز.

گۈلنىڭ باھاسى ھەققەتەن بىر خىل بولمايدىكەن، يازدا بىر خىل، قىشتا بىر خىل، ھېيت - بايرام، شەنبە، يەكشەنبىدە يەنە بىر خىل باھادا چۈشىدۇ، ئۆرلەيدۇ. گۈلنىڭ باھاسى ئەنە شۇنداق تۇراقسىز بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، بىز باشقىلارغا قارىغاندا يەنىلا ئەرزان ساتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز خېرىدارلار سېتىۋالغان گۈلنىڭ ئوراش، تىزىش ھەققىنى ئالمايمىز.

گۈل تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانچە، مېنىڭ گۈلگە بولغان تونۇشۇم بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىر گۈلچىلىك مېنىڭ ئىككىنچى كەسپىم بولۇپ قالدى. گۈل بىلەن ئەمەك بولسام، گۈل تىجارىتى ئارقىلىق خېرىدارلارنى، خەلقىمىزنى رازى قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتسام مېنىڭمۇ روھىم كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، كۆڭلىرىم مەڭگۈلۈك ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. بۇ ئىش ماڭا نىسبەتەن تولىمۇ ياخشى دەم ئېلىش بولۇپ قالدىكەن. ئەمما بالىلىرىم ئالدىراش

بولۇپ قالدى. ئۇلار گۈلدۈزى خىزمىتىگە بارىدۇ، كەچلىكى دۇكانغا كېلىپ ياردەملىشىدۇ. دۇكاننى كېڭەيتىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى، ئەمما ھازىرچە بۇنىڭغا جامىمىز يەتمىدى. ھازىرچە بىز گۈل مەنبەسىنى ھەل قىلىۋالساق، ئاندىن باشقا ئىشلارنى بارا - بارا يولغا قويارمىز. بىز گۈللىرىمىزنىڭ سۈپىتىگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىمىز. مەسىلەن، گۈل يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى. ئۆتكەن يىلى بۇ ئىشنىمۇ قوشۇمچە ئىشلىگەنىدۇق. توي قىلغانلار زاكاز قىلغان گۈللەرنى مۇلازىم قىزلارنىڭ قولىغا بېرىپ، ئەدەپلىك، تېتىملىق سۆزلەرنى ئۆگىتىپ، مەشىق قىلدۇرۇپ، زاكاز قىلغان گۈلگە قوشۇپ دۇكىنىمىز نامىدىن توينى تەبرىكلەپ يەنە بىر دەستە گۈل ئەۋەتتۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. قىزلىرىمىز تويغا گۈل كۆتۈرۈپ بارغاندا توي باشقۇرغۇچىلىرى قىزلىرىمىزنىڭ ئەدەپلىك، تاتلىق سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، بىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتتى. بەزى تويلاردا قىزلىرىمىز ئېلىپ كەلگەن گۈلنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارا جاكارلاپ، دۇكىنىمىزغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقانلارمۇ بولدى. بىز ئىمكانىيىتىمىز يار بەرسىلا گۈل يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ كەلدۇق. ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ بۇ ئىشقا سالغانىدۇق، ئۇلارمۇ بىزگە بەكمۇ ياخشى ئىشلەپ بەرگەنىدى. نۇرغۇنلىغان خېرىدارلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىللىق چىرايى، ئەدەپلىكلىكى، تاتلىق سۆزلىرى، ئەلا مۇلازىمىتىدىن سۆيۈندۈرگەن، ھاياجانلاندۇرغانىدى. كېيىن ئۆزىمىز گۈل يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە پارنىكقا تۇتۇش قىلىپ، ئالدىراشچىلىقتا بۇ ئىشقا تازا يېتىشىپ كېتەلمىدۇق. بىز گۈل مەنبەسىنى ئېچىۋالغاندىن كېيىن، ماشىنا سېتىۋېلىپ، گۈل يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل يولغا قويماقچى بولۇۋاتىمىز.

ئالدىمىزدا كېلىدىغان قۇربان ھېيتىدا ئۆزىمىز ئۆستۈرگەن گۈللىرىمىز مەھسۇلات بېرىپ قالسا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك گۈلىنى ئەرزان باھادا بازارغا سالىمىز. بىز تېرىغان گۈللەر ئىچىدە يەتتە خىل رەڭدە ئېچىلىدىغان گۈل (چىسىخۇا)، لالە گۈلگە ئوخشاش ئەتىۋارلىق، دۇنياغا داڭلىق گۈللىرىمىز بار. يەتتە خىل رەڭلىك گۈل بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ئېچىلىدۇ. بۇ گۈللەرنى تەشتەكى بىلەن ئالىي مېھمانخانىلارغا سۇنۇپ بېرىدىغان بولساق، ناھايىتى تېز سېتىلىپ تۈگەيدۇ. لالە گۈل شىنجاڭنىڭ يەرلىك گۈلى، بۇ گۈلنى بىز خېلى كۆپ تېرىدۇق. ئەگەر بۇ گۈل مەھسۇلات بېرىپ قالسا، پۈتۈن شەھەرنى مۇشۇ گۈل بىلەن بىز تەمىنلىشىمىز مۇمكىن، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەر، چەت ئەللەرگىمۇ چىقىرىشىمىز مۇمكىن.

ھازىر رايونىمىزدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە، مەسىلەن، تۇرپان، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇيغۇرلار گۈل دۇكىنى ئېچىپ باقمىدى. لېكىن خەنزۇلار ئاچقان گۈل دۇكانلىرى بار. ئاكىلسام، ئۇ يەرلەردىمۇ گۈل سوۋغا قىلىش، گۈل ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزھار قىلىش، دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى ئىپادىلەش خېلى ئومۇملىشىپ قاپتۇ. مېنىڭچە، ئاشۇ يەرلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ گۈل دۇكىنى ئېچىش ناھايىتى زور ئىستىقبالغا ئىگە. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى قەشقەر، قارامايدىن بىرنەچچە كىشى كېلىپ:

— ناۋادا بىزمۇ گۈل دۇكىنى ئېچىپ قالساق، سىز بىزنى توپ باھادا گۈل بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى باشلىماقچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ سۆيۈندۈم ۋە:

— ۋاي بولمامدىغان، ئەگەر سىلەر گۈل دۇكىنى ئاچىدىغانلا بولساڭلار، مەن سىلەرنى ئەڭ ئەرزان باھادا، ۋاقتى - ۋاقتىدا يېڭى گۈل بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىمەن، — دېدىم. ئۇلارمۇ خۇش بولۇشتى. ئۇلار ھازىر گۈل دۇكىنى ئاچتىمۇ، ئاچمىدىمۇ بىلمەيمەن. ئاچقان بولسا مەن بىلەن ئالاقىلاشقان بولاتتى.

گۈل تىجارىتى — چىرايلىق، مەدەنىي سودا، بۇنى قىلالىغان ئادەم قىلالايدۇ. قارىسىغىلا ئۇرۇپ - سوقۇپ پۇل تېپىشقىلا كىرىشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا بۇ سودا ئاقماي قالىدۇ. شۇڭا بىز گۈل تىجارىتى قىلىشتا پۇل تېپىشنى ئالدىنقى مەقسەت قىلمىدۇق، ئۇنداق بولىدىغان ئىش بولسا ناھايىتى كۆپ پۇل تاپقانمۇ بولاتتۇق. مەن كۆپ پۇلغا ئېھتىياجلىق ئەمەس، باللىرىمۇ شۇنداق. يېتەرلىك ئىقتىسادىمىز بار. مەن پەقەت بىرەر ئىش بىلەن ئەمەك بولۇش ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى باشلىغان، لېكىن ھازىر بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى زور ئەھمىيىتى بار، ساۋاپلىق، مەدەنىي تىجارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانچە، بۇ تىجارەتكە مەپتۇن بولۇپ قېلىۋاتىمەن. بىز مەدەنىي سودا قىلىۋاتىمىز، خەلقىمىزگە مەدەنىيەت تارقىتىۋاتىمىز. بىزنىڭ دۇكىنىمىزغىمۇ مەدەنىي زىيالىيلار، تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر، ئوقۇغۇچىلار كۆپ كىرىدۇ. بىزمۇ ئۇلارغا خۇددى ئېچىلىپ جىلۋە قىلىپ تۇرغان يېڭى گۈللەردەك يېقىملىق، ئىللىق مۇئامىلە قىلىمىز.

گۈل يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى يۈرگۈزۈۋالساق، ئىشىمىز تېخىمۇ ئۈلگىگە تارتقان بولىدۇ. بىزنىڭ پارنىكتا يېتىشتۈرگەن گۈللىرىمىز چىققاندا، بىر ماشىنا تەييار قىلىمىز - دە، بۇ مۇلازىمەتنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ ئېلىپ

بارالايمىز. بىز زاكاز قىلىنغان گۈللەرنى ئۆي - ئۆيلەرگە، ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلىسەك، ئۇ چاغدا بىزنىڭ زىلالە گۈلخانىمىز نامىغا تۇشلۇق ئەمەلي ئىش قىلالىغان بولىمىز.

## 4. مەنۋىيتىمىز ۋە كەڭ ئىستېمال

ئۇيغۇرلارنىڭ مەنۋىيتى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا مول ۋە مۇرەككەپ. مەنىۋى ئېھتىياجىمىزدىكى چوڭقۇر بوشلۇق ھەر دائىم بازارنى پۇرسەت ۋە تەرەققىيات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى ۋە ناخشا- ئۇسسۇل خۇمارلىقى ئۇيغۇر سودىسىدا ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بىر بازارنى— ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا بازىرىنى پەيدا قىلدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات سىياسىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۈنئالغۇ بازىرىنىڭ ئىستېمالىمىزغا قېتىلىشى ئۈنئالغۇ لېنتىسى بازىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەڭ ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە، ئۇندىن كېيىن قەشقەر، غۇلجا، خوتەن، ئاقسۇلاردا ئۈنئالغۇ ئارقىلىق ئاۋاز ئېلىپ كۆپەيتىپ بازارغا سېلىنغان قارا لېنتا بازىرى بارلىققا كەلدى. دەسلەپتە مۇقاۋىسىز نەشر قىلىنغان نومۇرى بولمىغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى بازارنى قاپلىدى. شۇ چاغدا ئىچكىرى ئۆلكىدىن كەلگەن بىر تونۇشۇم بازاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىراق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىن بىر يۈرۈش سېتىۋالماقچى بولغاندا مەن ئاشۇنداق مۇقاۋىسىز لېنتىلارنى ئېلىپ بەرسەم ھەيران قالغانىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا مەملىكىتىمىز مەدەنىيەت بازىرى بولۇپمۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسى بازىرى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانىدى. «مۇشۇ قولدا كۆچۈرگەن لېنتىلارنىڭ بازىرى بولغانىكەن، سىلەرنى ھەقىقەتەن ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى دېسە ئەرزىيدىكەن» دېدى ئۇ. ئاخىرى بۇ بازار بازار مېخانىزمى ئارقىلىق تەڭشىلىپ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈز تۇتتى. مۇئەييەن لېنتا سودىگەرلىرى، ناخشىچى، كومپوزىتورلار بارلىققا كەلگەن، بازار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى ئالغا سۈرىدىغان پىشاڭغا ئايلاندى. مەخسۇس ئۈنئالغۇ لېنتىسى چىقىرىپ جان باقىدىغان، بېيىغان، نام چىقارغان سودىگەر، ناخشىچى، كومپوزىتورلار قاتلىمى شەكىللەندى. بۇ بازار ئاۋۋال ئىنتايىن قالايمىقان بولسا كېيىن بازار ئۇنى شاللىدى، رەتلىدى. خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىكى تەلەپ ئۇلارنىڭ يول كۆرسەتكۈچىگە ئايلاندى. خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىكى كەم نۇقتىلارنى چۈشەنگەنلەر روناق تاپتى، چۈشىنەلمىگەنلەر نەچچە كۈن ئۆتمەي ۋەيران بولۇپ كەتتى.

ساراڭنى بازار ئوڭشايدۇ دېگەندەك بازار ئېھتىياجى بازارنىڭ ئۆزى ھەرقانداق دانىشمەندىنمۇ ئارتۇقراق تەڭشەيدۇ. شۇڭىمۇ بازار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن سودا تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلدى. كېيىن بولسا بازار ئاستا- ئاستا تەرەققىي قىلىپ 1997 _ 1998 - يىللارغا كەلگەندە VCD بازىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. VCD نىڭ ئۇيغۇرلاردا تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى ئۈنئالغۇ لېنتىسى بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇپ يېڭى سودا يولى VCD ئىشلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئەڭ ئاۋۋال ئىشلەنگەن VCD پىلاستىنكىلىرى سۈپەت جەھەتتىن ئۆلچەمگە توشمىغان بولسىمۇ يېڭى شەيئى بولغانلىقى ئۈچۈن زىيان كۆرۈلمىدى. كېيىن بازار ئېھتىياجىنىڭ زىللىشى، كىشىلەرنىڭ VCD پىلاستىنكىلىرىغا بولغان تەلىپىنىڭ ئېشىشى VCD لېنتىلىرىنىڭ ئىشلىنىش سۈپىتىدىن تارتىپ سۈرەتكە ئېلىنىشىغا قەدەر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى ياسىدى. مۇشۇ خىل تەرەققىياتتىن قارىغاندا بۇ بازار يەنىمۇ كېڭىيىدىغاندەك، ئاخىرى كىنو بازىرى شەكىللىنىپ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىدىغاندەك قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ غەلىبە. چۈنكى جۇڭگو ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا خېرىدارنىڭ كۆپلۈكى يىغىدىن ئېيتقاندا «جەننەت». كىنو، VCD ئىشلەشتە ئۇيغۇرلار جۇڭگوغا نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە. چۈنكى ئۇيغۇرلار چىرايىدىن تارتىپ مىجەزگىچە خەنزۇلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار خاراكتېر ۋە چىراي - تۇرۇق جەھەتتە غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېر، چىراي تۇرقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. خەنزۇ تاماشىبىنلىرىنىڭ غەربكە ئىنتىلىش خاھىشىدىن پايدىلىنىپ بۇ نۇقتىنى ئورۇنلاپ كېتىش تامامەن مۇمكىن. نۇرغۇن ئۇيغۇر كىنو چولپانلىرىنىڭ خەنزۇلار ئىشلىگەن كىنولاردا رولغا چىقىپ قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال. ئۇندىن باشقا پۈتۈن مەملىكەتتە قىزغىنلىق قوزغاپ نۇرغۇن ياشلارنىڭ چوقۇنۇشىغا سازاۋەر بولغان بىر ناخشىچى بار. ئۇنىڭ تەخەللۇسى كۆك بۆرە، ئىسمى ئەسقەر، ئۇنىڭ ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيىسىدە جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ياشلىرى قوغلىشىپ يۈرگەن مەردانىلىق، قوپاللىق، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى سەممىيلىك، بىۋاستىلىق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلارنىڭ مەلۇم ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قوپال، ئەركەكلەرچە ياۋايى

تۇرۇق ئەسەرنىڭ ئورقىدا سۈرئىتى يوسۇندا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر بېگىنلىرىنىڭ تەبىئىي تۇرق ئەۋزەللىكى بىلەن تۇغما ھالدا نامايان بولغان. ئامېرىكىنىڭ غەرب پادىچى مۇزىكىلىرى ۋە تۈرك مۇزىكىلىرى بىلەن ئەسەرنىڭ مۇزىكىلىرىدىكى تومۇرداشلىق ئەسەرنىڭ بەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەسەرگە ئوخشاش مىللىي خاسلىقنى زامانىۋى ئورتاقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىسەك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىشىكى ھامان ئوچۇق.

بېيجىڭدا ئەپەندى نامىدا بىر ئۇيغۇر رېستورانى بار. ئۇنى ئۇيغۇر رېستورانلىرى ئىچىدە سودىسى ئەڭ ياخشى بولۇۋاتقان رېستوران دېيىش مۇمكىن. مەن بۇ رېستورانغا كىرگىنىمدە بۇ يەردىن ئورۇن ئالماقنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئالدىن تىزىملىتىپ قويمىغاندا ئورۇن تەگمەيتتى. ئۇستەلمۇ - ئۇستەل سىغدىلىشىپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدا ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك بوشلۇقنى تاپقىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق جايدا ئۇيغۇر نەغمە، مەشرەپ كەيپىياتىنىڭ ھەقىقىي قۇدرىتىنى ھېس قىلدىم. رىياسەتچىنىڭ جانلىق، ياخشى باشقۇرۇشى ئاساسىدا كەيپىيات جانلىنىپ ھەتتا رېستوراندىكىلەر ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا شىرەدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرغۇزۇۋېتىپ شىرە ئۈستىدە ئۇسسۇل، دېسكولارنى ئويناشتى. نەسىردىن ئەپەندى دۇنياۋى شەخس، ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ۋەكىلى بولغان مىللەت. مۇبادا بۇ رېستوران تىجارىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان نەرسە نېمە دەپ سورالسا، بۇ رېستوراندىكى ھەقىقىي مەبلەغ ئاساسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

زىخ كاۋاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مىللىي تامىقى. ئۇ ئۆزىدىكى مىللىيچە پۇراق ۋە مەدەنىيەت بىلەن پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇردى. جۇڭگونىڭ نەرىگىلا بارسا كاۋاپدانلارنى كۆرۈش مۇمكىن. كاۋاپ ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پۈتۈن خەنزۇلارغا تونۇلدى. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، قۇياشتەك سارغىيىپ پىشقان، مەززىگە گۈل چېكىلگەن مەززىلىك ئۇيغۇر نېنى پۈتۈن جۇڭگوغا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى.

ئىستېمال جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاپتونوم رايونىمىز ناھايىتى چوڭ بازار. ئاز سانلىق مىللەت پىسخىكىسى، مەدەنىيىتىگە چېتىشلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە تېخى كىشىلەر دىققەت قىلىپ ئۈلگۈرمىدى. بىر مەزگىل شەھەر - بازارلىرىمىزدىكى ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئىچكىرىدىن كەلگەن خەلق ئۇستىچىلىرى ئۆز قولىغا ئالدى. لېكىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ بۇ بازار لىسبەتەن سۇۋۇدى. سەۋەب مىللىي پىسخىكا مەسىلىسى نۇرغۇن ئاتىلىلەرنىڭ يولىنى توسقان. ئاۋادا ئۇيغۇر ياغاچچىلىرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىللىرىمىز ئاساسىدا يېڭى شەكىللەرنى تېپىپ چىقسىچۇ؟ بىر قېتىم كورلا شەھرىدە خوتەندىن كېلىپ ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇستا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا «بۇ يەردە ئاساسەن ياغاچ نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. كۈنلۈك كىرىمىم 50 يۈەندىن تۆۋەن ئەمەس. ئىشنىڭ تولىلىقىدىن شەنبە، يەكشەنبىلەرمۇ ئارام ئالالمايمەن. بىر يىل بولدى خوتەنگە قايتىپ باقمىدىم...» دېدى. ھازىر ئۈرۈمچىدە ئۆي زىننەتلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. كىشىلەر يۇقىرىسى بىرەر - ئىككى يۈز مىڭ يۈەن، تۆۋىنى 10 - 20 مىڭ يۈەن بىلەن ئۆي زىننەتلەۋاتىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆينى شۇنچە پۇل خەجلەپ زىننەتلىتىپ پۇخادىن چىقمىغان. سەۋەب ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىي پىسخىكا ئۆزىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرالمىغان. بۇ بىر ئاجايىپ چوڭ بازار، ئەلۋەتتە.

يېپەك يولى پەردىچىلىك ئورنى قۇرۇلغىلى ئۇزۇن بولمىغان، ئېلان تەشۋىقاتىنى چىڭ تۇتمىغان ئەھۋالدىمۇ چوڭ مېھمانخانىلارنىڭ، نۇرغۇن ئىستېمالچىلارنىڭ زاكاس تالونىغا ئېرىشكەن.

شىنجاڭنىڭ مۇكەممەل تۈگىمەس خام ئەشيا مەنبەسى بىلەن ئىستېمال جەھەتتىكى كەڭلىكى بىرلەشكەندە مۆجىزىلىك تىجارەتلەر بارلىققا كېلىدۇ.

خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1998 - يىللىق 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىدا شۇنداق خەۋەر بېرىلگەن: نۆۋەتتە نۇرغۇن كارخانىلار مەھسۇلاتىنى ساتالماي ۋايساۋاتقان چاغدا خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھاراق زاۋۇتى



ئىشلەپچىقارغان ئانار ھارىقى ئېھتىياجغا يېتىشمەي قالماقتا. مۇخبىر زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسىدا بىر دۆۋە زاكازنى كۆردى، مال سوراپ ئۇرۇلغان تېلېفونلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتقان، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئوندىن ئارتۇق كارخانا ئالدىن پۇل تاپشۇرۇپ ئۆچىرەت بىلەن مال ئالماقتا. شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن، ۋۇخەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن خېرىدارلار شۇنداق دېدى: «بۇ كارخانا مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ئانار ھارىقى زاۋۇتى، بۇ ھاراق بازارغا چىقىشى بىلەنلا ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق بولغاچقا ئارىلىق يىراق، قاتناش قولايسىز ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنىلا بۇ زاۋۇتتىن مال زاكاز قىلدۇق».

1997 - يىلى 450 توننىدىن ئارتۇق ئانار ھارىقى، ئەترگۇل ھارىقى سېتىلىپ تۈگىدى. سېتىلغان ھاراق ئون مىليون يۈەندىن ئارتۇق، پايدا ئىككى مىليون توققۇز يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق.

مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدا خوتەندىن ئىبارەت خىلۋەت جايدا يۈز بېرىۋاتقان مۆجىزە.

## 5. ئويسكونە ئېغى ھەققىدە

ئويسكونە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار قوراللارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئويسكونە ئېغى تېخى خېلى قالاق. ئويسكونىدىن پايدىلىنىپ تىجارەت قىلىش، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى ئارقىلىق بازارنى ئىگىلەش تېخى ئەمدى بىخلىنىۋاتىدۇ.

بىزدە ئوغۇل بالا ئۈچۈن 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ دېگەن گەپ بار. دېمەك، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەمەلىي ماھارەتكە، قابىلىيەتكە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئىلگىرى بالىسىنى ھۈنەرگە بەرمەيدىغان ئاتا - ئانا ئاز ئىدى، ھازىرچۇ؟ زامانىمىزدا ھۈنەرنىڭ ئورنىنى ئويسكونە ئېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ياغاچچىلىق بىزدە خېلى كۆپ كىشى نان تېپىپ يەيدىغان كەسىپ ئىدى. ھازىر ئۇيغۇرلاردىن ياغاچچىلار ئازىيىپ كەتتى. سەۋەبى ھۈنەرنىڭ ئورنىنى ئويسكونە بىلەن ماتېرىيال ئىگىلىدى. ئۆي جاھازىلار ھازىر ئويسكونە ۋە تەييار ماتېرىيال ئارقىلىق پۈتىدۇ. سىز پەقەت ئويسكونىنى ئىشلىتىشنى بىلسىڭىز، ماتېرىيال سېتىۋېلىشنى بىلسىڭىز ھۈنەر ئۆگىنىشىڭىز ئىدىن ئەمەس. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەييار، ياكى يېرىم تەييار مەشغۇلات قىزغىنلىقى ئەۋج ئالدى.

ئويسكونىدىن باشقا بىلىمنىڭ كونسېرى يېڭىلىنىشى ھۈنەر - كەسىپلەرنى تېخىمۇ ئىلغارلاتتى. ئويسكونىلەرنىڭ ئىلغارلىقى، ئىقتىدارى تېخىمۇ ئىشىپ مۇرەككەپلەشتى.

مانا ھازىر كومپيۇتېرنى مىسالغا ئالساق، نۇرغۇن ساھەنى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ كومپيۇتېرنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە ئاجايىپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، كومپيۇتېردا كاتىپلىق، بوغالتىرلىق قىلىش، كومپيۇتېردا كىيىم تىكىش، كومپيۇتېردا سۈرەت تارتىش... دېگەندەكلەر. كومپيۇتېردا كىيىم تىكىشنى مىسالغا ئالايلى: كىيىم تىكىشتە كىيىم لايىھىسى ۋە ئۇنى پىچىش ئەڭ مۇھىم تېخنىكىلىق ئۆتكەل. لېكىن سىز ئۆمرىڭىزدە كىيىم پىچىپ لايىھەلەپ باقمىسىڭىزمۇ كومپيۇتېرنىڭ كىيىم پىچىش، لايىھەلەش سىستېمىسىنى سېتىۋالسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ. سىز ئەڭ ئۆلچەملىك كىيىم پىچقۇچىغا ئايلىنالايسىز. يەنى كومپيۇتېردا كۆرۈنگەن كىيىم لايىھە ئامبىرىدىن مۇۋاپىق بىر لايىھىنى تاللاپ، رەزمىلىرىنىڭ سانلىرىنى، كونكرېت ئۆلچەملىرىنى كىرگۈزسىڭىزلا خاتاسىز ھالدا رەخت چوڭلۇقىدىكى ئاق قەغەزگە پىچىش سىزىقلىرىنى بېسىپ چىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ قەغەزنى رەختكە قويۇپ قەغەزدىكى سىزىقلار بويىچە رەختنى كەسسىڭىزلا پىچىشتىن ئىبارەت ئۆتكەل ئورۇنلىنىدۇ.

ئالتۇنى بار كىشىلەرگە قارىغاندا ئالتۇننى قېزىشنى بىلىدىغان كىشى بولۇش كېرەك.

ھازىر بىز ئۈچۈن ئويسكونە ئىشلىتىش ماھارىتى ئەڭ زۆرۈر بىلىم بولۇپ قالدى. مەسىلەن، يېقىندا بىر تىجارەتچى ئىچكىرىدىن 500 مىڭ يۈەنگە بىر ئويسكونە سېتىۋېلىپ ئۇنى ئىشلىتەلمەي بىر يىل بىكار تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، مەبلەغنى بىكار تۇتۇپ ياتقانغا چىدىماي ئويسكونىنى ئىشلىگەن زاۋۇتقا يېرىم باھادىنمۇ تۆۋەن باھادا سېتىۋەتكەن. ھازىر تىجارەتچىلەر ئويسكونە سېتىۋېلىشقا قارنى ئاغرىمايدۇكى، ئويسكونە بىلەن بولىدىغان تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەننەرخىگە دىققەت قىلىشنى خالىمايدۇ.

ھازىر بەزى ئۇچۇر شىركەتلىرى ئويسكونىلەرنى سېتىۋېلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش مۇلازىمىتى ئارقىلىق پۇل تاپماقتا. ئەڭ ياخشىسى ئويسكونىلەرنى شىنجاڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئارقىلىق سېتىۋالغان ياخشى، يېقىندىن بۇيان قىزىل بايراق كومپيۇتېر بازىرىنىڭ 4 - قەۋىتىدىكى ئەنقا ئۇيغۇر سوفېت كومپيۇتېر تىجارەت ئورنى كومپيۇتېر سۈرەتخانىسى ۋە كومپيۇتېردا VCD ئىشلەش، كومپيۇتېردا كىيىم لايىھەلەش ئويسكونىلىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشنى بىر گەۋدە قىلغان ھالدا كومپيۇتېر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان يېڭى تىجارەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە يول ئاچتى.

(داۋامى كېلەركى ساندا)




*__ئاپتوردىن:__ ئادەم تەنھالىقتىن باشلىنىپ تەنھالىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ قىسمىتى ھەر خىل ئادەم ۋە ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەنە شۇ ئادەم ۋە ھادىسىلەر قاينىمىدىن ئۆزىنى ئىزدەيدۇ. مەڭگۈ قانمايدىغان بىر خىل تەشنالىق تۇيغۇسى ئۇنى ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ پەقەت ئۆزىلا ئىكەنلىكىنى ياكى ھەممە نەرسىنىڭ ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ غايەت زور بوشلۇق ئىلكىدىكى مۇمكىنسىزلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.*

*ئويلايمەنكى، ھەربىر شېئىر بىر خىل ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى. شېئىردىكى ماكان ۋە زامان ھالەتلىرىنىڭ مۈزىكىلىق رەڭ قاتلاملىرى شۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ سالمىقىغا تون پىچىدۇ. ئەمما بۇ تونىڭ يارىشىملىق ياكى يارىشىملىق ئەمەسلىكى سەممىي ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا ھاۋالە.*

يۇم كۆزۈڭنى، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل.
ـ جالالىددىن رۇمى

**1**

ئىزتىراپتا ئېرىگەن ۋاقىت
قۇچاق ئاچار تەنھا خىيالغا.
ئېسەدەيدۇ باھارنىڭ ھىدى
نوتىلارنىڭ بوغۇنلىرىدا.
ئەكس ئېتەر
ئالۋۇن كەبى سەرخۇش بىر چېچەك
پەرىشتىنىڭ تۇغۇملىرىدا.

ھىجران ئارا بىخلانغان قۇياش،
ھەسرىتىنى دېرەكلەپ كەتكەن.
چاقماق چېقىندىسىغا گىرىپتار ئاسمان،
بۇلۇتلارنىڭ غۇۋۋا ئېسىدە
سەۋر سىزىقىنىڭ چېكىگە يەتكەن.

**2**

تۇرنىلار
باشلاپ كېلەر پەرۋازلىرىدا،
پىرچەڭگىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى.
يالقۇنغا ئوراپ
قىيامەت جىلۋىسىدە تىپىرلىغان ـ
ئاشىق ئۆيىنى.
پىرچەڭگە ـ
چىكىلمىگەن تار
تۆكۈلمەس كۆز ياش
رىۋايەتكە كۆمۈلگەن يۈرەك!

**3**

سەن تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بوۋاقتەك تاقەت بىلەن ئىشكتىن كۆزۈڭنى ئۈزمەي ئولتۇرسەن، ئەمما خىيال قۇشلىرىڭ ساڭا باقمايدۇ؛ چۈنكى ۋاقىت تۈگىگەن...
بۇرۇنىسىدا
دەقىيانۇسنىڭ زامانىسىدا،
دۇنيا جەننەت ئىدى ـ جەننەت بىر دۇنيا.
ئاقار ئىدى
ئېرىقلاردا بەخت ـ سائادەت،
ئۆستەڭلەردە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت،
ھەر قەترىدە قۇياش مۇھەييا.
ئۇندا ياشار ئىدى
تەڭرىنىڭ ئەركىسى،
پەرىشتىنىڭ سەركىسى،
ئادەم ئاتا ھەم ھاۋا ئانا.
سۇرگۈنگاھتا سارغايدى، پىشتى،
ئەقىل ئېلىپ كەلگەچكە گۇناھ.
شۇندىن بېرى
يىلاننىڭ ئىنسانغا سوۋغىسى ـ
بولۇپ قالدى قۇتلۇق پۇشايمان.
تاشلاندۇق ئولجىغا ئايلىنىپ دۇنيا،

سۆرەپ كەلمەكتە ھەسرەت بوّكىنى
ھايات ھارۋىسىغا قوشۇلغان زامان.

**4**

سەن ئىشكتىن كۆزۈڭنى ئۈزمەيسەن، ئۈزۈڭنى بىلگەندىن بېرى ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ھېچنەرسە ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرىسەن. سەن ئۈنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشۇ ئىشكتىن كىرىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىەتتىڭ. ھازىرمۇ شۇنداق، كىم بىلىدۇ، بەلكىم مەڭگۈ شۇنداق بولار...

ئايلانغاندەك
تەن قويۇنى تىۋىنىپ جاننى،
زېمىن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنار ھامان.
قەبرە ياسار
قىيامەت كۈيىنىڭ توزانلىرىدىن،
كۈندۈزگە گۈگۈم، گۈگۈمغا كېچە، كېچىگە سۈبھى،
يوقلۇققا بارلىق، بارلىققا زامان.
چەكسىز ئۇزۇن بۇندا دەقىقە
ئۇزۇندۇر يۈرەكتىن يۈرەككە تۇتىشىش ئالدىداتۇرغان



رىشىدىن.
بەلكىم
ۋاقىت ئۆلچەمسىگەندۇر بۇندا ئۇزۇندىن بېرى.
بۇ - ئۈمىد دەقىقىلىرى،
بۇ - كۈتۈش دەقىقىلىرى.
ئەمما
تەڭرىنىڭ پەيغەمبەرنى كۈتۈشكە ئوخشىماس
ئەسلا بۇ كۈتۈش.
بەلكىم
ھايات دېمەكتۇر بۇ كۈتۈش.

بەلكىم
ئۆلۈم دېمەكتۇر بۇ كۈتۈش.
بەلكىم
ھايات - مامات گىرمىسىدىكى
كۆرۈم دېمەكتۇر بۇ كۈتۈش.

**5**

تۇساتتىن يەر - ئاسمان لەرزىگە كەلگەندەك بولدۇ. يىراقتىن دىسلىپىدە تەسەللىگە ئوخشاش مۇۋا ئىگرائىش، كېيىن قانائەتكە ئوخشاش يارقىن بىغا ئاۋازى كېلىدۇ. دېمەك، كىمنىڭدۇر روھى چېچەكلەپ، ساۋابلىق بىر ۋۇجۇد ئۆزىنىڭ ئىزگۈ گۇناھلىرىنى ئىزدەپ قەدەم تەشرىپ قىلغان.

كىم ئۇ
سۈكۈنات قومۇشىدىن نەي ياساپ چالغان؟
كىم ئۇ
ئاسىيلىق تامغىسىنى ساداقەت تاجى دەپ بېشىغا كىيگەن؟
كىم ئۇ
گۈگۈم قوينىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تۇنجى يىغىسىغا قۇلاق سالغان؟
كىم ئۇ
زېرىكىشتىن ياسالغان ئازاب قونچاقلىرىنى بالام دەپ يۈرگەن؟
كىم ئۇ
قەبرىسىگە ھەيكەل تۇرغۇزۇپ، ماتىمى ئۈچۈن تۇغ ياساپ شۆھرەت قازانغان؟
كىم ئۇ
غەپلەت توزانلىرىدىن گۈل تىزىپ چۈشلىرىنى قۇتلۇقلاپ يۈرگەن؟
كىم ئۇ
ئۆز ئەكسىدىن رەنجىپ ئەينەكنى چاققان؟
كىم ئۇ
چەكسىزلىكتىن سائەت ياسىغان؟
كىم ئۇ
يالقۇن رەڭلىك قۇياشقا قاراپ،
كۈلەلمىگەن ئۆمرىدە بىر رەت؟
كىم ئۇ...
كىم ئۇ...
كىم ئۇ...

**6**

سەن ئىشكتىن كۆزۈڭنى ئۈزمەيسەن. بېشىڭ قايغاندەك، كۆزۈڭ تالغاندەك، كائىنات بارا - بارا

كىچىكلەپ ۋۇجۇدۇڭ تۇنىشىغا سىغمايۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ...

يىراقتىن سۇس ئاپاغ تۇتۇنى ئاڭلانغاندەك، ئاپاغ تۇتۇنى يەنىمۇ يېقىنلاپ كەلگەندەك بولىدۇ. سەن روھلانغان ھالدا تۇنىشىغا سوئاللارنى ياغدۇرۇشقا باشلايسەن:

– سەن كىم؟

– سەن كىم؟

– ئۇمۇچۇكلەر يۇرىكىڭنى يەپ كېتىدۇ.

– ئۇمۇچۇكلەر يۇرىكىڭنى يەپ كېتىدۇ.

– سەن ئالجىپسەن؟

– سەن ئالجىپسەن؟

– تەڭرى سېنى جازالايدۇ؟

– تەڭرى سېنى جازالايدۇ؟

... ... ...

ئاپاغ تۇتۇنى ئاستا يىراقلاپ كەتكەندەكبولىدۇ ...

مىڭ يىللىق غۇسسىدىن يارىلار ئادەم،
مىڭ يىللىق تاقەتتە چېچەكلەر كۈتۈش.
ئۇنىڭ جىلۋىسى مىڭ يىللىق ئازاب،
ئازاب سايىسىدە شېرىن بىر كۆيۈش.
دوقمۇشلاردا يۈرەر تەمتىرەپ،
سۆيگۈ شەكلىلىك بىر يۈرەك.
چىرىگەن قەپەسلەردىن ئۇزۇۋېلىپ گۈل –
ئېتەك ۋە ئېتەك.

ئۇچۇپ كەتكەندەك
قۇشقاچ بولۇپ يوپۇرماق
باھار توزىغان.
ئۆكسىمەكتە
كىرپىكلىرى نەملەنگەن يوللار
كارۋان ئۇزىغان.
كېتىپ قالار
ھەسرىتىنى قۇملارغا تۆكۈپ،
كېمىسىنى يوقاتقان قىرغاق.
سېھىرلەنگەن بۇلاق بويىدا
ئۆز - ئۆزىنى چاقىرار كاككۇك
ئۇزاقتىن ئۇزاق...
كېتىپ قالار
يامغۇر كەبى ئېرىگەن بۇلۇت.
تام تۈۋىدە كۈيلەر چېكەتكە:
يەتمەك بولساڭ ئەگەر ھەممىگە.
ئۇنۇت، ئۇنۇت ھەممىنى ئۇنۇت!

7

ئىشىكتىن كۆزۈڭنى ئۈزمەي كۈتىسەن، بۇ كۈتۈش ساڭا جان تالىشىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆلۈمسىرىشىگە ئوخشاش تاتلىق تۇيۇلىدۇ.

يىقىلىسەن
پەرۋازىڭنى قۇشلارغا بېرىپ،
تامچىلارنىڭ ئېتەكلىرىگە.
بىلىق بولمايسەن
لەھەك بولمايسەن
ئۈيۈلارسەن



بوزغۇنلارنىڭ ئۈستەكلىرىگە.
مۈكلۈق تاشلار سىيلىمايدۇ بېشىڭنى،
قولۇللەر سۈرتمەيدۇ ئېتىڭنى،
قىسمىتىڭنى ئۈزۈك بىلسەن،
ئېيتالمايسەن ئەمما بىرىگە.

كائىنات نەي چېلىۋاتقاندەك، شاماللار ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، ئۈزۈك مۇزلىنغاندەك بولىسەن. كۆزۈڭنى ئىشىكتىن قىيالماسلىق بىلەن ئۈزۈپ ئەتراپقا قارايسەن. شۇ چاغدىلا ھەممە نەرسىنىڭ، كائىناتىڭمۇ، شامالارنىڭمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئۈزۈڭنىلا يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەمگە ئوخشاش يەككە-يېگانە قالغانلىقىڭنى بىلىسەن.

تىلسىملىق شەھەر
قەلئەلىرى بالقۇندىن،
قەسىرلىرى ئالتۇندىن پۈتكەن.
سۆيگۈ كوچىسىدا ھىجران تەنتەنە،
جىمجىتلىقنىڭ ئىشىكى پۈتكەن.

بىر قەدىمىي مۇنار ئۈستىدە
ئولتۇردۇ جادۇگەر موماي،
شاتۇتىغا ئىمان ئۆگىتىپ:
– مەن پەيغەمبەر.
– مەن پەيغەمبەر.
– سەن بەندە،
– سەن بەندە.
– ئېسىپ قوياي تىل تۇمار پوتوپ،
– ئېسىپ قوياي تىل تۇمار پوتوپ.

**8**

سەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، ئويغىنىپلا يەنە ئۇنى سېغىنغاندەك تەرتىپسىز خىياللارغا غەرق بولسەن...

(1)
قۇياش ئاسمانغا ئېسىلدى،
ئاي تاغنى تارتۇقلىدى.
يۇلتۇز دېڭىزغا شۇڭغىدى.

(2)
قۇياش – بىزنىڭ كۆزىمىز.
ئاي – بىزنىڭ دىلىمىز.
يۇلتۇز – بىزنىڭ سۆزىمىز.

**خاتىمە**

مەن
قاناتلىق كويگە ئايلاندىم،
شامال سۆزىدە.
مەن
تەنها قۇشقا ئايلاندىم،
ئاسمان كۆكسىدە.
مەن سىرلىق چۆشكە ئايلاندىم،
دېڭىز ئەكسىدە.
مەن تاشقا ئايلاندىم،
كۆتۈش تەكتىدە.

## قان قوڭغۇرىقى

**يالقۇن ئەزىزى**

قىنىڭدۇر قوڭغۇراق جىرىڭلاپ ئاققان،
ئاھ! ئادەم قېنىڭنى سۆيسەن قەۋەت.

ئۇ ئالتۇن يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ تال - تال،
تومۇرۇڭ ئىچىنى يورۇتار پەقەت.
روھىڭنى ئايلىنىپ چىقسەن تىمتاس،
چۈلغۇغاچ تېنىڭنى ئازاب، پەرىشان.
بولاقنىڭ سۆيىدەك ئاقار شەكىللەر،
قاراڭغۇ سايەڭنىڭ ئىچىدە لەرزان.

چېھرىڭنى يورۇتقان شەپەق يالقۇنى،
سۆيگەندە ئەركىلەپ گۈللەر بەرگىگە.
لۆمۇلدەر ئىچىڭدە كۆمۈش قۇرتلار،
سەن گويا ئوخشايسەن كونا قەبرىگە.

قىنىڭدۇر قوڭغۇراق جىرىڭلاپ ئاققان،
ئاھ! ئادەم قىنىڭنى سۆيسەن قەۋەت.
قۇلىقىڭ تۇۋىدە ئۇنىڭ ئاۋازى،
يارلانغان بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ پەقەت.

## چۆكۈش

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

ئېچىرقىغان قۇشتۇر يۈرىكىم،
مۇھەببەتنىڭ باياۋانىدا.
چېچەكنى كۆرمىدى ھېچكىم،
باھار بولۇپ ئۇنسەممۇ ھەتتا.

ئاشىقلىققا سۇنۇلغان بىلەن،
ئوت ياققان يوق تېخى كېچىگە.
قانسام ئەگەر، بۇيۇك ئېچىرقاش،
چۆكۈپ كېتەر زۇلمەت ئىچىگە.

## ئىككى شېئىر

**قەھرىمان روزى**

### يالغۇزلۇق

بەسى مۇشكۇل تاڭنىڭ ئاتمىقى،
بولدۇم كېچە مازار چاشقىنى.
ئۆپلەر مازار، تەنلەر ئىسكىلىت،
ئايالىمنىڭ ئۆيدىن قاچقىنى.

شىرە، كۆلدان، ئۈستەل چىرىغى،
تاش بالبالدەك سوغۇق شۇ قەدەر.
سۈس لەپىلىگەن تونۇش مانالار،
ئۇخلاپ قالار، مەن ئۇخلىسام گەر.

ئەسنەك ۋۇجۇد سوپلىماس پەقەت،
ساھىلىمدا ياتار جىمجىتلىق.
ئۇيقۇ، ئۆلۈم، تورىغان بەدەن،
كارىۋىتىمدا سوغۇق لىپمۇلىق.

## كۆچمە قوم قوشىقى

سارغۇچ، كۆكۈچ دانچىلار،
بوران ئۆزرە يانچىلار.
گاھى تىترەر، گاھى شوخ،
يەر كۆكسىگە سانچىلار.

كۆيەر ئاتەش قوينىدا،
بەك ئېغىر يۈك بوينىدا.
گاھى تىترەر، گاھى شوخ،
جان ھۇزۇرى ئويىدا.

كۆپۈكلەردە لەيلىمەس،
كۆكتە ناۋا ئەيلىمەس.
دېڭىز، زېمىن، باياۋان،
قۇمسىز ئوسال؛ شاد ئەمەس.

چايقالغاندا باياۋان،
كۆچمىسە قۇم خىرامان؛
كۈلۈپ تۇرار ساھىللار،
بوراندا تىك تاش ئورمان.

## ئىنتىلىش

### ئېزىز نامان

مەن ئۆزۈمنى ياراتتىم ئاخىر،
ھېچكىم سەزمەس گۈزەل تۇيغۇدا.
روھىمدىكى ئاجىزلىقىمنى،
سىزىپ قالدىم سېنىڭ جىسمىڭدا.

ۋۇجۇدۇمغا تولۇپ ئاقۇمەت،
يىرگەندۈردۈڭ مېنى ئۆزۈڭدىن.
ھېس قىلدۇردۇڭ مېنىڭ قەلبىمدە،
پۇل ۋە ھوقۇق قىممەت ھەممىدىن.

ياشماقنىڭ بىر يوچۇن شەكلى،
چىرىتالماس ھەممە تېنىمنى.
بىر خىل روھىي ئەركىنلىك ئۈچۈن،
چوڭقۇرلۇقتىن تارتتىم ئۆزۈمنى.

## ئۈمىد تەزكىرىسى

### تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

1

تەنلىرىمگە يېپىلماقتا خىلۋەت بىر سىماھ،
خىياللىرىم گەردىشىدە سىلكىنەر بىر ئاي...
قاشالانغان قەدەملەردە ئاقىدۇ دەريا،
ياش شەكىللىك چىغىر يولغا ئايلاندى توقاي.
قاسراقلارنىڭ ئارىسىدىن يېرىلماقتا نۇر،
يېرىلماقتا بەلكى بىرەر جامال مەن ئۈچۈن.
سۇسىرىغان يۈرىكىمدىن ئاقىدۇ ئەگىز،
نىقابلانغان بىر ماكان بار سۆيگۈمدە پۈتۈن...

نىقابلانغان قۇياش... ماكان...
ئۈمىدلىنىش، ھەسرەت...
مۇڭ ناخشىلار تىزمىسىدەك ئۆتمەكتە ۋاقىت.
سېنى سۆيۈش ئۈچۈن قېنىم بولماقتا بەدەل،
ئەگەر گۇناھ بولسا مېنى قىلغايسەن ساقىت...!



2

كەتتى يانۋار، فېۋرال، يەنە مارتمۇ ھەممىسى،
يېشىم بىلەن سارغايماقتا يېشىل ئورمانلار.
قاشالايدىغان قەدەملەردىن ئاقىدۇ دەريا،
ئاقىدۇ ۋە تۈرمەكلەنگەن يېشىل ئارمانلار.

نىقابلانغان ماكان... قۇياش...
ئۈمىدلىنىش، ھەسرەت...
كۆزنىكىمنى چوقۇلايدۇ ئاققۇ شەكىلسىز.
گىرەلەشكەن چۈشلىرىمگە گىرەلەشكەن تەن،
تەنلىرىمدىن ئۆركەشلەيدۇ قۇياش تىۋىشسىز...
روھىم ئارا يېپىلماقتا بىر خىلۋەت سىماھ،
يۈرىكىمدىن بىخلانماقتا قايتىلاپ ئۈمىد.
دېڭىزىڭدا كۆيمەكتە بۇ ۋۇجۇد زەررىسى،
ئالتۇن بەتلىك تارىخ بولۇپ ياناماقتا سۈكۈت...

ھاراق
رومكىسىدا ئازنىن بىر قىز
جىلۋە قىلار تاتلىق ئۈمىچىپ.
بىلمەس ھاراقكەش
بىلەلمەس ھەرگىز.

تاماكا،
تۈتۈنلىرىدە سۆيگۈ يۈرىكى
سوقار شۇ دەقىق ئاچچىق يۆتىلىپ.
يۈرەر ئادەملەر،
نامۇ - نىشانسىز.
قايناق ھاياتنىڭ قوينىغا چۆكۈپ،
ھەققىي ئۆلۈمگە چەكسىز ئىنتىلىپ.

## ئۆلۈم

### بېلقىز تاھىر

ئۆلۈم
كۆكتە لەيلىگەن سەرسان ئەقدە،
سۈپسۈزۈك سۇدەك.



تېرىپ ئۇيىنار زېمىندا سارغايغان ياپراقلارنى.
يېشىم بىر بالا
توپ - توپ ئۆلۈمدەك.

## يالغۇز قەبرە، يېگانە يۈرەك

### غۇنچەم قادىر

يۈرىكىمگە كىرىۋال ئاستا،
قارا يەرگە قويغۇم يوق سېنى.
سەنسىز تۇرۇپ سېنى سېزىمەن،
سوغۇق ئازاب سۆيىدۇ مېنى.

بىر ئاق كەپتەر تۇرار بۇقۇلداپ،
شۇۋاق باسقان قەبرە بېشىدا.
تۇپراق قوينى جەننەتمۇ ساڭا،
جىلمىيىسەن قەبرە تېشىدا؟

سۇرتۇپ قويماق بولۇپ يېشىمنى،
بىر كىم تۇرار ياغلىقنى تەڭلەپ.
خىيالىمدىن كەتمىگىن قېچىپ،
تەنھالىقتا ماڭدىم ئىچكىرلەپ.

يالغۇز قەبرە يېگانە يۈرەك،
ئۈن - تىۋىشسىز كەتتى يىراقلاپ.
شۇۋاق ھىدى سىڭگەن تېنىمدە،
مۇڭلىنىش ئازاب كۆلدى پورەكلەپ.



# بوۋاينىڭ ئۆلۈمى

## (ھېكايە)

ئېلتېكىن

ئەھۋال راستىنلا بوۋاينىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان كۈندىن تارتىپلا باشلانغان ئەيىبلەشلەر پەقەتلا تۈگىمىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بوۋاينىڭ ئۆلۈمى بولمىغان بولسا، قىلىشقا تېگىشلىك باشقا سۆزلىرى يوقتەك قەيەرگە بارمىسۇن، بوۋاينى قارغاپلا گەپ قىلىشاتتى. قاق سەھەردە بولۇپ قالدىغان ئەرزىمەس پاراڭدىن تارتىپ، يېرىم كېچىلەردە بولۇپ قالىدىغان ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكىچە بوۋاينىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە پاراڭ بولاتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىردەك «بوۋاي يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغاندىمۇ نېمىدەپ ئەرزىمەس كۈلكىلىك كۆتمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغاندۇ؟» دەپ ئويلىشاتتى. بوۋاي، «ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈمىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، باشقىلار شۇنچە ئويلىنىپمۇ بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىدىكى مۇددىئانى چۈشىنەلمەيتتى. ناۋادا ئىلگىرى مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ۋەقەسى (كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق دەپ ئويلىشاتتى) يۈز بەرگەن بولسىغۇ مەيلى، ئەمما مۇنداق ۋەقەنى ئۇلار پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان، بولۇپمۇ بۇ يۇرتتا بۇرۇن پەقەتلا يۈز بېرىپ باقمىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيران قېلىشتى. بوۋاينىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ، دوست - بۇرادەرلىرىمۇ بوۋاينى ئەيىبلىمەي قالمىدى. بوۋاينىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى تىنىكەندەك يالغۇز قىزىمۇ ئۆزىنى يوتۇللەي يوقىتىپ قويغانىدى. قىز كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ گەرچە ئادەمنىڭ ھامان بىر كۈنى چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ياشىنىپ قالغان دادىسىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىكى سەۋەبنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. كىشىلەر قىزنىڭمۇ بوۋايدەك «ئەخمەقلەرچە» ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆيگە سولاپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇشتى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە خاتىرجەم بولالماي، قىزغا مەھەللىدىكى تەڭتۇش قىزلاردىن بىرنى ھەمراھ قىلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. قىز بوۋاينى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. قىزغا بۇ دۇنيادا بوۋايدىنمۇ يېقىن ئادەم يوق ئىدى. بوۋايمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇمۇ قىزىنى بىرەر كۈن كۆرمىسە چىداپ تۇرالمايتتى. مانا ئەمدى بوۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، قىز ھەرقانچە قىلىپمۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىدى. ئۇنىڭ تورۇسقا قاراپ پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ھامان بوۋاينىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بوۋاي مەڭگۈ ھايات ئىدى.

«... مېنىڭ ئۆلۈمىنى باشقا كىشىلەر چۈشەنمىسە مەيلى، ئۇلارنىڭ مېنى قىرىغاندا ئالجىپ قاپتۇ، ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دېيىشى بىلەنمۇ بەرۋايىم يەلەك. بۇنى پەقەت مۇنۇ قىزىملا چۈشەنسە بولاتتى. چۈنكى مەن پەقەت مۇشۇ قىزىمنى دەپلا ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالدىم. ناۋادا مېنى ئۇمۇ چۈشەنمىسە، ئۇمۇ مېنى ئالجىپ قاپتۇ دېگەنگە چىقارسا، ئۆلۈۋېلىشىمنىڭ نېمە پايدىسى

بـولسـۇن؟» دەپ ئـويلىـغـانـدى بـوۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى. ئۇ جىمجىت ئـولتۇرۇپ ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيتى ئۈستىدە ئويلىناتتى، كىشلەرنىڭ ئۆلۈمنىڭ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ۋاقىتتىكى ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيتىنى سۆزلىگۈسى كېلەتتى. ئەمما ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز سۆزىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ ئىشتا بىرقانچە كۈن ئىككىلىنىپ دېلىغۇلدا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاخىرى مـۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يولنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. بوۋاي تۇرۇپلا ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىدى: «كىشلەر چوقۇم مېنى قېرىغاندا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قاپتۇ دەپ ئـويلايدۇ، ئـۆزۈمنـى ئـۆلتـۈرۈۋېلىشمنى، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئەرزائىلىنىڭ قەدىمى يېقىنلاشقاندا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشمنى دىنىمىزغا يات دەپ قاراپ ئۆلۈممنى ئۇزاتمايدۇ، ئۆلۈكمنى ئەخلەت تۆككەن ئازگاللاردىن بىرەرسىگە كۆمۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن، بىراق قىزىمچۇ؟ ئۇمۇ مېـنـى چـۈشـەنـمـەسـمـۇ؟ ...». بـوۋاينىڭ خىيالى چېگىشلىشىپ كەتتى، ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، قىزىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى.

بـوۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ 7 - كۈنى كېچىسى قىز، چۈش كۆردى: چۈشىدە بوۋاينىڭ تۇچتەك ئاقارغان چاچ - ساقاللىرى قىپقىزىل ئوتقا ئايلىنىپ لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرارمىش، ھېچقانداق كىيىم ئارتمىغان بەدىنىدىمۇ ئوت يالقۇنى تەپچىرەپ تۇرارمىش. قىزنىڭ دادىسىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە قاراشتىن ئىزا تارتىپ كۆزلىرىنى توسۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان قوللىرىمۇ چوغدەك قىزىل تۇرارمىش. بوۋاي ئـارقىـسىغا چېكىنگەنسېرى قىزنىڭ ئۇنى قوغلىغۇسى كېلەرمىش. قىزنىڭ كىيىملىرى ئوتتا پۇتۇنلەي كۆيۈپ كەتكەنمىش. ھەممەياقنى قاپلىغان ئوت دېڭىزى ئىچىدە قىـپيالىڭاچ ھالەتتە يۈيۈنۈۋاتقانمىش. بوۋاي قىزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن سۇ ئىچىدە ئۇنى قـوغلاپ يـۈرەرمىش... قىز «ۋايجان!» دەپ قاتتىق ۋارقىـراپ ئـويغىنىـپ كەتتى. ئۇ قاتتىق قورقۇپ، سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇردى. قىزنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ قىزىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان قىز ئالدىراپ-تېنەپ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن قاتتىق ئـۇرۇشقـا بـاشلىدى. ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغان بولغاچقا، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇمۇ قورقۇپ

يـىغلاشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ قىزى تېخىچە جۆيلۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن: «ئوت كەتتى!» دېگەن سۆزنىلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مەھەللە ئىچىدە قىيامەت قايىم بولدى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى، پۈتۈن ئەتراپقا ئوت كەتتى، قىزنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان ئوت ھەممە ياققا تۇتاشتى...

ئەتىسى سەھەردە بوۋاينىڭ ئىشىكىنى ئاچقان كىشلەر ھەيران بولۇپ ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى. ھەممىلەن بىـردەك «تـوۋا خـۇدايـم!» دېـيـىشىپ ياقىلىرىنى چىشلـەشتى. بوۋاينىڭ قىزى كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىپ تاشلىۋېتىپ، قىپيالىڭاچ ھالەتتە سۇپا ئۈستىدە يۇمۇلاڭلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن: «ئوتنى كۆيگىلى قويۇڭلار! ئۇنى كۆيگىلى قويۇڭلار!» دېگەن سۆزلەرلا ئاڭلىناتتى. بىر توپ كىشىنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قـارىـشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قىز ئۆزىنىڭ سۇپا ئـۈستـىگە قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان كىيىملىرىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئاتتى. كىشلەر ئاللاغا تـوۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، كەينىگە داجىشتى. قىز قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، پەگادىكى كىيىملەرنى ئېلىپ ئۇلارنى يىرتىشقا باشلىدى. يەنە بىر قىز ئۆينىڭ بىر بـۇلـۇڭـىدا قېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈك يا تىرىكلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. قىزنىڭ قىپيالىڭاچ ھالەتتە سـىرتقـا چىـقـىـپ قـالايمـىقـانچىلىق چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەن بىرى، ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاۋۇالقىدەك سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويدى. بۇنى كۆرگەن قىز ئاغزىنى قويۇۋېتىپ، سىرتتىكىلەرنى تىللاشقا باشلىدى:

- ھـۇ ئـىـمـانسـىـزلار، ئـالدامچـىـلار، پەسكەش چـۈپرەنـدىـلـەر، ھـەممـىڭ كـۆزۈمـدىـن يوقىلىش! ھـا ـ ھـا ـ ھـا!... ئوتنى ئۆچۈرمەڭلار! ئۇنى كۆيگىلى قويۇڭلار! دادامىمۇ ئوتتا كۆيۈپ كەتسۇن! مۇنۇ قانجۇقنى بوغۇزلايمەن، ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىمەن!

مەھەللە ئىچى ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى. كىشلەر بۇ ئىشلارنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالدى. يۇرتنى تاشلاپ چىـقـىـپ كەتمەكچى بولغانلارمۇ بولدى. ئادىمى سانى يىگىرمىگىمۇ يەتمەيدىغان بۇ كىچىككىنە مەھەللىدە بىر بوۋاينىڭ ئۆلۈۋېلىشى بىلەن يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى ئـاڭلىـغـۇچىلارمۇ دىسلەپ پەقەت ئىشەنمىدى. ئەمما ئۇلارمۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ھەيران بولۇشتى. بارا - بارا بۇ ئىش ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ تېخىمۇ سىرلىق تۈس ئالدى، بىر بوۋاي تويۇقسىز

ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا دادىسى ئۆلۈۋالغان ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىماپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭمۇ ئۆلۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەھەللىدىكى بىر قىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن، بۇ قىزمۇ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى بوۋاينىڭ قىزى ياتقان ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ سىرتقا پەقەت چىققىلى ئۇنىماپتۇ. كىشىلەر ئاخىرى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى ھەمىشە «ئوت كەتتى!» دېگەن سۆزنىلا دەيدىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھەمىشە ئوت ئۇچقۇنداپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئۆي ئىچىدە ھېچنەرسە يېمەي ياتقىلى تۆت ئاي بوپتۇ، ئۇ كېچىلىرى تورۇسقا قاراپ كىمدۇر بىرى بىلەن بىز چۈشەنمەيدىغان بىرخىل تىلدا سۆزلىشىپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ گېپىنى پەقەت بىر پادىچى تازلا چۈشىنەلەيدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى قىز ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە بېشىنى تىقىپ يىغلاپ چىقىدىكەن. بۇ تازنى قىزدىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدىكەن. بۇ پادىچى تاز كىشىلەرگە «بۇ يۇرتتا چوقۇم قاتتىق ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنىمۇ ئالجىپ قالدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ. ئەمما بوۋاينىڭ ئۆيىدىن ھەر كېچىسى ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن بەزى كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ. تازنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ ئوت ئاپىتى بىر يىل ئىچىدە چوقۇم يۈز بېرىدىكەن... بۇلارنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر كىشى قورقۇنچقا چۈشمەي قالمايتتى، ئەمما چۈمۈلىدەك تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈشكىلا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ كىشىلەر بۇنداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ ئېرىنەتتى.

بوۋاينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىشىنىش قىيىن بولغان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغان تازنىڭ، قەيەردىن كەلگەنلىكى باشتىن - ئاخىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالغانىدى. بوۋاينىڭ پادىلىرىغا قارىشىپ بېرىپ جېنىنى جان ئېتىدىغان بۇ يېتىم بالىنى مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «پادىچى تاز» دەپلا چاقىراتتى. بەلكىم ئۇنىڭمۇ دادىسى ئەزانچىلاپ قويغان بىر ئوبدان ئىسمى بولغان بولغىيتتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئۇنى پادىچى تاز دەپ چاقىرىشى ئۇنىڭغا شۇ پېتىچە ئىسىم بولۇپ سىڭىپ قالدى. پادىچى تازنىڭ بوۋاينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا يوقاپ كېتىشى كىشىلەرنى سەل گۇمانغا سېلىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ مەھەللە ئىچىدە قايتىدىن پەيدا بولۇشى كىشىلەرنىڭ پادىچى تاز ھەققىدىكى گۇمانلىق خىياللىرىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كۈنى پادىچى تازنىڭ مەھەللە سىرتىدىكى بىر ئورمانلىقتا سەۋدايىلارچە ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر بار ئىدى. بوۋاينىڭ نامىزى چىقىرىلغان كۈنىمۇ مۇشۇ تازلا بېشىغا تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، جىنازىنىڭ ئالدى - كەينىدە، تۇپراق بېشىدا ۋە ئۆيدە ھەممىدىن كۆپ يىغلىغان. جامائەتلەرنى ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ مۇشۇ پادىچى تاز ھەممىدىن كۆپ كۈچ چىقارغان. ھەتتا تولا يىغلاپ ئاۋازلىرىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى. بوۋاينىڭ قىزىغا ئوخشاشلا پادىچى تازنىڭمۇ بوۋاينىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بىر قېتىم جاڭگالدا قوي باققىچە بوۋاي تازغا: «خۇدايىم ئۆمرۈمنى يەنىمۇ ئۇزۇنراق بەرسە، دۇنيالىقتىكى مۇشۇ يالغۇز قىزىمنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى بىرياقلىق قىلىپ بولۇپلا ئۆلۈپ كەتسەم رازى ئىدىم» دېگەنىدى. ئەمما ئىش بۇنداق بولماي قالدى. ئۇمۇ ھەرقانچە ئويلىنىپ بوۋاينىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىكى سەۋەبنى تاپالمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئىشلار بىر چۈشتەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا بوۋاي يىراق بىر سەپەرگە چىقىپ كەتكەندەك، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى.

پادىچى تاز ھەمىشە بوۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، ھەر كېچىسى ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئۆينى ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئۆي ئىچىدىكى كۈلكە بىلەن يىغا ئارىلىشىپ كەتكەن غەلىتە ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە بىر كىرىپ بېقىشنى ئويلايتتىيۇ، دەرھال بۇ نىيىتىدىن ياناتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ بىر ئوت كۆيەتتى. بۇ ئوت ئۇنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى قاتتىق قىيناپ كەلگەنىدى. بوۋاي ھايات ۋاقتىدا تۇتاشقان بۇ ئوت قىزنىڭ جىداپ بولغۇسىز ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى ئويلىغاندا ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. ھەر كېچىسى قۇلىقىنى تۈڭلۈك قېشىدىكى بەرگە يېقىپ، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەربىر تىۋىشقا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سالاتتى، ئاللادىن بۇ ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلارنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى تىلەيتتى.

سۈتتەك ئاپئاق ئايدىڭ بولغان بىر كېچىسى، پادىچى تاز ناھايىتى ئاۋايلاپ قىز سولاپ قويۇلغان ئۆينىڭ

ئۆگزىسىگە چىقتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا ئۆيى ئىچىگە بىر قاراپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇ تۈڭلۈككە يېپىپ قويۇلغان پارچە كىگىزنى بىر يانغا سۈرۈپ قويۇپ، ئاجايىپ تەشنالىققا تولغان كۆزلىرىنى ئۆيى ئىچىگە تىكتى: ئۇنىڭ كۆزىگە ئوت ئىچىدە ئاجايىپ بىرخىل چاقناپ تۇرغان قىز كۆرۈندى. قىزنىڭ ھېچقانداق كىيىم ئارتىلمىغان بەدىنىدىن ئوت ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. سۇپا ئۈستىگە قالايمىقان تاشلانغان يوتقان - كۆرپە، كىيىم-كېچەكلەر ئوت تەپتىدە قىپقىزىل كۆرۈنەتتى. تاز قىزنىڭ تورۇسقا قاراپ قىپيالىڭاچ ياتقاندىكى ھالىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىقتى. قىزنىڭ ھەربىر ئەزالىرىنى كۆرۈپ، پادىچى تازنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىرخىل سېزىم پەيدا بولدى. قىزنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان ھەربىر نازۇك ئەزالىرى ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى غىدىقلايتتى. تاز ئىختىيارسىز «بىرەرسى كۆرۈپ قالسا سەت تۇرمسۇن!» دەپ ئويلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك ئەتراپقا قارىدى. كېچىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىنمۇ ئوت يورۇقى كۆرۈنەتتى. كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى. تاز ئىككىنچى قېتىم ئۆي ئىچىگە قارىدى. ئۆي ئىچى ئاۋۋالقىدەكلا ئوت دېڭىزى ئىچىدە، قىزنىڭ ھەربىر ئەزايىدىن ئوت ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. تاز ئاجايىپ بىرخىل ئۇھ تارتىپ تۈڭلۈكنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قىزنىڭ بايىقى ھالىتى كەتمەيتتى. تاز كۆزىنى يۇمدى. تازنىڭ كۆزىگە ئوتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى... بىرھازادىن كېيىن «ئارقاڭغا قارا!» دېگەندەك بولدى. تاز چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە يوغان بىر ئوتلۇق كالتەكنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۇرۇش ئۇچۇن تەمشەلگەن بوۋاي كۆرۈندى. بوۋاينىڭ چىرايى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ پادىچى تازنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. تاز قاتتىق قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆگزىدىن پەسكە ئاتتى. ئۇ قىز سولاپ قويۇلغان ئۆينىڭ سەل نېرىراقىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ساماندا يامپاشلاپ ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يوغان بىر قولۇپ ئېسىلىپ قويۇلغان قىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە تىكتى. ئىشىك تۈۋىدە يوغان بىر كالتەكنى كۆتۈرۈپ غەزەپلەنگەن بوۋاي تۇراتتى. تاز بايىقىدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتتى. ئۇ يەنە قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىيۇ، بايا ئۆگزىدىن سەكرىگەندە چىم بولۇپ كەتكەن پۇتىنى سىلاپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئاخىرىچە بوۋاينىڭ زەربە بىلەن ئۇرغان كالتىكى تازنىڭ پېشانىسىگە كېلىپ تەگدى. تاز «ۋايجان!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، ئۆگزىدىن ئاستىغا قاراپ، ئاجايىپ ئاجايىپ ھەيرانلىقتا ... قاتتىق تۋۋلۇۋەتتى...

بوۋاي يالغۇز قىزىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كۈن پاتارغا يېقىن قوي پادىسىنى ھەيدەپ، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تام ئەتراپىغا قاغا جىگدىلەر يارائسان ئۆسۈپ كەتكەن ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، ئەمدىلا ئون ياشلاردىن ئاشقان قىزى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى قارشى ئالاتتى. بەلۋېغىغا تۈگۈۋالغان قاتتىق ناندىن باشقا ھېچقانداق يەيدىغان نەرسە تېپىلمايدىغان جاڭگالدىن ھېرىپ - ئېچىپ قايتقان بوۋايغا، قىزىنىڭ ئۆز ھويلىسىغا تېرىلغان كوكتاتلاردىن سېلىپ ئەتكەن تامىقى بەكلا تاتلىق تۇيۇلاتتى. بوۋاينىڭ ئۆيى چەتتىرەك بولغاچقا، ئادەتتە باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. قىزىنىڭ گاھىدا تۇزلۇق، گاھىدا تۇزسىز قىلىپ ئەتكەن تامىقىنى ھۇزۇرلىنىپ يەپ ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ قولىنىڭ چىۋەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. قىز بوۋاينىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بوۋاي بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ قىزىغا قارىسىلا، ئايالىنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. بوۋاي ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر مەھەل تۇرمۇشتا خېلى قىينالغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز ئىشىدىن خېلىلا خاتىرجەم بولدى. ئەتىگەندە تاھارەت ئېلىشقا ئىسسىق سۇ تەييار، چۈنكى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە كىچىككىدىن تارتىپلا ئايالىغا ئوخشاش سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن مۇنۇ ئامراق قىزى ئوچاققا ئوتنى يېقىپ سۇنى ئىسسىتىپ تەييارلاپ بېرىدۇ. نامازنى ئوقۇپ بولغۇچە، ئەتىگەنلىك ناشتىمۇ تەييار بولىدۇ. قىز يۇمشاق نان بىلەن قېنىق دەملەنگەن چاينى داستىخانغا تەييارلاپ بولىدۇ. بوۋاي چاينى ئىچىپ بولۇپ پادىلىرىنى ھەيدەپ جاڭگالغا كېتىدۇ. قىز دەرۋازىنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ ئۆيدە قالىدۇ. قىز ئۆزىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئۆي ئىشلىرىغىمۇ خېلىلا پىششىق ئىدى. ئۇ دادىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ھويلا - ئارامنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چاچاتتى، چاينى قاينىتىپ چايدانلارغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھويلىدىكى سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بىر چاغلاردا ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان ئۇسۇل بويىچە يوتقان تىكىشكە باشلايتتى. ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ مەرەپكە تىزىلغان يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ھەممىسنى بىر قاتار يېڭىلاپ چىقتى. قىزى كىيىملەرنىمۇ يامان ئەمەس تىكەلەيدۇ. بوۋاينىڭ سىرتتا كىيىدىغان كىيىملىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسنى مۇشۇ قىزى تىكىپ بەرگەنىدى. قىز يەنە ئانىسىنى دوراپ،

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چىرايلىق راسلاپ گۈل تېرىدى، بىرەر سۇيىنىڭ ئۇرنىچىلىك كېلىدىغان يەرگە تېرىلغان ھەر خىل گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلىپ، كىچىككىنە بۇ ھويلىغا ئالاھىدە ئۈسكەت بېغىشلىغانىدى. ئاخشاملىرى جاڭگالدىن بالدۇرراق قايتقان بوۋاي چىرايلىق ۋادەككە ئېلىنغان گۈللۈكنىڭ يېنىغا سېلىنغان جەينىمازدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، بىر كۈنلۈك پائالىيىتى تولۇق ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بوۋاي مۇشۇ گۈللۈكنىڭ قېشىغىلا سېلىنغان ئورۇنغا كىرىپ راھەتلىنىپ ئۇخلايتتى. قىزىلگۈللەرنىڭ دىماغنى يارغۇچى خۇش پۇراقلىرىنى پۇراپ يېتىپ كۈندۈزدىكى ھارغىنلىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى.

بوۋاي بارا - بارا ئايالىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. چۈنكى قىزىنىڭ چىرايىدىن تارتىپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىگىچە پۈتۈنلەي بوۋاينىڭ ئايالىغا ئوخشايتتى. ھەممىشە چاقناپ تۇرىدىغان جۇپ كۆزى، يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىككىنە خال، يۇمغاقسۇت سېلىپ ئېتىلگەن مەززىلىك سۇيۇقئاش، قېلىن پاختا سېلىنىپ ئەپچىللىك بىلەن سىيرىلىپ ئېتىلگەن يۇمشاق يوتقان - كۆرپە، پاكىز يۇيۇلغان كېچىلىك كىيىم... بوۋاي قىزىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. مەھەللىدىكى ئۆلۈم - يىتىم، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام دېگەندەك پائالىيەتلەرگە بوۋاي ئاساسەن قاتناشمايتتى. قاتناشقان تەقدىردىمۇ ئۆيىگە بالدۇرلا قايتىپ كېلەتتى. كەچلىرى ھەرگىز باشقا يەرلەردە قونۇپ قالمايتتى. چۈنكى ئۇ قىزىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بوۋايچە بولغاندا، تىرىكچىلىكنى دېمىسە، كۈندۈزلىرىمۇ پادا باققىلى چىقمىغان بولاتتى. بوۋاي ھەر ۋاخلىق نامىزىدا «ئايالىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى چاندۇرمايۋاتقان ئەقىللىق قىزىمغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغايسەن!» دەپ خۇدادىن تىلەيتتى. بوۋاينىڭ كەچلىرى قويلىرىنى سولاپ قويىدىغان قوتىنىغا يانداش سېلىنغان بىر ئېغىز مېھمانخانا ئۆيى بىلەن بىر ئاشخانا ئۆيىلا بار ئىدى. بوۋاي ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئەل-جامائەتنىڭ ھويلا - ئارامغا پاتماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، «ئاشخانا ئۆيگە يانداپ بىر - ئىككى ئېغىز ئۆي سالمىسام» دەپ نىيەت قىلدىيۇ، ياشانغانسېرى بۇ نىيىتىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ئاشخانا ئۆيدە يا كارىۋات، يا سۇپا بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قازان - قومۇچلار ئاران سىغىدىغان بولغاچقا، بوۋاي قىزى بىلەن ئادەتتە ئانچە چوڭ بولمىغان مېھمانخانا ئۆيدە يېتىپ قوپاتتى. يەنە كېلىپ قىز دادىسىغا «باشقا ئۆيدە ياتسام قورقىدىكەنمەن!» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. كىچىككىنە سۇپىغا ياندىشىپ سېلىنغان ئىككى ئورۇندا بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزى ياتاتتى. قىزى ھەممىشە بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇيقۇغا كېتەتتى. بوۋاي قويلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن ھەر كېچىسى بىرەر قېتىم سىرتقا چىقاتتى. سىرتتىن قايتىپ كىرگەندە ئۆز ئورنىدا يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتى. بوۋاي ھەر قېتىم ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ياتقان قىزىنى كۆرگەندە كۆز ئالدىغا ھەممىشە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىر ئورۇندا يېتىپ كەلگەن ئايالى پەيدا بولاتتى. بوۋاينىڭ ئايالىمۇ دەل قىزى ياتقان ئورۇندا ياتاتتى. بوۋاي ئۆز قېشىدا ياتقان قىزىغا قارىغىنىچە ئۇيقۇغا كېتەتتى، ئۇ ناھايىتى دىققەت قىلدى: قىزىنىڭ يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلاشلىرىمۇ ئايالىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى...

ئايالىنىڭ يوقلۇقىنى ئاماللارنىڭ بارىچە بىلىندۈرمەيۋاتقان قىزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، بوۋايدا چۈشىنىپ بولمايدىغان قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىملىك تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇرۇن بوۋاي «يېشىم بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ، قىزىم ھامان مەندىن ئايرىلىپ قالىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئۇ قانداق قىلار؟» دەپ قىزىدىن ئەنسىرىگەن، ئەمما قىزى ئايالىغا ئوخشاپ قالغانسېرى بوۋاي قىزىدىن ئەمەس، ئۆزىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. بۇ ئادەتتىكى «مەن ئۆلۈپ كەتسەم، قىزىم يالغۇز قالسا قانداق قىلار؟» دېگەن تۇيغۇغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئۇ نېمىدىندۇر تەشۋىشلىنەتتى، قورقاتتى، قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇپ، قىزىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەممىشە قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشەتتى. بۇ نەرسىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بوۋاي تېخىمۇ ئازابلىنىشقا باشلىدى. كېيىنچە بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە قىزىقىپ قېلىشىنى ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكتىن ئەمەس، ئۆزىدە پەيدا بولغان مۇشۇ خىل تۇيغۇدىن تۈرەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ھامان يۈز بېرىدىغان بۇ ئىشلار بوۋاينى قاتتىق ئازابلايتتى.

بوۋاي ماڭغان - تۇرغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ ئىشلارنى ئويلايتتى. قىزىغا تېخىمۇ ئامراق بولغانسېرى ئۇنى ئۆزىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، تەدرىجى بۇنداق ئازابلىق تۇيغۇنىڭ ئۆيدە قىزى بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

ھېس قىلغان بوۋاي ئەتىگەندە جاڭگالغا تېزرەك مېڭىشقا ئالدىرايدىغان، ئاخشاملىرى بولسا خېلى كەچكىچە ئۆيگە قايتمايدىغان بولۇۋالدى. قىزىنىڭ ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىدا تاقىتى - تاق بولغان ھالدا كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بوۋاي تېخىمۇ ئازابلىناتتى. بىر چاغدا يۇرت چوڭلىرى مەسلىھەتلىشىپ، بوۋاينى قايتىدىن ئۆيلەپ قويماقچى بولغاندا، بوۋاي ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپلا رەت قىلغانىدى. ئۇ چاغدا ھەممەيلەن بىردەك بوۋاينى بىچارە دەپ ئەيىبلەشكەنىدى. مانا ئەمدى بوۋاي ئۆزىنى ھەقىقىي بىچارە ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلدى. بوۋايغا چوڭقۇر بىر ھاڭ كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

پادىچى تازىنىڭ بوۋايغا يولۇقۇپ قالغانلىقىمۇ تولىمۇ تاسادىپىي بولدى: چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، بوۋاي ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە ئۆز پادىلىرىنى جاڭگالغا يېقىن بولغان بىر كۆلچەكتە سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر تۈپ قېرى جىگدىنىڭ تۈۋىدە سايىداشقا ئولتۇردى. قورساقلىرى تويۇپ كەتكەن قويلار بوۋايدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بوۋاينى چۆرىدەپ باشلىرىنى ئىچىگە تىقىشىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. قۇياش تازا تىكلەشكەن بولۇپ، ئەتراپ تونۇردەك قىزىق ئىدى. پۈتۈن جاڭگالدا بوۋايدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى، ھەممەياق شۇنداق جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. تۇرۇپلا بوۋاينى ئەزەلدىن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل غېرىبلىق تۇيغۇسى چىرمىۋالدى. خىيالىنى ھېچقانداق تەرەپكە بۇرىۋېتىشكە ئامالسىز قالغان بوۋاي كۆزىنى سەل يۇمۇۋالساملا، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلاپ، كۆزىنى ئاستاغىنە يۇمدى. ئاسماندىكى قۇياشمۇ، ئەتراپتىكى قويلارمۇ، جاڭگالدىكى قېرى جىگدىلەرمۇ، يۇمران ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرمۇ ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا ئىدى. بوۋاي بىر ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭغا ھەممەياقتىن بىر خىل غېرىبلىق تۇيغۇسى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغدا بوۋاي «مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرگەنىدى. بوۋاينىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خېلى يىراقتا تۇرغان قويلارمۇ چۆچۈپ كېتىشتى. غال - غال تىترەپ كۆزىنى ئاچقان بوۋاي كۆز ئالدىدا تۇرغان بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ياتقان ئورۇننىڭ سەل نېرىسىدا يۈز - كۆزلىرى قىزىق ئاپتاپ تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەن، بېشىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن قوماق ئۆرلەپ تۇرىدىغان، ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كۆڭلىكىنىڭ بىرقانچە يېرى يىرتىلغان، كۆڭلەكنىڭ ئالدى تەرىپىتىكى بىر پېشى چېكىدىن يۇسۇلۇپ كېتىپ يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان، كىيىۋالغان ئىشتىنىنىڭ ھەر ئىككىلا پۇچقىقى دەل تىزىدىن يىرتىلىپ چۈشۈپ قېلىشقا ئازلا قالغان، پۇتىغا ئىككى پېيى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان يىرتىق ئاياغ كىيىۋالغان، قولىدا ئەگرى جىگدە تايىقىنى تۇتۇۋالغان بىر بالا تۇراتتى. بوۋاي ئېسىنى يىغقۇچە بولغان ئارىلىقتا، بالا كۆزىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى تارتىۋالغىلى كەلگەن، شۇنداق قورقۇنچلۇق بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپ «بابا چۈشۈمدە كۆرگەن ئادەم يەيدىغان ئالۋاستى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ قاراپ، ياتقان ئورنىدىن بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. بالا ھېچبىر گەپ - سۆز قىلماي شۇنداق سۈرلۈك بىر قىياپەتتە بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. بوۋاي خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، ئېسىنى يىغىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە كىيىملىرىنى قېقىشتۇرغاچ غايىبتىن كەلگەن بۇ بالىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. بالىنىڭ تۇرقى ھەقىقەتەن بوۋاينىڭ چۈشىدە تەققى-تۇرقى مۇشۇ بالىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر ئالۋاستى ئۆزى بىلەن بىر يەردە ياتقان قىزىنى بۇلاپ قاچماقچى بولغانمىش. بوۋاينىڭ ئۆك - سۈلى ئۆچكەن ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بالىمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. كېيىن بۇ قولىدىكى تاياقنى بوۋايغا تەڭلىدى. بوۋاي تېخىچە قورقۇپ تۇرغان بولغاچقا، دەسلەپ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. كېيىن بالىنىڭ قولىدىكى ئۆزى يادا ياقتىلى چىققاندا ھەمىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان تاياقنى تونۇپ، ئاستا قولىنى چىقاردى. ئەتراپ ھازىر تېخىمۇ ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، بوۋاي بالىنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىقتا يۈز - كۆزلىرىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە شۈمشىيىپ تۇرغانلىقىغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ قانداق، ئۇنى ئۆزى تۇرغان جايدىكى سايىغا چاقىرىپ قالدى. بالا ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھېچبىر ئىككىلەنمەي تۇرمايلا بوۋاي كۆرسەتكەن يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. بوۋاي بالىنى نېمە سەۋەبتىن چاقىرغانلىقىنى - ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپمۇ ياكى شۇنداق بولۇشى زۆرۈرمۇ پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. ھەممە ئىشنى تەقدىردىن

كۆرىدىغان بوۋايغا نىسبەتەن بەلكىم بۇ ئىشلارنىمۇ تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندۇر.

ئۇلار ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتى. بوۋاي بۇ بالىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى، ھەم بۇنداق قىلىشنى ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى. بالا بوۋايغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت يېتىمچىلىك ئىچىدە قىينالدى ـ سوقۇلدى بولۇپ ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، ھازىرغىچە قەيەردە كەچ بولسا شۇ يەردە يېتىپ قوپۇپ كەلگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بېشىغا قاراپلا «تاز» دېپلا چاقىرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن، قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىدىيۇ، ئۇ سورىمىغاندىكىن سۆزلەپ نېمە قىلاي، دەپ توختاپ قالدى. بوۋاي بالىنىڭ تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. چۈنكى ئۇ تا مۇشۇ كەمگىچە رېئاللىقتا مۇشۇنداقمۇ ئىشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇرىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ باياتىنقى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار قىزىق پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۆزىنىڭمۇ، مۇنۇ بالىنىڭمۇ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، بوۋاي باشقا كۈنلەردىكىدىن بالدۇرراق ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

بوۋاي بۇ بالىنىمۇ قىزىغا ئوخشاشلا ئامراق بولۇپ كەتتى. ھازىر ياز مەزگىلى بولغاچقا، بوۋاي بىلەن بالا ھويلىدا يېتىپ، قوپىدىغان بولدى. سوغۇق چۈشكەندە بالىغا ئاشخانا ئۆيدىن بىر كىشىلىك جاي ھازىرلاپ بەرمەكچى بولدى. دادىسىنىڭ غايىبتىن ئۆزى دېمەتلىك بىر بالىنى ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قىزمۇ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى. بوۋاي ئۇنىمۇ «بالام» دەپلا چاقىراتتى. قىز دەسلەپتە ئۇنى نېمە دەپ چاقىرىشنى بىلەلمەي قالدى. كېيىنچە دادىسىنىڭ زورلىشى بىلەن «ئاكا» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. مەھەللىدىكى كىشىلەرمۇ بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، «يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش ناھايىتى ساۋابلىق ئىش، بۇ بالىنى بوۋايغا خۇدايىم بېرىپتۇ، ئۇ بۇندىن كېيىن تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئانچە قىينالمايدىغان بولدى» دېيىشتى. بوۋاي خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئارىلاشمىغان مەھەللىداشلىرىغا ئاددىيغىنە چاي بېرىپ بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ بېقىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. مەھەللىداشلىرىمۇ بوۋاينىڭ بۇ پىكرىگە رازىمەنلىك بىلەن قوشۇلدى. ئۇلار بۇ بالىنى بوۋاينىڭ پادا بېقىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشىگە قاراپ «پادىچى تاز» دەپ چاقىرىشاتتى. كېيىنچە بالىمۇ بۇ نامغا كۆنۈپ قالدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا مەھەللىدىكىلەر بىلەنمۇ، ئۆيدىكىلەر بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، بوۋاي بىلەن جاڭگالغا پادا باققىلى باراتتى. بوۋاي ئۇنىڭ قىزىق ـ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋاقىتنىڭ شۇنداق تېز ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي قالاتتى. كېيىنچە پادىچى تازمۇ بوۋايدىن ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدى.

پادىچى تاز كەلگەندىن كېيىن بوۋاي پادا بېقىش ئىشلىرىدا جاڭگالدىكى يالغۇزچىلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، قىزىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئەنسىزچىلىكتىن پەقەتلا قۇتۇلالمىدى، ئەكسىچە بۇ خىل ئەنسىزچىلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بوۋايغا ئۆزىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ پات ئاردا يوقاپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمما ئۇ بۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، قاچان يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بارا ـ بارا بوۋاي بۇ نەرسىنىڭ ھەرقانداق بىر كىشىدە ھامان پەيدا بولىدىغانلىقىغا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بولسا، بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۈكۈت ئىچىدە يۈرۈۋېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى. بوۋاينىڭ ئۆزىنىڭ بۇ خىل تۇيغۇسىنى تەڭتۇشلىرىغا دەپ بەرگۈسى، ئۇلار بىلەن بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارە ـ ئامال‌لىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈسى (بوۋاي ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مەلۇم بىر سەۋەب ـ نەتىجە ئاساسىدا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى)، كېيىنكىلەرگە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ساۋاقلىرىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلەتتى. بوۋاي ئېنىق چۈشىنىدۇ. ئۇ مەھەللىداشلىرى بىلەن ئانچە كۆپ بېرىش ـ كېلىش



قىلمىغاچقا، ئۇلار بوۋاينى كۆزىگە ئىلىشمۇ قويمايدۇ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بوۋاينىڭ تەگكۈشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ساختىلىق بىلەن ئۆزىنى يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىچىدە قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئۆزىنى تېخىمۇ غېرىب، چۈشكۈن ۋە يېگانە ھېس قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە بۇ خىل تۇيغۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. قىزىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ ئۆزىگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىشى، ئۆزىنىڭ بارغانسېرى مۇكچىيىپ كۈچىدىن قېلىۋاتقانلىقى بوۋاينى بەكمۇ ئازابلايتتى. ئۇ بۇنىڭ بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قانۇنىيەتكە بويسۇنماي، ساختىلىق ۋە سۈنئىيلىك ئىچىدە يۈزىگە نىقاب تارتىپ ياشاۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنەتتى. قانۇنىيەتكە، بولۇپمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنماي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما كىشىلەر بۇ نۇقتىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، نېمە ئۈچۈن ئازابلىنىدىغاندۇ؟ مەن بۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ يەنە نېمىدەپ ئازابلىنىپ ھەسرەت چېكىمەن؟ ئەجەبا، بۇ خىل قانۇنىيەتكە باشقىچە بىرخىل يول بىلەن تاقابىل تۇرغىلى - بوۋاي بۇنىمۇ قانۇنىيەتكە ماسلىشىش دەپ چۈشىنەتتى - بولامسۇ؟ بوۋاي ھەمىشە قانداقتۇر بىرنەرسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتى. ئۆزىنى رېئاللىقتىن ئېلىپ قاچقۇسى، مەلۇم بىر مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى كىشىلەرگە ئىزاھلاپ قويغۇسى كېلەتتى.

بوۋاي بارا - بارا تېخىمۇ ياداپ، گۆشلىرىنى شۇلغۇۋالغاندەك بىر تېرە - بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالدى. قىز بوۋاينىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئۇنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىشنى ئويلايتتى. ھەمىشە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. قىزنىڭ تارتىۋاتقان جاپاسى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيگەن بولسىمۇ، بارا-بارا تېخىمۇ سەمرىپ، گۈزەللىشىپ، ھۆسنىگە تولۇپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر بىر نۇر ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا قادىر ئىدى...

بىر كۈنى جاڭگالدىن قايتقۇچە بوۋاي تۇيۇقسىز پادىچى تازنىڭ يېشىنى سوراپ قالدى. پادىچى تاز بىرھازا ئويلىنىپ ئۆزىنىڭ ئون تۆت ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتتى. بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. شۇ كۈنلۈك ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بوۋاي ئۆز ئورنىغا كىرىپ ياتتى. ئۇنىڭ كاللىسى نۇرغۇن خىياللار بىلەن ئورالغانىدى. ئۇنى ھەر نەرسىنى قىيىنغۇچى بۇ خىياللار بوۋاغا بەكمۇ ئازار بەرمەيدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئويلىدى: «دادام رەھمەتلىكنىڭ دەپ بېرىشىچە، مېنى ئون تۆت ياشقا كىرگەندە ئۆيلەپتىكەنمىش. بۇ چاغدا ئانام رەھمەتلىك (بوۋاينىڭ ئىسمى ئالدىراپ ئېسىگە ئالالمىدى) ئون بىر ياشقا كىرىپتىكەنمىش. دەرۋەقە ئون ئىككى ياشقا كىرىپ سەل ئاشتى. ھازىرغۇ بۇ ياشقا كىرگەنلەرنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مەھەللە ئىمامىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سۆزلەپ بېرىشىچە، قىز - ئوغۇللار ئاساسەن مۇشۇ ياشتا توي قىلىش يېشىغا يەتكەن بولارمىش. پەيغەمبىرىمىزمۇ بىر ئايالنى توققۇز ياش چېغىدا ئەمرىگە ئاپتىكەنمىش، مەنمۇ توي قىلىشتىن بۇرۇن رەھمەتلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، سىرلىق قاراپ قويۇپ، قىزىرىپ ئۆتۈپ كېتەتتىمغۇ؟ مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇلارغا ھېسسىيات كىرگەن بولماي نېمە؟ رەھمەتلىك بولغان بولسا، مۇنۇ قىزىمنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە بىرنەرسە دېيىشكەن بولامتۇق؟ ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ نېمە شەيتان بار، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. بۇ ئىشنى يا ئۆزى دېيەلمىسە، يا مەن سورىيالمىسام، ئۇنى بۇ ئىشلارنى ھېس قىلمىدى دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟» بوۋاينىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاغزىدا شۇۋىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ قىزىغا ئاللادىن ئىنساپ ۋە تەۋپىق تىلىدى. ھېچبولمىسا مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر گەپ بولار، دەپ ئويلىغان بوۋاي ئۆزىنىڭ دادىلىق قەرزىنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كېتىشىنى خالاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئىچىدە قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇپ، ئالدىراپ ئوڭ - سولغا ھۆرۈپ قويدى. دادىسىنىڭ پەرزەنت ئالدىدا ئاشۇنداق بىرخىل پەرزى ھەم قەرزى بولسىمۇ، بوۋايغا نىسبەتەن قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىش بەكمۇ ئازابلىق ئىش ئىدى. بوۋاي ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىرى بۇ ئىشقا باشقىچىرەك بىر يول تۇتۇش نىيىتىگە كەلدى.

بوۋاينى ئازابلايدىغان ئىشلار كېيىنى - كېيىندىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. ھەرقانداق ئېغىرچىلىققا چىداپ كەلگەن بوۋاي بۇ ئىشلارغا چىداشقا ئامالسىز قالدى. قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بۇ ئىشلارغا بوۋاي ئۈن - تىنسىز سۈكۈت بىلەن جاۋاب بېرەتتى. پادىچى تاز كەلگەن دىسلەپكى كۈنلەردە ياز پەسلى بولغاچقا، بوۋاي ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكنىڭ چەللە بار بىر

www.uyghurkitap.com



تەرىپىنى پاكىز ئادالاپ، كېچىسى ئۇنى شۇ يەردە يېتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. تارمۇ شۇ ياققا كەلگۈچە مۇشۇنداق پاكىز جايدا ۋە يۇمشاق ئورۇن - كۆرپىدە يېتىپ باقمىغان بولغاچقا، بوۋاينىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپلا قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىچى تازنىڭ مەن بۇ يەردە ياتماي، ئۇ يەردە ياتىمەن دېيىشكە ھېچقانداق ھەققى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۆزلىرى ياتقان ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىكى كىگىزنى ئەپچىقىپ، ئۇنى پاكىز سۈپۈرۈپ، تازىلانغان يەرگە سېلىپ، پادىچى تازغا ياتىدىغان ئورۇن راسلاپ بەردى. بوۋاي ئاۋۋالقىدەكلا ئاشخانا ئۆيگە يانداپ سېلىنغان كىچىككىنە مېھمانخانىدا قىزى بىلەن بىر ئۆيدە ياتاتتى. بارا - بارا ئەھۋال بوۋاينىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. بىر قېتىملىق چېلەكتەك قۇيۇلغان قاتتىق يامغۇردا تاز ھويلىدا يېتىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ يوتقان- كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ بوۋايلار ياتقان ئۆيگە كىرىشكە ئاران ئۇلگۇردى. شۇ كېچىسى ئۇچەيلەن تاڭ ئاتقىچە كۆز يۇمماي، جىنچىراقنىڭ يورۇقىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ، گەپ - سۆز قىلماي تاڭ ئاتقۇزۇشتى. پادىچى تازنى بالا قىلىپ بېقىۋالغىنىغا بوۋاينىڭ تۇنجى قېتىم ئاچچىقى كەلدى. لەنتى يامغۇرمۇ بوۋاينى «مانا كۆر» دېگەندەك ساق ئىككى كۈن ياغدى. قاپقاراڭغۇ ئاسماندىن گۈلدۈرمامىنىڭ دەھشەتلىك گۈلدۈرلىشى ۋە چاقماقنىڭ ۋەھىملىك چېقىشى كېلىپ تۇراتتى. بوۋاي كۆز يۇمماي ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزدى. قويلارغۇ ھايۋان، مەيلى. بېقىۋالغان بولسىمۇ، پادىچى تازنى سىرتتا قويۇشقا بولمايدۇ - دە، شۇ ئىشتىن كېيىن بوۋاي قاتتىق ئويلاندى، ئاخىرى قىزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاشخانا ئۆيگە بىر ئادەم پاتقۇدەك بىر سۇپا ياسىدى. دوپپىدەك بىر ئۆيگە مۇنچىلىك سۇپىنىڭ چىقىشىمۇ چوڭ گەپ ئىدى. بۇنداق بولغاندا پادىچى تاز قىش كۈنلىرىمۇ قىينىلىپ قالمايتتى. ھېلىقى قاتتىق يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، پادىچى تاز ئاۋۋالقىدەكلا ھويلىغا سېلىنغان ئورۇندا يېتىۋەردى. پادىچى تاز ھاۋادا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسىلا ئاشخانا ئۆيدىن چىقىرىلغان سۇپىغا كىرىپ ياتاتتى. «ئەمدى قىش كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ قىينىلىپ قالمايدىغان بولدۇق» دەپ ئويلىدى بوۋاي. ئۇنىڭچە بولغاندا، سوغۇق پەسىللەر كېلىپ قالغاندا، پادىچى تاز ئاشخانا ئۆيدە قىينالسىمۇ، سوغۇق پەسىلدىن چىقىپ كېتەلەيتتى. ئىشلار بوۋاينىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. يېرىم يىل بولا- بولمايلا مەھەللىدە بوۋاينى ئەيىبلەيدىغان گەپ - سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بوغانلا بولغاندا قىزى بىلەن بىر ئۆيدە ياتسا قانداق بولىدۇ؟ يا قىزىمۇ كىچىك بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېقىۋالغان بولسىمۇ، ئېگىز-تىگىنى تاماشىغۇدەك بىر ئوغلى تۇرسا... دېگەندەك گەپلەر بوۋاينىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى. دەسلەپتە بوۋاي: «مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلغاندىكىن، باشقىلارنىڭمۇ مەن بىلەن نېمە كارى! ئۆزۈم ئويلىغاندەك قىلىۋەرمەيمۇ!» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ گېپىنىڭمۇ مەلۇم ئاساسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ماس كەلمەيتتى. گۆدەك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەخلاق چەمبىرىكى ئىچىدە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن بوۋاي ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن قىزىنىڭ «يالغۇز قالسام قورقىدىكەنمەن» دېگەن ناللىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئۇنى ئاشخانا ئۆيگە كۆچۈردى. قىزى بىرقانچە كۈن يىغلاپ خۇيلىنىپمۇ باقتى. بۇ ئىشتىن بوۋاينىڭ كۆڭلىمۇ قاتتىق يېرىم بولدى. پادىچى تازنى بالا قىلىپ بېقىۋالغىنىغا يەنە بىر قېتىم پۇشايمان قىلدى. «ھۇ! جۇۋاينىمەك تاز! ئاخىرى مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان بولدۇڭ- دە!» دەپ ئىچىدە قاتتىق غۇدۇڭشۇيتتى بوۋاي. بۇ ئىش بوۋايغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ قېشىدا يۈرۈش - تۇرۇشى، سۆز - ھەرىكىتى ۋە ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىگىچە ئايالىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزى يوق، ئۇنىڭ ئەكسىچە، پۈتۈن ئەزايىدىن تەمرەتكىنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان، باش - كۆزلىرىنى قوماق باسقان، خورەك تارتىشنى باشلىسا دۈنيانىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان بىر تاز ياتىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىنلا بوۋاي تېخىمۇ كەمسۆز بولۇپ كەتتى، ئۇ سىرتتىكىلەرگە ئەمەس، ئۆز قىزىغىمۇ كەمدىن - كەم سۆزلەيتتى. قىزىمۇ بوۋايغا ئۇدۇل كەلمىسە گەپ قىلمايدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا قوپال تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. پادىچى تاز بوۋاينىڭ يېنىدا بولمىغان ۋاقىتلىرىدا، بوۋاينى ئەيىبلەپ ئىچ سىرلىرىنى دەۋالىدۇ. پادىچى تاز بار ۋاقىتتا بولسا، يالغاندىن دادىسىغا سىلىق گەپ قىلغان بولۇۋالىدۇ. بوۋاي بارا - بارا پادىچى تازغا، قىزىغا، باشقا كىشىلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرخىل تۇيغۇ قاتتىق ئازابلايتتى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق پەرىشانلىققا، قايغۇ - ھەسرەتكە گىرىپتار قىلغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى. بوۋاي ئۆزىنى قانداقتۇر بىر نەرسىدىن بىراقلا ئاجرىتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغانىدى، ھاياتتىن بىزار بولۇشقا باشلىدى.

پادىچى تاز كەلگەندىن بۇيان، قىزى بىلەن ئۆزى

ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. قىزنىڭ مۇئامىلىسى باشتىكىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. قىزى ئۆزىگە پادىچى تاز بىلەن تۇرغاندا بىرخىل، يالغۇز تۇرغاندا بىرخىل مۇئامىلە قىلىدۇ. قىزى ئۇنىڭغا تاھارەت ئالسۇن دەپ تەييارلاپ قويغان سۇمۇ، خىلمۇخىل خۇرۇچلار سېلىنىپ تەييارلانغان تاماقمۇ، قىزنىڭ «دادام ياشىنىپ قالدى، ھازىر تېخىمۇ يۇمشاقراق ياتمىسا بولمايدۇ» دەپ قوشلاپ كۆرپە سېلىنىپ تەييارلاپ قويۇلغان ئورۇنمۇ، قىزى ئاتايىن بوۋاينى دەپ ياققان نانمۇ، قىزى يۇغان كىيىممۇ... ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە بوۋايغا سوغۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بوۋاي بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ: ناۋادا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە پادىچى تاز ئارىلاشمىغان بولسا، ھامان بىر بەرگۈسى بۇنداق ئۆزگىرىش بۇنچىۋالا بالدۇر ھەم تېز بولمىغان بولاتتى. ئەمما بوۋاي بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشنى يالغۇز پادىچى تازدىنلا كۆرمەيدۇ، چۈنكى قىزى تۇغۇلغاندا بوۋايدا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرخىل ۋەھىمە پەيدا بولغان. ئەمما بۇ خىل تۇيغۇ دەسلەپىدە قىزىغا بولغان ئامراقلىقنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولماسلىقى سەۋەبلىك ئېنىق ئىپادىلەنمەي قالغان، كېيىنچە قىزىغا بولغان ئامراقلىقنىڭ كۈچىيىشى، قىزنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. تازنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ خىل تۇيغۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن، خالاس. بوۋاي بىمەھەل يۈز بېرىپ قالغان بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە كىرىشتى، بارا-بارا ئۇ مۇنداق بىرخىل تونۇشقا كەلدى: «مېنىڭ پادىچى تازنى ئەيىبلىشىممۇ توغرا ئەمەس، قىزىمنى ياتلىق قىلمىسام بولمايدىغان بولغاچقا، ھامان يات جىنىستىن بىرسى پەيدا بولۇپ، قىزىمنى مەندىن تارتىپ ئەكىتىدۇ. مەن ھامان ئازابلانماي قالمايمەن. ھەرھالدا ھازىر قىزىم ئۆز يېنىمدا بار. كۆڭلۈم كېيىنكى چاغلاردا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئويلىغاندىكىدەك پەرىشان ئەمەس، ھازىرقى پېشىمغا كەلگۈچە نۇرغۇن ياخشى - يامان ئىشلارنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ، نى - نى چىدىغۇسىز كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم. ئۇلار ئالدىدا ۋايساپمۇ قويمايتىمەن. ئەمما ھازىر مېنى ئازابلاۋاتقان، ھامان ئازابلايدىغان بۇ ئىشلارغا چىدىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن. ئەجىبا، مېنى بىھېساب پەرىشانلىققا، چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلغۇچى بۇ ئىش ھېچبىر سەۋەبسىز يۈز بەرگەندىمۇ؟! بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى يوقمىدۇ؟!» ئويلاۋېرىپ بوۋاي تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. بوۋاي ئاخىرى ئېتىراپ قىلغان چۈشەنچە بويىچە قارىغاندا، بۇلارنىڭ سەۋەبىنى كىشىلىك ھاياتتىن ئىزدەش تولىمۇ بىمەنە، كۆڭۈلكىلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. بوۋاي يارغانسىرى ئۆزىنى قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. بوۋايغا ئىنسان يەكۈنلىگەن تەجرىبە بويىچە، بۇنداق بۆزلىنىشتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى، ئۇنى ئىنكار قىلغىلى، ياخشى - يامان دېگەندەك سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلەش مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى...

بوۋايغا ئالەمدىكى ھەممە نەرسە يىرگىنىشلىك، بەتبەشرە، ساختا نىقاب بىلەن قاپلانغان، مەززىسىز، بىمەنە، ئەھمىيەتسىز بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇنى ئويلىغانسېرى ئۆزى ئەزەلدىن ئامراق بولۇپ كەلگەن قىزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىمۇ ئۇنى بىزار قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئاز كەلگەندەك، قىزىنىڭ پادىچى تاز بىلەن يېقىنلىشىپ قېلىشچۇ تېخى؟! پادىچى تاز كۈندۈزلىرى جاڭگالدا بوۋاي بىلەن پادا باقسا، جاڭگالدىن قايتىپ كېلىپ بوۋاي سۇپىدا يانپاشلاپ ياتقان چاغلىرىدا، ھويلىدا قىز بىلەن ئۇنى - بۇنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ قىزىنىڭ دۈمبىسىدىكى توپىنى قېقىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ بوۋاي ئولتۇرالماي قالدى، قىزىنىڭ قولىنى پىچاق كېسىۋەتكەندە، پادىچى تاز قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى تېڭىپ قويدى، پادىچى تاز بوۋاي بىلەن ئېغىلنىڭ قىغىنى يۆتكەۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن قوماق بېسىپ كەتكەن بېشى ئېگىزرەك قويمۇ ئېگىشمىسە چىقالمايدىغان ئىشىك بېشىغا قاتتىق تېگىپ ئاغرىپ كەتكەندە، قىز ئۇنىڭ يېرىك بىلەن قان ئارىلىشىپ كەتكەن بېشىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ، تازىلاپ قويدى. قىزى بىلەن پادىچى تاز ھەمىشە ھويلىدا قوغلاشماق ئوينايدۇ، يەنە... يەنە... پادىچى تاز بىلەن قىزىنىڭ قىقاس - سۈرەن كۆتۈرۈپ چېپىپ يۈرۈشلىرى، ئامراق قىزىنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولماي، تازغا ئىچەكىشىپ كېتىشى، پادىچى تازنىڭ قىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشى، ئۆزى ئېيتقان قىزى ھەققىدىكى گەپلەرنى پادىچى تازنىڭ ئېگىكىنى يۆلەپ، دىققەت بىلەن ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ كېتىشلىرى بوۋاينىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. قىزى ئاغرىپ قېلىپ، ئۆزى شەھەردىن دورا ئېلىپ چىققىلى كىرىپ كەتكەندە تازنى قىزىغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بوۋاي ئۆيگە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپلا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. پادىچى تاز قىزىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۇنىڭغا چاي

ئېچكىۋېتىۋاتاتتى. بوۋاي يۆلىنىپ يەلكە پەرمىگىچە (ئەسلىدە ئۇنچىلىك ئېش ئەمەس ئىدى) ئۇلار قىرغىن سۆھبەتتە ئۇزۇن ئىشنى قىلىۋېرىشتى... ئەتىگەندە قىزى ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرالماي، ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بوۋاي ھاۋا قىزىغانسېرى قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى ئارىلىشىپ چىدىيالماي قالدى. ئۇ پادىچى تازنى ئۆيگە قايتىپ نان ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئازابلايدىغان ئىشلارنى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ كۈنى قاتتىق ئىسسىقتا ئاچلىقتىن ئۆتكۈزگەچكە، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ئۈچ كۈن يېتىپ قالدى. مۇشۇنداق ھالەتتە، قىز بوۋاينىڭ ھالىدىن يامان ئەمەس خەۋەر ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى كۈتۈش ئىشىنى پادىچى تاز بىلەن بىللە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېسەلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. بوۋاينىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن يېرى، بىرىنچى كۈنى دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان قىز ئىككىنچى كۈنى زېرىكىپ كېتىپ، «قوي باققىلى جاڭگالغا مەنمۇ بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. قىزنىڭ بۇ تەلىپى بوۋاينىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، تونۇردەك قىزىپ ياتقاندا قىزىغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ بوۋايىنى «قانداق ئويلايمىز، كۆر» دېگەندەك، پادىچى تاز بىلەن ئىككىسى ھەر كۈندىكىدىن خېلىلا كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ قايتىپ كەلمىدى. بوۋاي ناھايىتى ئازابلاندى، قايتىپ كەلگەندە ھەر ئىككىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى لاي بولۇپ كەتكەنىدى. بوۋاي ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولدى. مەجبۇرلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىزى شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا، جاڭگالدا پادىچى تاز بىلەن «ئۆي تۇتۇش» ئويۇنى ئوينىغانلىقىنى، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەندە، جاڭگالنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كۆلچەككە بېرىپ سۇغا چۈشۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. قىزنىڭ ھېچبىر مەقسەتسىز، شوخلۇق بىلەن ئېيتقان بۇ گېپى بوۋاينىڭ تېخىمۇ جىنىغا تەگدى. شۇ كېچىسى بوۋاي قالايمىقان جۆيلۈپ، قىزىپ چىقتى. بىر چاغدا قىزىنىڭ پادىچى تاز بىلەن ئۆز بېشىدا ئۇمچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئۇھ تارتىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى...

بوۋاينىڭ تاقىتى - تاق بولدى. قىزىنى قانچىكى چىڭ تۇتقانسېرى، پادىچى تازنى قىزىدىن قاچۇرغانسېرى ئۇنىڭغا ئۇ ئىككىسى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا گەپلىشىشى، چاقچاقلىشىشى، ياردەملىشىشى، ئىشقىلىپ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق ھالىتى بوۋاينى ئازابلىماي قالمايتتى. بوۋاي بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. پادىچى تازنى ھەيدەپ چىقارسۇنمۇ؟ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇنمۇ؟ ئۇلارنى ئوكچە قالدۇرۇپ چىقىپ كەتسۇنمۇ؟... بوۋاي بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆزىنى قاتتىق ئازابلاۋاتقان تۇيغۇدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇۋاپىق يولى ئەمەس، دەپ قارايتتى. سەۋەبى بۇ خىل ئۇسۇللاردا بوۋاي يەنىلا ئازابتىن قۇتۇلالمايتتى. بوۋايچە بولغاندا، ئۇنىڭ تاللىغان ئۇسۇلى ئۆزىنى بۇ خىل تۇيغۇدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرالىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قاتتىق ئويلاندى. ئۆيدە، جاڭگالدا، يولدا، نامازدا ئولتۇرۇپمۇ ئويلاندى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە بۇ خىل ۋەھىمىلىك تۇيغۇدىن قۇتۇلۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تېپىۋالدى. ئۇ، بۇ ئۇسۇلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى. يەنە بىرقانچە كۈن ئويلاندى. نۇرغۇن ئويلىنىشلار ئارقىلىق، بوۋاي مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يولنىڭ ئۆزىنى بۇ خىل تۇيغۇدىن قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى!

بوۋاي ئاخىرى ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالدى. ئۇنىڭچە بىمەنە، مەززىسىز، قىممەتسىز، ئازابلىق دۇنيادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى مۇشۇ ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىنكى قىزىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئويلاپ كۆردى. قىزى چوقۇم قاتتىق قايغۇرىدۇ، ئازابلىنىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. بوۋاي قىزىنىڭ «بۇ قېرى ئۆلۈپ ئەجەبمۇ ئوبدان بولدى» دەپ خۇش بولامدۇ، بۇنىمۇ خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، دېگەنلەرنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولدى. قىزىنىڭ ئۇنچىۋالا ۋاپاسىز ئەمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، قىزىغا ئىچ ئاغرىتىپ بۇ نىيىتىدىن يېنىپمۇ قالدى. «ئۇ دېگەن بەرىبىر قىز بالا. ئۇمۇ مۇنۇ تازدەك سەرگەردان بولۇپ، خەقنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرۈپ بويۇن قىسىپ يۈرسە!» بوۋاي خىلمۇخىل ئېھتىماللىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. بۇنداق ئىنچىكە سىلىشتۇرۇشلارمۇ بوۋاينىڭ قارارىنى ئۆزگەرتەلمىدى. «مەن ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادەممۇ، مەندىن بارا - بارا ئۆزىنى تارتىپ كېتىۋاتسا، بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، قىممىتى بولسۇن؟!» بوۋاينىڭ ئاخىرقى قارارى مۇشۇ ئىدى.

ئۇ ئۆلۈۋېلىشنىڭ خىلمۇخىل ئۇسۇللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى: توكقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالاي دېسە، توك دېيىدىغان نەرسە بۇ يەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەن. DDV ئىچىپ ئۆلۈۋالاي دېسە، ئۆيدىكى دورىنى قوينىڭ دۈمبىسىدىكى پىتنى ئۆلتۈرىمەن دەپ ئىشلىتىپ بولغان.

ھازىر بۇ خىلدىكى دورىلارنى سېتىش دورا ماگىزىنلىرىدا مەنئىي قىلىندى. سوئىقا سەكرىمەي ئۆلۈۋالاي دېسە، بۇ يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرەلىگۈدەك چوڭراق دەريا يوق. دەريا ئىزدەپ چىقىپ كەتسە، قىزى بىلىپ قېلىشى مۇمكىن، تامغا بېشىنى ئۇرۇپ، يۈرىكىگە پىچاق سېلىپ ئۆلۈۋالسىچۇ؟ بۇ خىل ئۇسۇللاردا ئۇنىڭ ئۆلمەي قېلىشى، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزى قۇتۇلماقچى بولغان ئازابتىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق ئويلىنىشلار ئارقىلىق ئۇ ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئارغامچىغا بوينىنى سېلىپ، ئورۇندۇقنى بىر پۇتى بىلەن تېپىۋەتسىلا ئىش تۈگەيدۇ. ئەمما جان ھەممىگە تاتلىق بولغاچقىمۇ بوۋاي «ئەتە چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن، ئۆگۈن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن» دەپ يۈرۈپ بىرنەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قانچىلىق ئازاب تارتقانلىقىنى ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بوۋاي ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدى، ھەتتا شۇ كۈنلۈك خۇپتەن نامىزىدا ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلدى.

بىر كېچىلىك ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ تۇقۇنۇشىدىن كېيىن، بوۋاي ئۇزاق ۋاقىت زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئەتىگەندە باشقا كۈنلەردىكىدىنمۇ بالدۇرراق تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا تۇتۇندى. نامىزىدا ئاللادىن ئۆزىگە ئاسان ئۆلۈم، قىزىغا خاتىرجەملىك تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. ئەرزائىلنىڭ قەدىمى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي بۇ نىيىتىدىن يېنىۋېلىشنىمۇ خىيال قىلىپ باقتى. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ھېسابلانسىمۇ، ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ قىلىنغان قەسەمدىن يېنىۋېلىش تېخىمۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلىناتتى. ئاڭغىچە پادىچى تازمۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولدى. بوۋاي قىزى ۋە پادىچى تاز بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. مۇشۇنداق بىر يولنى تاللىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغان قىزىغا بىرھازاغىچە قاراپ جىققتى. دادىسىنىڭ بۇنداق قارىشىدىن قىزىمۇ قاتتىق ھەيران بولدى. قىز بىرنېمىلەرنىدۇر ئويلاپ بېشىنى كۆتۈرمەي داستىخانغا قاراپ ئولتۇراتتى. «مېنىڭ تېزرەك يوقىلىشىمنى تىلەۋاتسەڭمۇ تاپىنلىق؟!» دەپ ئويلىدى بوۋاي. ھەممە گەپنى دەۋەتسە پىلانىنىڭ بەرباد بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزىغا بوگۇن ئۆزىنىڭ ئۆيدە قېلىپ قىلىدىغان جىددىي بىر ئىشنىڭ چىقىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جاڭگالغا قوي باققىلى بارالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئاكىسى بىلەن (بوۋاي پادىچى تازنى ئاخىرقى قېتىم شۇنداق دەپ ئاتاشنى لايىق دەپ قارىدى) جاڭگالغا بېرىپ قوي بېقىپ كېلىشكە بۇيرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىز سەل تۇرۇۋېلىپ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. «يالغاندىن ئويلانغان بولۇۋالدىڭمۇ، ھەقىچان؟» دەپ ئويلىدى بوۋاي. بوۋاي قىزى بىلەن پادىچى تازنى دەرۋازا ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقتى. پادىچى تاز خىيالىدا يوق ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ كەتكەن قويلارنى توسۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قىزى بولسا ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئالدىدا ئۇيان - بۇيان قېچىپ يۈرگەن قويلارغا قاراپ تۇراتتى. قىزى تويۇپ قالغانمىدۇ؟! بوۋاي قىزىنى چاقىرىپ قالدى. قىز ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، بوۋايغا قارىدى. بوۋاينىڭ چىرايىدا قورقۇنچلۇق بىرخىل ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

قىزىنىڭ قارىسى يوتكىچە قاراپ تۇرغان بوۋاي، ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. قىزى بىلەن پادىچى تاز بولغاچقا، ئۇزاقتىچە يۇيۇنالمىغان بەدىنىنى پاك - پاكىز يۇيدى. يېپيېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، يەنە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بۇ نامىزىدىمۇ ئاللادىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ئاسانلىق ۋە قىزىغا ئامانلىق تىلىدى. بوۋاي ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ۋاقىتنىڭ مۇنچىۋالا تېز ئۆتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئاندىن ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسىگە بىرمۇبىر ئەستايىدىل قاراپ چىقتى. ئۇ ھارغىن قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ، ئۆزى بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا تەييارلاپ قويغان ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن كىچىككىنە ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ، ئىلگىرى قىزى بىلەن ياتقان ئۆيگە كىردى. ئالدىرىماي سۇپىغا چىقتى. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما نىيىتىدىن يېنىۋالالمايتتى. ئۇزۇن ئارغامچىنى نەچچە قات قىلىپ تورۇستىكى ياغاچلاردىن ئۆتكۈزۈپ چىڭ باغلاپ بولغىچىمۇ نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدى. ئورۇندۇقنى سۇپىدىكى ئارغامچا ساڭگىلاپ تۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىغا ئەكىلىپ قويدى. ئورۇندۇققا چىقىشتىن بۇرۇن، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئورۇندۇققا پۇتىنى ئالدى. پۇتىمۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىرىماي بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزى ياتقان ئورۇنغا قارىدى، ئۇ يەردە بوۋاينىڭ قىزى بىلەن بەتبەشىرە بىر ئەر قۇچاقلىشىپ ياتاتتى. بوۋاينىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى...

قىز ئۈچ كۈندە ئاران ھوشىغا كەلدى. ئۇ قېشىغا ھېچقانداق ئەرزاتنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. ئاياللار

كېلىپ قالغۇدەك بولسىمۇ، ئۇلارنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ بىر قىلىۋېتەتتى. قىز كۆرۈنۈشتە ساراڭغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەسەۋىي بويىچە قىزنىڭمۇ بوۋايدەك ئەخمەقانە ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى دادىسى ياتقان ئۆيگە سولاپ ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇشتى. قىز تىرناقلىرى بىلەن تاملارنى تاتىلاپ، بېشىنى تاملارغا ئۇرۇپ، ئالىتاغىل ۋارقىراپ بۇرۇۋەرگەندىن كېيىن كىشىلەر يەنە خاتىرجەم بولالماي، مەھەللىدىكى بىر قىزنى ئۇنىڭغا قاراشقا قويدى. بوۋاينىڭ قىزى كىشىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، تورۇسقا قاراپ كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ يېتىشىنلا بىلەتتى. ئۇنىڭ تولا يىغلاپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئۆزىدىن بىر قەدەم نېرىراقتا ياتقان دادىسى كۆرۈنەتتى. بوۋاي ئۆلۈپ كېتىپ 7 - كۈنى يۈز بەرگەن ھېلىقى ئەنسىز چۈش كۆرۈش ۋەقەسىدىن كېيىن، بوۋاينىڭ قىزى ھەمىشە «ئوتنى كۆيگىلى قويۇڭلار!» دېگەن گەپنىلا تەكرارلايدىغان بولۇپ قالدى. بوۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئۆيدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئاجايىپ قۇدرىتى بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى. قانداقتۇر بىرخىل سىرتقى كۈچ ئۇنى ئۈچۈرمەكچى بولاتتى.

بۇ ئىشلار پادىچى تازغىمۇ ئېغىر كەلدى. تەبىئەتكە، دۇنياغا، كىشىلەرگە ئەمدىلەتىن مۇھەببەتلىك كۆز بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن تاز بوۋاينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تېخىمۇ ياۋاش، بىچارە بولۇپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن، پادىچى تاز ھەمىشە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىت كېچىدىلا مەھەللىدە پەيدا بولاتتى. ئۇ جانسىز پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ يۆتكەپ، ئالدىرىماي قىز سولاپ قويۇلغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقاتتى. بېشىنى تۈگۈلۈك تۈۋىگە ئەكىلىپ، قۇلىقىنى ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئالىتاغىل ئاۋازلارغا تىكەتتى. قىزنىڭ ئېچىنىشلىق داد - پەريادلىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قاتتىق پۇچۇلىناتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. ئۇ قاچان كۆزىنى ئۆي ئىچىگە ئۇزاقراق تىكسىلا، شۇ ھامان كۆز ئالدىدا بوۋاينىڭ ئوتلۇق كالتىكى پەيدا بولۇپ، ئۇنى قاتتىق تەشۋىشلەرگە سالاتتى. بوۋاي ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. تاز بۇ خىل تۇيغۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى ھەرگىز چۈشەنمەيتتى. تاز ئازابلانغانسېرى بۇ ئۆيدىن كېتىش نىيىتىگە كەلسىمۇ، قانداقتۇر بىر خىل كۈچ ئۇنى بۇ يەردىن كەتكۈزمەيتتى.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇشتى، ئۇلار ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بوۋاينىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىكى سەۋەبنى تاپالمىدى. ئۇلارغا بوۋاي مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر سىرلىق تېپىشماقنى قالدۇرۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ پادىچى تازنىڭ «بۇ يەردە چوقۇم قاتتىق ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ» دېگەن سۆزلىرى كىشىلەرنى سەل ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كىشىلەر قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمە ئىلكىدە ياشايدىغان بولۇپ قالدى. «بوۋايمۇ چوقۇم مۇشۇ ئوت ئاپىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن» كېلىشمەسلىك چوقۇم يۈز بېرىدىغاندەكلا قىلاتتى.

بوۋاينىڭ قىزى تورۇسقا قاراپ ياتقىلى تۆت ئاي بولدى. ئالەمدە يۈز بەرگەن ھەرقانداق چوڭ ئۆزگىرىشمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ھەمىشە دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىپ پەپىلەشلىرىنى، يېنىك قۇچاقلاشلىرىنى، ئۆزىنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ چۆچەك ئېيتىپ بېرىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ يىرىك ساقاللىرىغا يۇمران يۈزلىرىنى يېقىشلىرىنى... ئويلايتتى. چوڭ بولغانچە ئۆزىنىڭ دادىسىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرەتتى. «مېنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرگەن ئادەم نېمىدەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ؟» دېگەن سوئال ئۇنى ئازابلايتتى. ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇمۇ دادىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. پەقەتلا دادام ھەرگىز ئۆلۈپ كەتمىدى، ئۇ ھامان مەن بىلەن بىللە دەپ قارايتتى.

بىر كۈنى بىرەيلەن مەھەللىگە تۇيۇقسىز بوۋاينىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. كىشىلەر پەقەتلا ئىشەنمىگەنىدى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق قەسەمگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەمما بۇ گەپنى پادىچى تازدىن ئاڭلىۋالغانلىقىنى ئېيتمىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «خۇدايا توۋا!» دېيىشىپ ئاللانىڭ كارامىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئاخىرى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بوۋاينىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرمەيلى، دېگەن يەرگە كېلىشتى. مۇشۇنداق ئاقىلانە چارىنى تاپقانلىقىدىن ئۆزلىرىنى ئاجايىپ ئەقىللىق دەپ ھېسابلاشقان بۇ كىشىلەر، شۇئان بوۋاينىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى...






**1**

ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم ئۆزى ئىز قالدۇرغان ھەر بىر تۈگۈننى خۇشاللىق بىلەن ئۈزىتىپ قويالايدۇ، شۇنىڭدەك ھەربىر ئەتىنى كۆڭلى توق، ئىشەنچلىك ھالدا قارشى ئالالايدۇ. بىراق ئىشلىرى چالا قالغان ئادەم ياكى ئىنسانىي ھاياتتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ھاجەتلەرگە باغلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاشالمىغان ئادەم نېمە قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ، ئۆمرىنىڭ ئەھمىيەتسىز ھالدا ئاخىرلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرەر سېزىمنىڭ بولۇشى تەس گەپ، ھەرقانچە بولغاندا، ئۇنىڭدا سۇس بىر غەمكىنلىك بولار. بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ تۇزۇك ياشىمىغان ئادەم، روھىي، ماددىي يېتىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس نېسۋىسىنى ئېتىماي، ئۇنى گۇناھلىق ئىچىدە تەرك قىلغان ئادەم. دېمەك، سەن راھەت كۆرمىگەنىكەنسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ يىپ ئۇچى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدە بولىدۇ. بىراۋلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىسە، يات بىراۋلار ئۇنى ئۆزگەرتىپ قوياتتىمۇ!؟

دۇنيا تارىخىنى تەكشۈرسەك، قوشنىدارچىلىقنىڭ پرىنسىپى مۇنداق بوپتۇ: ئۆزىنى ئۆزى سۆيمىگەنلەرنى ھېچكىم سۆيمەيدۇ. ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلمىغانلارغا قوشنىسىمۇ ياردەم قىلمايدۇ.

**2**

بىز 21 ـ ئەسىرگە كىرىۋاتىمىز. كىشىلەر ئەقىل ـ پاراسەت ۋە گۈللىنىشنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئېچىۋاتقاندا، بىز ئۆتمۈش ۋە ئەتە ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ قەرزلىرىگە بوغۇلۇپ كەتتۇق. بىز يېڭى زاماننىڭ سىناق مەيدانىغا قەرز دەپتەرلىرىنى ئۆشنىمىزگە ئارتقان ھالدا كىرىپ كېلىۋاتىمىز، بۇ دەپتەرلەر بىزنىڭ ئەسلىدىكى قاۋۇل ۋۇجۇدىمىزنى بېسىپ يېگىلىتىش بىلەن بىرگە روھىمىزنى سىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پانىي دۇنيانىڭ قەرزىنى ئادا قىلمىغان ئادەم باقىي دۇنيانىڭ جەننىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغۇ!

بىز خوشلىشىۋاتقان 20 ـ ئەسىردە ئىنسانىيەت كاتتا ئۆزگىرىشلەرگە قەدەم قويدى. رادىئو، تېلېۋىزور،



كومپيۇتېرلار بارلىققا كەلدى. بۇلار يەر شارىدىكى ئۇسقۇلارنى، تاقىم ئارالىلارنى، ئىقتىساد جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان دۆلەت، مىللەت ۋە گورۇھلارنى بىر - بىرىگە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتوم بومبىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئاۋئاماتىكا، خىمىيىلىك قورallar بارلىققا كېلىپ، بۇلار ئىنسانلارنى بوشۇرۇن خەۋپ ئىچىدىكى دىپلوماتىيە ئويۇنلىرى، تەبرەڭلەر، كۈلۈپ تۇرۇپ خىرىس قىلىدىغان تىنچسىز، مۇقىمسىز ۋەزىيەتكە ئېلىپ كىردى. دېمەك بۇ ئەسىردە پەن - تېخنىكا جەھەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بايقاش ۋە كەشپىياتلار بولدى، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ماددىي قىممەتكە ئىنتىلىش تەبىئىتىنى چەكتىن ئاشقان ھالدا نامايان قىلدى. ئەمما ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، تارىختا يۈز بېرىپ باقمىغان قاباھەتلەر، ئادالەتسىزلىكلەر، تەڭسىزلىكلەر مۇشۇ ئەسىردە يۈز بەردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، 100 مىليونىدەك ئادەم ئۆلدى، 100 مىليونلاپ ئادەم مېيىپ بولدى، 100 مىليونلاپ ئادەم نامراتلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە قالدى. ئىنسانلار بولۇپمۇ غەربلىكلەر ئۆزى ئەخلاقىي قىممەتنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئورنىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ رولىغا ئىشەنمەيدىغان بولدى. بىرقانچە دۆلەت رەھبەرلىرى بىر يەرگە كېلىپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ئويان - بويان قىلدى. دۇنياۋى تەرتىپ ئۆزگەردى. خەرىتىلەردىكى سىزىقلار ۋە رەڭلەر ئادالەتسىز رەۋىشتە ئۆزگەرتىلدى. ئارقىدىنلا كوممۇنىزم، كاپىتالىزم لاگېرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن داۋام قىلدى. قورال - ياراقلار ئىسكىلاتلاردا، مەخپىي بازىلاردا كۆنسېرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاچ - يالىڭاچلارمۇ كۆپىيىپ، مىليونلاپ كىشىلەر ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلدى. تۇغۇتنى ساقلىنىش كومىلچى ۋە قاپچۇقلىرى ياسالدى. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا ساقچىلارمۇ ئارا تۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتتى. ئەيدىز كېسىلى يامراپ، راك كېسەللىكلىرى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەھشىي خەۋپكە ئايلاندى. سۇ، تۇپراق، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشلىرى تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققاۋاتقان تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ قەبىھ تۇس ئالدى.

روشەنكى، 20 - ئەسىردە ئىنسانلار پەن - تېخنىكا ۋە ماددىي جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى، لېكىن ئىنسانىڭ بەختسىزلىكى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ھالقىپ كەتتى. گۈللەنگەن پەن - تېخنىكا، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە دائىر تۈزۈلگەن تالاي خىتابنامىلەر، قانۇنلار ۋە مەجلىسلەر يەنىلا باراۋەرسىزلىككە خاتىمە بېرەلمىدى. خىلۋەت بۇلۇڭلاردىكى يوشۇرۇن كۆز ياشلارنى تۈگىتەلمىدى. كۈچلۈكلەر ۋە ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بېقىندۇرۇش ۋە بېقىنىش خاراكتېرلىك تىنچلىق كەلگۈسىدىكى زور بالايىئاپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تىنچلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلدى. ھەقىقىي تىنچلىق بىلەن زوراۋانلارنىڭ كۈچ ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ساختا تىنچلىقنىڭ پەرقى تۈتەك ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى.

ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس پائۇل A ساموئېلسىن بىلەن ۋىلليام D نودخوسلار بىرلىشىپ يازغان «ئىقتىساد ئىلمى» دېگەن زور ھەجىملىك كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ئېدموند بۇركىينىڭ مۇنداق بىر سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

«رىتسارلىق (چەۋەندازلىق) دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سەپسەتىچىلەر، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە كومپيۇتېر دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ».

بۇركىي 18 - ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى 200 يىللىق رېئاللىقتىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن. دېمەك بۈگۈنكى غەربلىكلەر دۇنياۋى تەرتىپ ۋە سىياسەتتە شۇنىڭ ئۈچۈن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدىكى، ئۇلاردا ئىلمىي پەرەزچىلەر ھەر ساھە بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ چىقىپ تۇرغان. پەيلاسوپلار جاھاننىڭ قىياپەتلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىپ تۇرغان. ئالىملار ماددىي قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى پەرەزلىرى ۋە گاھ - گاھ دەلىللىرى ئارقىلىق پەيلاسوپلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئىقتىسادشۇناسلار بۇ قانۇنىيەتلەرنى جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە تەدبىقلاپ داھىلار ۋە سىياسىئونلارغا ئىلمىي تەكلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە تەسىرى مۇتلەق بولغان غەرب سىستېمىسى بەرپا بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غەربنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق سىستېمىسى دۇنيا مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلغان بولدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى دەل ئوتتۇرا شەرق، پارس قولتۇقى، ئەرەب، تۈرك، پارسلار دۇنياسىغا غەربنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. نەتىجىدە ئەسلىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى قارىمىقىدىكى رايونلاردا غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان پادىشاھلىقلار،

جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا بولدى، بۇلار بەجايىكى غەربنىڭ ئىبارەت ماگنىت تايانچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن قىمىرلايدىغان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىغا ئوخشاپ قالدى.

نەتىجىدە ئەھۋال قانداق بولدى؟ مەنپەئەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىقتىسادىي قىممەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە بولدى. ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەنپەئەت قانۇنى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى. مەنپەئەت، پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىددىي كۈرەشلەر باشلاندى. ئىنسان تەبىئىيىتىدە بولىدىغان روھىي قىممەتلەر (ئېتىقاد)، ئەخلاقىي قىممەتلەر (ۋاپادارلىق، سەممىيلىك، دىيانەت)، ئىنسانىي قىممەتلەر (ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى قۇتقۇزۇشلار، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان رىشتىلەر ۋە ياردەملەر) يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي قىممەتنىڭ قوشۇمچە نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى ياكى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چېركاۋلار قىممىتى ۋەيران بولغان كىشىلەر ئىزدەيدىغان ئايرىم نەرسىگە، پوپلار ئۆلۈك ساندۇقى ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. سەنئەتكارلار كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىغا ماسلاشماي، سەنئەتنىڭ ئىچكى تەلەپلىرىنى قازىمەن دېسە، جان باقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئوڭ مېڭىسىدە سەنئەت، سول مېڭىسىدە تىجارەت بولمىسا بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. جۇڭگو تاكى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ياشىدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئۆلدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ياماق چاپان، ياماق ئىشتان كىيگەن ھالدا «قەھرىمان» بولدى. مىليونلاپ ئىنسان ئىجاد قىلىش - بايلىق يارىتىشقا تېگىشلىك مېڭىسىنى ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ جابدۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئادەمىيلىككە ياتىدىغان تەبىئەتتىن مەھرۇم بولدى. سىرتقى دۇنيانىڭ يۈكسەك گۈللەنگەن ھالىتى 1840 - يىلىدىكى ئەنگلىيە زەمبىرەكلىرىدەك جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر دەرۋازىسىنى سىلكىدى. ئاڭ فورمىسىنىڭ خۇمارى ئەپيۇننىڭ خۇمارىدىنمۇ دەھشەتلىك بولۇپ، بۇ خۇمار تا بۈگۈنگىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خالاس تاپمىدى. بىراق قانداقلا بولمىسۇن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ئىسلاھات جۇڭگو ئۈچۈن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى ماددىي مەئىشەتنى يارىتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىقتىسادىي قىممەت ئورۇشى پۈتكۈل دۇنيانى تەلتۆكۈس قاپلىدى، روھىي قىممەتلەر كىشىلىك جەمئىيىتىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئالىيجاناب ئەخلاقىي قىممەتلەر مۇرەككەپ ماھىيەتلىك دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلاندى. تالاش - تارتىش، كۈرەش، تاجاۋۇز، ئالدامچىلىق قورۇلۇشلىرى جىرايلىق ھەل بېرىلگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بەبىئەت قىلىدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ئەيىبى دەۋرلەردە ھەربىي ئىشلارغا تەدبىقلانغان ھىيلە - مىكىر دەستۇرلىرى زامانغا يارىشا قايتىدىن ئىشلىنىپ، پۈتكۈل سودا ۋە ئىنسانىي ئالاقىلارغا تەدبىقلاندى (مەسىلەن، ماكىياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، كلاسسىۋىتىزنىڭ «ئۇرۇش نەزەرىيىسى»، جۇڭگودىكى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «36 تەدبىر»، «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»).

پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك، مۇبادا پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشىنىش چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسە، بۇ پەن خۇراپاتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتدارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى قېزىش تۈپەيلى، ئېغىر تەبىئەت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كىرزىس ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي كرىزىس (مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنىشى، ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى، مائارىپنىڭ دوگمىلىشىشى، قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى... قاتارلىقلار) ۋە روھىي كرىزىس (ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئەقىدىسىزلىك، روھىي كېسەللىك...) نىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

20 - ئەسىر شۇقەدەر ئەسەبىي قىلىقلار بىلەن تولغان ئەسىر بولدىكى، كىشىلەر مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىيامەت تەسۋىرلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن يەتكۈدەك ئۇچرىتىشتى. ئىجادىيەت بىلەن بۇزغۇنچىلىق بالانسى رەۋىشتە روياپقا چىقتى.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۈگۈنكى روھىي كرىزىستىن ئاللىقاچان بېشارەت بېرىشكەنىدى. 19 - ئەسىر دىنىي جەمئىيەت دەۋرى بولدى. ئاللانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان ئېتىقاد ھوقۇقى، قانۇن ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرى ئېپىسكوپلار، پوپلار ۋە مىسسىونېرلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىندى. ئېتىقادتىكى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك ئەمەلدە يوق قىلىندى. شەخسنىڭ خۇدانى چۈشىنىش ۋە سېغىنىشتىكى ھوقۇقى تالان - تاراجغا ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا گېرمانىيە پەيلاسوپى نىتزى: «خۇدا ئۆلدى!» دەپ جاكارلىغانىدى. بۇ ئۆلگەن خۇدا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خۇدانىڭ بارلىق بەندىلەرگە

بولغان ئورتاقلىقى يوقىلىپ، ئىجتىمائىي قانلام ۋە دەرىجىلەرنىڭ غايىب شاھىدى بولۇپ قالدى. خرىستىئان دىندارلىرى بەئەينى ئۆلۈك خۇدانىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىشقاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خرىستىئان دىنىنىڭ پات ئارىدا ھاكىمىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلىشىدەك رېئاللىقنىڭ سايىسى بىراقتىن ئايان بولۇپ تۇراتتى.

رىنسارلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى شائىرلارغا خاس رومانتىك دۇنيانىڭ زەربىگە يولۇقۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. رىنسارلىقنىڭ توگىشى ئىنساندىكى قىشلاققا خاس تەبىئەتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىشىدۇر. بۇنداق چاغدا جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتى مۇتەپەككۇرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ - دە، نوقۇل ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىئونلۇق سەھنىگە چىقىدۇ. شۇڭا 19- ئەسىر ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە مايىل تەبىئىيتى بىلەن دىن، ھوقۇققا مايىل تەبىئىيتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ مەنزىرىسى بىلەن خاراكتېرلەندى. 19 - ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىياتى ۋەيران بولۇۋاتقان ئىنسانىي قىممەتكە ئوقۇلغان ھەسرەتلىك ناخشىدۇر. 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئادۋوكات (قانۇنچى)لار ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ بېشىدىكى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلەرگە ئايلاندى. سىياسىي رەڭۋازلىق دۆلەت باشقۇرۇش سەنئىتىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان ۋاسىتىلىرىغا ئايلاندى. سانائەت بىلەن ماشىنا ئىنساندىكى مۇنەۋۋەرلىك ۋە ئىجادىي كۈچنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. شائىرلارنىڭ لىرىك سادالىرى ماشىنىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئىچىدە دىمىقىپ، بوغۇق ئاڭلىنىدىغان، ھەتتا ئەسەبىي چىرقىراشقا ئايلىنىپ قۇلاقنى يارىدىغان بولدى. مودېرنىزمچىلار ئىنسانلاردىكى روھىي بىمارلىقنى ماس شەكىللەر، غەيرىي ئۇسلۇبلار بىلەن ئەينەن كۆرسەتتى. روشەنكى، مودېرنىزممۇ بىر خىل رېئالىزم بولۇپ، ئۇ، بۇرمىلانغان ئىنسانىي چىنلىقنى بۇرمىلانغان تەپەككۇر شەكلىدە ئەينەن ئىپادىلىدى . بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات روھىي ئازابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نالىسىنى چىڭقىلىپ توۋلىدى - دە، ئەدىبلەر ئۆلدى - ئەدىبلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى پەۋقۇلئاددە ئوبرازى خىرەلەشتى. 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، دۆلەت سىياسىتى ئىقتىسادنى مەركەز قىلىدىغان بولدى. ئەمدىلىكتە ئىقتىساد ئالىملىرى زوڭتۇڭلار، زۇڭلىلار، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە شۇجىلارنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىگە ئايلاندى. ئىنسان قىممىتىنىڭ مەركەزلىك تۈرنى شەكلەن مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت روھى، تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىن تولۇق تەنھالىققا يەتتى. ھەل قىلىش قىيىن بولغان تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئىنسانلارنى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، تۈزۈك نەپەس ئالالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. دېمەك، بۇ دەۋردە ئىنسان ئۆلدى. غەرب مۇتەپەككۇرلىرى يوقىرىقى ئۈچ ئۆلۈمنى ئايرىم - ئايرىم توۋلىغاندا، خەۋپ ۋە شاۋقۇن - سۈرەن قاپلىغان تىنچسىز دۇنيا ئۇلارنىڭ ئاشۇ سەمىمىي ئاۋازىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن يۇتۇۋەتتى.

20 - ئەسىردىكى پەن ۋە دېموكراتىيىگە يۈزلىنىشنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرى جۇڭگو زېمىنىغا ئۇرۇلۇپ تۇردى. بۇ 100 يىل ئىچىدە جۇڭگونى ئاساسەن ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ئىلىپ باردى، دېسە بولىدۇ. بۇ جەرياندا سانىسىزلىغان زىيالىيلار (ئەلۋەتتە غەربپەرەس زىيالىيلارمۇ) ۋەيران بولدى. ئاۋئاماتىكىغا بېلىقچى كېمىسى بىلەن تاقابىل تۇرۇشتەك مەمەدانلىق جۇڭگونى خەلقئارا تەسىر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە يېتىم قالدۇردى. جۇڭگو بۇنى ئاخىرى چۈشىنىپ يېتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەزى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزدى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر زور بولغان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى، قىممەت قارىشى ۋە بىر پۈتۈن ساپاسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى.

يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، غەربتىمۇ ئادەم كرىزىسى مەۋجۇت، بىراق بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ ۋايىغا يېتىشى، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە مۇھىتىدىكى ئىجادىي روھنىڭ ئۇرغۇشىدىن كېيىنكى كرىزىس بولۇپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ساھەلىرىدىكى ئەقىلنىڭ تويۇنۇشىدىن كەلگەن. دېمەك، غەربتىكى كرىزىس مۇكەممەل توقلۇقتىن كەلگەن. جۇڭگودىكى كرىزىسچۇ؟ جۇڭگودا ئادەم كۆپ بولۇشىغا قارىماي، ئۇلاردىكى ئەقلىي قابىلىيەت ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىغان، بەلكى بوغۇلغان. ئەقىلنىڭ بوغۇلۇشى پۇتنىڭ بوغۇلۇشىدىنمۇ يامان. نەتىجىدە كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشتىكى رولىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تاماق يەيدىغانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. لى مىڭ ئەپەندى جۇڭگودىكى بۇ خىل كرىزىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «جۇڭگولۇقلارنىڭ كرىزىسى تارىختىن بۇيانقى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن كەلگەن، بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار تەبىئىي پەندىكى

ئەقلىيلىقنى كەمتۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت دېموكراتىيىسى جەھەتتىكى ئەقلىيلىقنىمۇ كەمتۈك. جۇڭگو دۇنياۋى ئىلىم - پەن ۋە دېموكراتىيىنىڭ دولقۇنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ئاخىرقى بىر پارچە قاقشال زېمىن بولۇپ تۇرۇۋەردى»(«جۇڭگو كرىزىسى» كىرىش سۆز قىسمىدىن ئېلىندى. ئىسلاھات نەشرىياتى 1998 - يىل 12 - ئاي نەشرى). دېمەك، جۇڭگودىكى كرىزىس روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى گادايلىقتىن كەلگەن. نەچچە ئەسىرلىك يېغىلىق ۋە موھتاجلىق جۇڭگولۇقلاردىكى روھىي ساپانىڭ يېتىلىشىگە زادى ئىمكان بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ بىر مەزگىللىك تالان - تاراجى، فېئودال ئىچكى كۈچلەرنىڭ زۇلۇمكارلىقى بۇ خەلقنى ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە تۈزۈك ئويلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلمىغان. ئەنگلىيە تارىخچىسى ئارنولد توينبى ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقاپ كەتكەن 24 مەدەنىيەت (ئەلۋەتتە، 24 مىللەت ـ دۆلەت)نى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ـ ناھايىتى بالدۇر گۈللىنىپ كەتكەنلىكىدە، دېپ چۈشەندۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ كۆكزى ئەقىدىسىنى ئومۇرتقا قىلغان مەدەنىيىتى گەرچە يوقاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى ئۇزۇن تارىخىي ئەرزىمەس روھىي غالىبىيەتچىلىكنى پەيدا قىلغان - دە، ئەمەلىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەغرۇرلۇق ساقىت بولۇش قىيىن بولغان ئىرسىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىرسىيەت دۇنيانىڭ «قاپ ئوتتۇرىسى»دا تۇرغان 中国 نى ئەجدادلىرىغا نېسىپ بولغان مەئىشەتتىن ئايرىۋەتكەن.

كۆكزىنىڭ: «ئەجدادىڭنى ئۆرنەك قىل» دېگەن سۆزى جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ روشەن ئەينىكىدۇر. دەرۋەقە، جۇڭگودىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش كۆكزىنىڭ قائىدە - يوسۇن دەستۇرى، پاساھەتلىك شېئىر ـ نەزمىلەرنى پىششىق يادقا ئېلىش، خۇشخەت قىلىپ كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. سۆز قىلغاندا كونا كىتابلاردا ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر ۋە ئىدىيومىلارنى ئىشلىتىش تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى بولدى.

كۆكزى يەنە مۇنداق دېگەنىدى:

«بەگلەر خۇلقى شامالدۇر،
پۇقرا خۇلقى گىياھدۇر،
شامال ئۇچسا قايانغا،
گىياھ شۇ ياققا ياتادۇر»

جۇ گېيلياڭ فېئودال جۇڭگودىكى تىپىك ئۆلىما

(زىيالىي دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش بولامدۇ، يوق؟ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش كېرەك) . لېكىن ئۇ شۇنچە مول بىلىمى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن زاۋال تېپىۋاتقان خاندانلىقنى تىرىلدۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرۈپ، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇمۇ «ئەجدادىڭنى ئۆرنەك قىلىش»نىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، سۇن ۋۇكۇڭ بىرلا چەمبىرەك بىلەن ئۆزىگە قارىغاندا قابىلىيەتسىز، ھاماقەت تاڭ سېڭغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ھەتتا كۆكزىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆردا ئىچىگە تەلمۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. روشەنكى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ زېھنىي كۈچىنى كونىنى تىرىلدۈرۈش، ھاكىمىيەتنى بېزەش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىپ، دىلىدىكى ئارمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىشكەن. ئۇلار بۇ خىل ئوبرازى بىلەن پرومېتېدەك ئۆزىنى خەلققە بېغىشلايدىغان قەھرىمانلاردىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ.

غەرب زىيالىيلىرى ئۆز دەۋرى سىغدۇرالمايدىغان ئىلمىي قىياس ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ، بالاغا قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەربىر ئۆز دەۋرىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىگە ئايلىنالىغان. تارىخ ھەرقانچە بەدنىيەت بولسىمۇ، تەبىئەت بىلەن ئىنساندىكى پىترەت (تەبىئەت)كە بېقىنىدۇ. قانداقتۇر بىر مۇقەررەر قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا تارىخ ئۆزى قۇربان قىلىۋەتكەن ھەقىقەتچىلەرنىڭ قەبرىسىگە باش ئۇرۇپ، ئۆزىگە ئاشۇ قەبرىنىڭ توپىسى بىلەن ئۇل سالىدۇ.

ۋاھالەنكى، پاكىز قەبرە تاپقىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە.

لى مېڭ ئەپەندى «زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ۋە تەقدىرى» دېگەن ماقالىسىدە يۈز - خاتىرە قىلمىغان ھالدا جۇڭگودا زىيالىيلارنىڭ پەيدا بولۇشى «4 - ماي» دىن كېيىنكى ئىش، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە لۇشۈننى نادانلىق، كونىلىققا قارشى ئىسيانكارلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى زىيالىيلار پاجىئەسىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىدۇر. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇقىمسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەت دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشتا رول ئوينايدىغان كەسپىي سەرخىللارنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى.

مانا ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە شەھەرلىشىش

تېزلەشتى. شەھەرلەردە كۆككە تاقاشقان بىنالار، سېتىرېئولۇق كۆۋرۈكلەر زامانغا باپ ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. خۇسۇسىي ماشىنىلار كۆپەيدى، كاستوم - بۇرۇلكا، شىلىت كىيىش ئومۇملاشتى. قوللىرىغا يانفون ئېلىۋالغان دىرېكتور ئەپەندىلەرنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. بىراق بۇلار يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشايدۇ. ئۇلار گۈزەل بولغىنى بىلەن كۆۋرۈك قىلىپ ماڭغىلى بولمايدۇ. قۇرغاق ھاۋا ئەسلىگە كەلسىلا، بۇ رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۈگۈنكى گۈللىنىۋاتقان جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپلىشىش روشەنلەشتى. ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيىنى ياراتتى. («7- قېتىملىق ئىنقىلاب» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى 1998 - يىل 4 - ئايدىكى نەشرى).

ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىملارنىڭ ئالدىن بېيىشى تەشەببۇس قىلىنىۋىدى، باي - كەمبەغەللىك پەرقى زىيادە چوڭ بولۇپ كەتتى. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ %3 گە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ قولىدىكى پۇلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار ئامانىتىنىڭ %28 نى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلغان.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋاللارنى ئالساق، ئۈرۈمچىنىڭ مەلۇم بىر مېھمانخانىسىدىكى بىر قېتىملىق زىياپەت خوتەن يېزىلىرىدىكى بەزى دېھقانىنىڭ نەچچە يىللىق كىرىمىدىن چوڭ. ئادەتتىكى بىر شىرە زىياپەت بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاساسلىق مائاشىنىڭ بىر يېرىم ياكى ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىش سۈپىتى، تاۋار سۈپىتى، ئادىم سۈپىتى، ئىشىسىزلىق قاتارلىق بىرقاتار ئامىللار يېڭىۋاشتىن ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

زامانىمىز كىرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە زىيالىيلارنى يېتىشتۈرمەكتە. بۇ پات ئارىدىكى كىرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە رەھبەرلەردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇلار ئويلانماقتا، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى سۈپىتىدە ئىلغار تەكلىپ - لايىھەلەرنى سۇنماقتا.

3

بىزمۇ كىرىزىستا تۇرۇۋاتىمىز. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى كىرىزىسىمىز ھېچكىمنىڭ كىرىزىسىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ كىرىزىسنىڭ كىرىزىس پېتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك، تارىخىي كەچۈرمىش، ئىگىلىك سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئارقىلىق باشقا رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ رايون بىز خوشلىشىۋاتقان 20 - ئەسىردە مۇرەككەپ تارىخنى باشتىن كەچۈردى. بۇ رايون ئوخشىمىغان چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشىنىڭ بىۋاستە سەھنىسى ۋە ئوبيېكتى بولدى. بۆلگۈنچى مىللەتارىستلار بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى توستى. زىيالىيلار قوشۇنىنى خەلققە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان دەرىجىدە چەكلىدى. ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، سۈيىقەست قاتارلىق سىياسىي ۋاستىلار تۇپەيلىدىن ھالسىرىغان بۇ زېمىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېڭى قىياپەتتىكى تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئەلۋەتتە، 50 يىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلار بۇ يەردىمۇ بولدى، گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشلار بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىچكى- تاشقى قىياپەتلىرىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بىز بۇ ئالامەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالالايمىز:

1. قانتاش تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئورنىنى ئايروپىلان، پويىزلار؛ ئات - خېچىرلارنىڭ ئورنىنى ماشىنا، ئاپتوبۇسلار ئىگىلىدى. دىيارىمىزدىكى تاشيول ئۇزۇنلۇق جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ تاشيوللارنىڭ ئەڭ يىراق مۇساپىسىنى ئىككى كۈندە، كىچىككەندە ئۈچ كۈندە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال رايونىمىزدىكى سودا - سېتىق، مەدەنىي - مائارىپ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنداقلا ۋىلايەتلەر ئارا كۆرۈلىدىغان ئۆرپ - ئادەت، خۇلق - مىجەز، تەپەككۇر پەرقىنى ئازايتتى. يەرلىك پىسخىكىنىڭ ئورتاقلىق تەرىپى ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېھتىياج قانۇنى بويىچە يۆتكىلىشى بىر قەدەر ئەۋزەل كاپالەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشىگە زۆرۈر بولىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى ئۆز رولىنى نىسبەتەن جارى قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۇلار يېڭى ساھە، يېڭى ئېھتىياج ئالدىدا ئېگىنى، سەۋىيىسىنى يۇكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىپ، قالاق، قاتمال قارىشىنى مەلۇم مەنىدە ئۆزگەرتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى

ئىستىخىيىلىك ھالدا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ يۈكسىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆز يېرىنىغا مەھكۇم بولۇپ، نۇقۇل دېھقانچىلىققا يۆلىنىپ قالغان بىر دېھقانغا قارىغاندا، لەنجۇ، گۇاڭجۇلارغا كىرىپ كاۋاپچىلىق قىلغان دېھقاننىڭ ئېڭى بىر قەدەر يۈكسەلگەن بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر دېھقاننىڭ تىجارەت قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يەر- مۈلۈكلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تاشلىۋېتىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەرقانداق زور بايلىق زېمىن بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، زېمىندىن ئايرىلغان ھالدىكى بايلىق ئۆز كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ۋەتەننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلمىغان بايلىق بەرىكەت تاپمايدۇ. خەلقىمىز تىجارەت قىلدىم دەپ پاك - ھالال ئەقىدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئاخىرى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغان پەرزەنتلەرنى ئاز كۆرمىدى. ئۇلار ئۆز خەلقى ۋە ئاتا- ئانىسىغا ئەسقېتىش تۇگۇل، ئۇلارنىڭ باغرىنى خۇن قىلدى.

ھېكمەت:

«ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،
ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر.»—

بىر ئىشنى قىلىشتا مۇددىئا ئايدىڭ بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ھالال، توغرا بولۇشى كېرەك. ھايۋاندا ئەقىدە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ چاكارلىقىدىن ئۆز ئەۋلادى ئۈچۈن ھېچبىر نىشان قالمىدى. ئېشەكنى ھەجگە ئېلىپ بارسا، ئېشەك پېتى قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى بارغان ئەمەس، بەلكى ئاپىرىلغان. ئادىمى ھايۋان ئۈچۈن ئەقىدىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەقىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تونۇغان، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى تونۇغان، ئىش- ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئۇسۇلىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى خۇسۇسىي ئىگىلىك كوللېكتىۋىزمچە ئۇسۇلغا ئۆتتى، ئاخىرىدا ھۆددىگەرلىك شەكلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىككە كۆچتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا پىلانلىق ئىگىلىك ھازىرغىچە كۈچكە ئىگە. قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ۋاستە جەھەتتە ئەسلىدىكى كالا، ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئورنىنى قىسمەن ھالدا تراكتور ئىگىلىدى، ئەسلىدىكى جۇۋازنىڭ ئورنىنى ماي زاۋۇتى ياكى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ماي دۇكانلىرى ئىگىلىدى، ئەسلىدىكى تۈگمەننىڭ ئورنىنى ئۇن زاۋۇتلىرى ئىگىلىدى. بەزى يېزىلارغا ئېلېكتر چىراغلىرى، ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى يېتىپ باردى. ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن بىر قەدەر قۇلايلاشتى، ئۈنۈمىمۇ يامان ئەمەس بولدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا كەڭ تارقىتىلدى. بىراق بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى، دېھقانچىلىق ئەسلىھەلىرىگە كېتىدىغان چىقىمنىڭ زورىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يەرلىك دېھقانلار ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ماشىنا ئىشلىتىشكە، ھەتتا بىر قىسىملىرى ئىلمىي باغۋەنچىلىك، ئىلمىي دېھقانچىلىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەۋىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى يەنىلا كېڭىيىپ كېتەلمىدى. دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بىز قەدەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىككە كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. ئەگەر دېھقاننىڭ ۋاقتى بىلەن جىسمانىي كۈچىنى سېلىنما قاتارىدا ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا دېھقان ئۆز مېھنىتىدىن ھېچقانچە نەپكە ئېرىشمىگەن بولىدۇ.

ئادەتتە ئىقتىسادشۇناسلار تاپقان كىرىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يېمەكلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئائىلىنى نامرات ھېسابلايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا 360 كۈن دېگۈدەك قورساق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان دېھقانلار قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟ بۇنى بىز ئىقتىساد خادىملىرىنىڭ جاۋاب بېرىشىگە قالدۇرىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدا مەلۇم دەرىجىدە ماشىنىلىشىش بولدى. بىراق بۇ ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رېئال ھالەتنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ بۈگۈنكى يېزا قىياپىتىدىن يەنىلا ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشى ئائىلىلەر بىر قىسىم ماشىنا - سايمانغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىكى ماھىيەت جەھەتتىن ئەنئەنىۋى تۈستە تۇرۇۋەردى. ھۆل - يېغىن، تەبىئىي دەريا - ئېقىنلارغا تايىنىپ سۇغۇرۇش ئېلىپ بېرىش، بەرگە باغلىنىش، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ كۆپەيمەسلىكى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق

تەسۋىرىدۇر، بەرلىك ئورۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا ئادەتتىكى سانائەتلەرمۇ بولمىغاچقا، ئەسلىدە بار بولغان قول - ھۈنەرۋەنچىلىك زامانىڭ شاللىشىغا دۇچ كەلدى. نەتىجىدە، دېھقانلار تۇرلۇك ئۆي سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىش جەھەتتە نوقۇل ئىستېمالچى ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. نوقۇل يەرگە باغلىنىش، بىر تۈتاش پىلانلانغان مەھسۇلات ئۆچۈن ئىشلەش بوگۈنكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى. بۇنداق ھالەت ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى ئادەت كۈچلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلىيالمىدى. ئادەتتە، ئادەت كۈچىنىڭ ئىككى خىل رولى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئەنئەنىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ يەنى بىرى، جانلىق، ئىجادىي ماسلىشىشقا توسالغۇ بولۇش. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان ئادەت كۈچى يېكىنمە رايون كىشىلىرىدە بولىدىغان خاراكتېر جاھاللىقى، كاللا ئىشلىتىش جەھەتتىكى قاتماللىق، تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ يوق بولۇشى، تەشكىللىنىش، تەدبىقلاش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ياقا يۇرتلارغا ئىنتىلىشنىڭ سۇس بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجادكار خەلق ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت، ئېچىۋېتىلگەن سىستېمىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەتكى، ئادەم ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى ئىجتىمائىي مۇھىتقا يارىشا جارى قىلدۇرىدۇ.

ئامېرىكا ئىقتىسادشۇناسى ساموئېل ۋە نودخوسلار مۇنداق قارايدۇ: «نۇرغۇن نامرات كىشىلەر تەربىيە كۆرمىگەن بولىدۇ، ئۇلار ئىقتىسادى توختاپ قالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ ياكى شەھەرلەردىكى نامراتلار رايونىدا يېگانە ھالدا تۇرۇپ قالغان» («ئىقتىساد ئىلمى» ناملىق كىتاب، جۇڭگو تەرەققىيات نەشرىياتى، 12 - نەشرى).

نامراتلىق كىشىنىڭ مائارىپتىكى سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، مائارىپ جەھەتتىكى سۈپەتسىزلىك نامراتلىقنى نەچچە ھەسسە قاتلايدۇ، بۇ ئاخىرى بېرىپ، جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

3. سودا - سېتىق بورۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ جانلاندى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت شەخسكە نېمە يېيىش، نېمە ئويلاش، نەدە تۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋەزىيەت. شەخسلەر ناھىيىلەر ئارا، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا سودا قىلىدىغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ بولىدىغان ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى. يېڭى جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەۋزەل ۋەزىيەت 80 - يىللار ۋە 90 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېلى ئوبدانلا جانلاندى. 70 - يىللاردا بىر قاپ سەرەڭگە تېپىشمۇ بەسي مۈشكۈل ئىدى، كىشىلەر ھازىر زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشكى ئالدىدىكى بوتكا ياكى ماگىزىنلاردىن بىمالال سېتىۋالالايدىغان بولدى.

يەرلىك خەلق باغ - ۋارانلىرى ۋە ئېتىزلىرىدىن چىققان بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ساتمايتتى. تارىختىكى يىپەك يوللىرىنى ئېچىپ ھىندىستان، چاڭئەن، ئىران، ئىراق، يۇنانلارغا بېرىپ سودا قىلغان. جاھاندا سودىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزگە ئەللەرگە تونۇتقان بۇ خەلق بىر مەزگىللىك يېكىنمە تارىختىن كېيىن گاڭگىراش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى بۇ خەلق بازارغا بىرنەرسە ئېلىپ چىقىپ سېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان غەلىتە دەۋرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بۇ ھەقتە بېھساب ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈردى. تەئەججۈپكى، ئاشۇ رېئاللىقنى ھازىرقى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، زامان ئەلپازىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەقەدەر مەنتىقسىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. مانا ھازىر بازار دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە يەتتى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «سودىگەر» بولدى. كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ ئىززىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ۋۇجۇد بايلىقلىرىنىمۇ بازارغا يۈزلەندۈردى. كېلىشكەن بەدەن، دىلرابا كۆز، ئوتقاشتەك لەۋلەر



مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈلگىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ جەرياندا شۇنداق بىر ئاقىۋەت يۈز بەردىكى، بازارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زور بىر ھاڭ پەيدا بولدى. جۈملىدىن، ھازىرقى بازار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن يىراق بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۈردىكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى روشەن ھالدا ئىلگىرى سۈردى.

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇ يەردىكى سودا بىر بولسا خام ئەشيا سودىسى، بىر بولسا تەييار مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، كىشىلەرگە قويۇلىدىغان مەدەنىيەت، كەسىپ جەھەتلەردىكى سەۋىيە تەلىپى چوڭ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلكىدە پۇل كۆپەيسىمۇ، ئۇلارنىڭ سودا ھەققىدە ھاسىل قىلغان بىلىملىرى تەسىراتلار يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇلاردا سودا ۋەزىيىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئامىللىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتەك ئىستىخىيىلىك ئاڭ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تەھلىل قىلىپ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى ئاڭلىق ھالدا يارىتىش، قولىدىكى پۇللارنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ مۇلازىمەت، كەسىپ، تىجارەتنىڭ يېڭى، زامانىۋى تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش، سالمىقى چوڭ بولغان كارخانا، زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگەن سۈپەتلىك ئادەملەرنى تەربىيىلەش، ئۆز يۇرتىغا مەدەنىيەت، بىلىم كىرگۈزۈش، ئىلغار تېپىكى تېخنىكا ۋە ئۇسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش قاتارلىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب بولمىغاندىمۇ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەنلىكى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

كىشىلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى موسابايوفلار جەمەتىنى ئەسلىسە شۇنى بايقايدۇكى، ئۇلار ھەم سودا قىلغان، ھەم بىلىملىك مۇتەخەسسىلەرنى يۇرتقا تەكلىپ قىلغان ھەم ئىلغار ئۇسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، زاۋۇت قۇرۇپ، كېرەكلىك بۇيۇملارنى بىۋاسىتە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان، بىر بۆلۈك ئادەملەرنى شۇ ساھەلەر بويىچە تەربىيىلىگەن. مانا بۇ قۇرۇق نەزەرىيىلەر، ۋەز - نەسىھەتلەردىن تۈزۈلگەن دەرسلەرگە قارىغاندا ئەڭ ئەمەلىي، ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور بولغان ھەقىقىي مائارىپ. يەنە شۇنى ئەسلەش كېرەككى، ئۇلار يۇقىرىقىلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ سۈپەتلىك كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان، ھەتتا دەرسلىك قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنىمۇ زامانغا لايىق ئورۇنلاشتۇرغان. مانا بۇ مەكتەپ، جەمئىيەت ۋە زامان بىر گەۋدىلەشكەن تىرىك مائارىپ. بۇ ئەھۋاللار ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىغا ۋە ساپاسىغا مۆلچەرلىگۈسىز ئاكتىپ تەسىرلەرنى بەرگەنكى، ئاشۇ خىل ئىلغارلىق تەسىرىدىكى ياراملىق ئادەملەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر كۆچ بېرىپ كەلگەن.

كىشىلەر يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا شۇنچە قايىل. بىزدە يەھۇدىيلارنىڭ سودا سەنئىتى، سۆھبەت سەنئىتىگە دائىر بەزى كىتابلارمۇ نەشر قىلىندى. ئۇلار سودىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازاندى؟ بۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىگە ئەگىشىپ چارچاپ كەتكەن مېڭىسىگە كىچىككىنە ئارام بېرىش ئۈچۈن يەھۇدىيلاردىكى بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. لېكىن ئوقۇرمەنلىرىمىزدە ئاز - تولا تەھلىل بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ھېكمەت تاپالايدۇ. يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىش يەھۇدىي بولۇپ كېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىشىدە ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز خەلقىگە لايىق توغرا ئەقىدە بولغاندىلا ئاندىن يات ئەقىدىلەرگە ئەگىشىپ كەتمەيدۇ، بەلكى يات ئەقىدىلەردىن تېگىشلىك ۋاسىتە ۋە تاكتىكا قوبۇل قىلالايدۇ.

مەزكۇر رىۋايەت مۇنداق:

«بىر ئېيسىلزادە يىراق بىر ئەلنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئون نەپەر خىزمەتكارىنى ئالدىغا چاقىرىپ ھەر بىرىگە بىردىن يامبۇ بېرىپ مۇنداق تاپىلاپتۇ:

ـ سىلەر بېرىپ سودا قىلىڭلار، مەن قايتقاندىن كېيىن ئاندىن كېلىڭلار.

بۇ ئېيسىلزادە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ، دەرۋەقە، ئۇ ھېلىقى ئەلگە ئىگە بوپتۇ. غەلبە - نۇسرەت بىلەن قايتىپتۇ. ئۇ، يامبۇ تارقىتىپ بەرگەن ھېلىقى ئون خىزمەتكارىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن سودىدا قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىنى سوراپتۇ.

بىرىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـ ئى خوجايىن، سىز ماڭا بەرگەن بىر يامبۇنى ئون

www.uyghurkitap.com



قىلدىم.

— ياخشى، ئاق كۆڭۈل خىزمەتچىم، — دەپ ئۇنى ماختاپتۇ خوجايىن، — ئەگەر كىچىك ئىشىمۇ سادافەتمەنلىك كۆرسەتكەچكە، مەن ساڭا ئۇن شەھەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردىم.

ئىككىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى خوجايىن، سىز ماڭا تاپشۇرغان بىر يامبۇنى بەش قىلدىم.

— بۇمۇ ياخشى، — دەپتۇ خوجايىن، — سەن بەش شەھەرنى باشقۇرساڭ بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى خوجايىن، مانا قاراڭ، سىز بەرگەن بىر يامبۇ مەيەردە، تېخى تەگمىدىم! قورقۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقالماي، ياغلىقىمغا تۈگۈپ ساقلاپ كەلدىم. مەن سىزدىن قورقاتتىم. چۈنكى سىز قالتىس يامان ئادەم، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىسىز، تېرىمىغاننىمۇ يىغىسىز...

خوجايىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆكۈپ - تاتىرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ:

— ھوي ئەسكى مالاي، ئاغزىڭغا يىقىپ سۆزلە، ھېلى بىكار ئەدىپىڭنى بېرىمەن! سەن مېنىڭ قالتىس يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىدىغان، تېرىمىغان نەرسىنىمۇ يىغىدىغانلىقىمنى بىلگەندىكىن، نېمىشقا يامبۇنى بانكىغا قويۇپ، مەن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۆزىنى ۋە ئۆسۈمىنى ئەكەلمەيسەن؟

ئۇ، شۇ گەپلەرنى قىلىپ، يېنىدا تۇرغان بىرەيلەنگە دەپتۇ:

— ئۇنىڭدىن بىر يامبۇنى ئېلىپ، ئون قىلغان خىزمەتكارغا بەرگىن.

— خوجايىن، — دەپتۇ يېنىدا تۇرغان ئادەم، — ئۇ، ئون يامبۇ پايدا تاپتىغۇ؟

— مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، — دەپتۇ خوجايىن، — پايدا ئالالمىغانلارنىڭكىنى ئۇنىڭغا بارلىرى بىلەن قوشۇپ تارتىۋېلىش كېرەك. پايدا تاپقانلارغا بولسا قوشۇپ بېرىش ۋە ئۇنى ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك.»

بۇ بىر ھېكايە. بىراق ئۇنىڭدىن بىر دۆلەتنىڭ مالىيە لوگىكىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دۇنيادا پۇلدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەستە تۇتقان ھالدا تىجارەت قىلىش كىشىنى پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرمايدۇ، بەلكى پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى ھاياتتا پۇل كېرەككە كەلمەيدىغان چاغلار كېرەككە كېلىدىغان چاغلاردىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. پۇل تېپىشنىڭ غايە ۋە مەقسەتنى توغرا ھەل قىلالمىغان ئادەم مەڭگۈلۈك نامراتلىقتا مىخلانغان بولىدۇ. ھېكايىدىن مەلۇمكى، ھاكىمىيەت پۇل تېپىشنىڭ ئېپى بىلەن ساخاۋەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەنلەرگە، شۇنداقلا قانداق تەشكىللەشنى بىلگەنلەرگە مەنسۇپ. بۇ يەرگە كەلگەندە كىشلەرنىڭ سەمىگە مۇھەممەد باھاۋىددىن نەقشبەندى (1388 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ: «دىلىڭ ئىماندا بولسۇن، قولۇڭ ئىشتا (بولسۇن)» دېگەن سۆزىنى سېلىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس.

4. تېلېۋىزور بۇ يەرنىڭ كىشلىرىگە سىرتقى دۇنيانىڭ ماددىي كۆرۈنۈشلىرى، شەكىل - فورمىلىرى، ياشاش تەرزلىرىنى ھېسسىي رەۋىشتە تونۇشتۇردى، بولۇپمۇ سىملىق تېلېۋىزىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى چەت ئەل تۇرمۇشىنىڭ رېژىسسورلار نەزەرىدىكى ئۆزگەرتىلگەن، پىششىقلانغان ياكى بۇرمىلانغان ۋارىيانتىنى كۆپلەپ يۈز كۆرۈشتۈردى. ئارقىدىنلا سىنئالغۇ، سىنقويغۇ، LD, VCD, CD ئاپپاراتلىرىنىڭ تارقىلىشى، پىلاستىنكىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىشىشى كىشلەرنىڭ رەسەۋۋۇرىنى غەربچە مۇھەببەت شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، غەربچە مۇناسىۋەت شەكلى، غەربچە قائىدە - يوسۇنلارغا تولدۇرۇۋەتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەييار كىيىم - كېچەكلەرنى ساتىدىغان توپ تارقىتىش بازارلىرىنىڭ چەت ناھىيىلەرگە قەدەر يېتىپ بېرىشى يەرلىك ھۈنەر - سودىنى شاللاپ تاشلاش بىلەن بىرگە يۇقىرىقىدەك ئېكران ھادىسىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ياشلارنىڭ ئېڭى ۋە قىممەت قارىشىنى تېز ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. نەتىجىدە، بىر ئائىلىدە ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي نىزامدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ، ئاتا - ئانا ۋە بالا ھەمجەھەتلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئائىلە تەربىيىسى (شەھەردىكى مىللىي ئائىلىلەردە ئائىلە تەربىيىسى دېگەن بارغانسېرى يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى)، مەكتەپ تەربىيىسى قاتارلىقلار جەمئىيەتتىكى چىرىكلىكلەرنىڭ تەسىرى ئالدىدا ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسى دەۋرنىڭ قارا دولقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. يىگىتلەر نىكاھقا كەلگەندە قىزلىق ئېپەتكە قاتتىق دىققەت قىلىشتىن سەل قاراشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىق ئېپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ تىجارەت شەكلى سۈپىتىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېپەتكە قويۇلىدىغان نازۇك تەلەپنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتتى.

خىرۇشىن بىلەن ئەيدىز كېسىلى ئائىلىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە مۈلكى ئاساسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. ھاراق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادى، ۋاقتى ۋە سالامەتلىكىنى خورىتىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك چىرىتكۈچكە ئايلاندى.

بىز ھازىر كىيىم - كېچەك فورمىلىرى جەھەتتە دۇنياغا يۈزلەندۇق. غەربچە تۇرمۇشقا ياتىدىغان يېڭى يىل بايرىمى، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى شەھەرلىك كىشىلىرىمىزگە ئۆزلەشتى. چاچلىرىنى ئالتۇن رەڭگىدە بويىغان، مادوننانىڭ سىياقىدا كىيىنىۋالغان قىزلار، KENT، HILTON قاتارلىق سىگارتلارنى چېكىپ، ۋىسكى، براندىلارنى ئىچىپ يۈرىدىغان يىگىتلەرمۇ بىزدە كۆرمىسەك. ئەلۋەتتە، ياغلىق-رومالارغا چۈمكۈلۈپ يۈرىدىغان قىز - ئاياللىرىمىزمۇ بار. رەستىلەردە غەربچە مۇلازىمەت قىلىدىغان رېستورانلار بىلەن كىچىك ئاشپۇزۇللار گىرەلىشىپ كەتكەن، رېستورانلاردا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن تانسا، دىسكولار بىرلىشىپ كەتكەن. ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزدىمۇ نۇرغۇن ئىقلىملارنى دوراپ، مىللىي مېلودىيىمىزنى ئەبجەش بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

قارىغاندا، بىز خەۋەر تاپقانلىكى دائىرىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىمپورت قىلىپتۇق. بىز ھازىر يەر شارىدىكى ھەرقانداق مۇراسىم قائىدىلىرى، يەپ - ئىچىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەم قىلىپ، شەنبە، يەكشەنبىلىرىمىزدە ھەتتا ھەپتە ئارىلىقلىرىدىكى ئاخشاملاردىمۇ خالىغانچە سورۇن تۈزىدىغان، توي ۋە چايغا ئالدىراپ مېڭىشقان كىشىلەر كوچىلاردا بىر - بىرىمىزگە تەكرار دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بولدۇق. كەچلەردە باللار بىلەن بىللە بولۇپ ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەۋلاد قوغداش ئىشىغا سەل قارايمىزكى، بىرەر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن قېلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبى دۇنيادىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مۇراسىملارنىڭ مۇزېيىغا ياكى ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى. بىز ھاراق ئىچتۇق، ھاراق ئىشلەيدىغان تېخنىكىغا قىزىقمىدۇق، تېلېۋىزور، ئۈگلەتقۇلارنى ئىستېمال قىلدۇق، ئەمما ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگەنمىدۇق، غەربچە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، قائىدە - يوسۇنلارنى ئەكىردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادچان روھىنى ئەكىرمىدۇق. خىرۇشىن ۋە ئەيدىز كېسىلىنى ئەكىردۇق، بەدەن ۋە روھى تاۋلاپ غالىبلار قوشۇنىنى تۈزىدىغان رىقابەت ۋە ۋىجدانىنى ئەكىرمىدۇق. دېمەك بىر مەدەنىيەتنىڭ شەكلەن ھادىسىلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ مېغىزى ۋە ماھىيىتىگە يەتمىدۇق. شۇڭلاشقا، بىزدە غەربچە ئىستىبالغا ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، ئىچى قۇرۇق ئادەملەر سانى ناھايىتى كۆپ. بىردىكى نۇرغۇن ھاللىق كىشىلەر چاچلىرىنى 20 - ئەسىرنىڭ زامانىۋى ياسىنىپ يۈرسىمۇ، كاللىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئېڭىمۇ بار. زامانىۋى چاچ پوسۇن، كونا زامانغا مەنسۇپ پىكىر شەكلى... مانا بۇلارنىڭ بىرلىكى بىزدىكى ئاچچىق كومېدىيىنىڭ قىسمەتنىڭ ماددىي تەسۋىرى.

5. پۇتكۇل 20 - ئەسىر بۇ ئىقلىمنىڭ زىيالىيلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۈپەتتىكى يىللار بولدى. بۇ سۈپەتنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى تەس. «زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ئىنسانىيەت ئۈچۈن يول ئېچىش، نادانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، خەۋپ - خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھ ئارقىلىق تىنىمسىز كۈرەش قىلىشتۇر. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا بۇنداق زىيالىيلارنى چەكمىدى دېگىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۈن كەچۈرۈشى تولىمۇ قىيىن بولغان». لى مېڭ ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ 20 - ئەسىردىكى مۇھىتىمىزغىمۇ تازا ماس كېلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، پەن - مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنچلىقنىڭ مۇساپىسى باشلاندى. بىراق جۇڭگودا تاكى 3 - ئومۇمىي يىغىنغا قەدەر مۇقىم تىنچلىق بولمىدى. بۇ ئارىدا تۈرلۈك ئىنقىلابلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بەردى. نەتىجىدە، جۇڭگو خەلقى مىللىي تەرەققىياتقا كېرەكلىك نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيالىيلاردىن ئايرىلىپ قالدى. رايونىمىزنى ئالساق، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللار يول ئېچىش تالانتىغا ئىگە پىكىرلىك ئەزىمەتلەرنى دەپنە قىلىش يىللىرىدىن ئىبارەت بولدى.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە مائارىپ جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى. مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات ئىشلىرى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە گۈللەپ ياشنىدى. زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ سالمىقى زامان ئېھتىياجىغا يارىشا تەدرىجىي ئاشتى، بۇ مەنزىرە، ئەلۋەتتە، بۇرۇن تۈزۈلگەن خاتىرجەملىك كۆرۈپ باقمىغان خەلقنى كۆپ خۇرسەن قىلدى. بۇ قېتىملىق گۈللىنىشتە ئەدىبلەر ۋە سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سالمىقى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، مۇنەييەن بىر تارىخىي دەۋرنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان زور ھەجىملىك روماللار بارلىققا

كەلدى. ئالىي مەكتەپلەردە، ئاكادېمىيىلەردە ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار قوشۇنى يوقلۇقنىڭ بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تىل-ئەدەبىيات كەسپلىرى بويىچە دوكتور تەربىيىلەش ئورنى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىش باشلىدى. بىر كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئاشۇ يۈرۈشلەر بىلەن ئۈمىدكە تولغان ھالدا 21 - ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ۋاھالەنكى، 21 - ئەسىر قانداق ئەسىر بولىدۇ؟ ئىنسانلار 21 - ئەسىردە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ قانداق ياشايدۇ؟ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرتىپ يۆنىلىشىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ خەلقئارا قۇرۇلمىنىڭ ئىسلاھاتى قايسى خىل قىممەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ؟ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى قانداق خاراكتېر ئالىدۇ؟ ئىنسانىيەت نېمىلەرگە دۇچ كېلىدۇ؟ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتتا بىز قايسى خىل ئورۇنغا ئېرىشىمىز؟ مانا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئاشۇ ئۈمىدۋار زىيالىيلىرىمىزنى كۆتۈپ تۇرماقتا. غەربنىڭ تويغۇن زىيالىيلىرى ئۇ مەسىلىلەرنى خەلقئارا سەۋىيىدە قىياس قىلىپ بولدى، بىزگە پەقەت ئاشۇ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشنىڭ ئۆزىلا قالدى.

4

رېئاللىق - پاكىت دېمەكتۇر. بىز ئالدىمىزدا تۇرغان كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلسەكلا، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىمۇ بىزگە يېقىن نەرسىلەرنى سوزۇلەپ بېرىدىغان بولدى. بەلكىم ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى يوھان نەسبىتنىڭ «بۈيۈك يۈزلىنىش» دېگەن كىتابى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ، كىشىلەردە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. ئۇ چاغلاردا قىزىق لەتىپىلەرگە، نەپسى ئۇسۇللارغا خۇمار خەلقىمىز ئۇنداق نەرسىلەرگە دىققەت قىلمايتتى. ئۇيغىنىشنىڭ ئەقلىي تىرەنلىكىگە يەتمىگەن خەلق ھامان ئۆزىنىڭ ئاقىل كىشىلىرىنى نامرات، ئېتىبارسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ - دە، پۇرسەتپەرەسلەرنى سەمرىتىپ كۆرەڭلىتىۋېتىدۇ. يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ئارىمىزدا ئىنكاس پەيدا قىلماسلىقى ئالدى بىلەن ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىشىنىڭ ئەمگىكىنى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمەلىيلىكى ئۈستۈن، خەلقنىڭ ئەقلىي بايلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان ياكى ئىجاد قىلغان كىشىلەر ھېلىھەم بازار تاپمىدى. بىز ئەسلىشۋاتقان ئاپتور يوھان نەسبىت ئەڭ تەرەققىي

قىلغان دۆلەت ئامېرىكىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تونۇشتۇرۇپ، 21 - ئەسىردىكى قىياپەتلەردىن بەزى بېشارەتلەرنى بەرگەنىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بېشارەتچىلەردىن خەۋەر تاپقان ئۇچۇرلىشىش، بەر ئارىلىشىش دولقۇنى بۈگۈن ھەقىقەتەن يېتىپ كەلدى.

بىر كېچىدىلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى مۇنەۋۋەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارغان جورجى سوروسنى بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىدۇ. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بايلىقى 42 دۆلەتنىڭ بايلىقىدىن زور بولۇپ، دۇنيا پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

«قەيەردە شالتاق بولسا، شۇ يەردە چوڭىن بار،
قەيەردە بالا - قازا بولسا، شۇ يەردە جورجى بار.»

مانا بۇ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ سوروس ھەققىدىكى ئىخچام تەسۋىرى. مۇشۇ بىر مىسالنىڭ ئۆزىلا ئىقتىساد ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ دۇنياۋى بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى تولۇق چۈشىنەلمەيتتى.

1980 - يىلى ئامېرىكا كېلەچەكشۇناس ئالۋىن توفلېر «ئۈچىنچى دولقۇن» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، «ئىنسانىيەت يېزا ئىگىلىكلىشىش، سانائەتلىشىش دولقۇنىنى تاماملاپ بولدى، ئەمدى ئۈچىنچى دولقۇن - ئۇچۇرلىشىش دولقۇنى يېتىپ كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە 1990 - يىلى «ھوقۇقنىڭ كۆچۈشى» ناملىق ئەسىرىدە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران كۈچى پۇلدىن بىلىمگە يۈزلەندى، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

1973 - يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسى دانىل بېل: «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ قالتىس غۇلغۇلا قوزغىغان. ئۇ سانائەت دەۋرىنى مۇنداق ئۈچكە بۆلگەن: «ئالدىنقى سانائەت جەمئىيىتى ئىپتىدائىي ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ، تەبىئەتتىن دەسلەپكى بايلىقلارنى ئېلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سانائەت جەمئىيىتى بولسا يۇقىرىقىلارنى مەركەز قىلىپ، تاۋار ئىشلەشكە تەشكىللىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى بولسا بىلىمنى جۈرئەتلىك مەيدانغا چىقىدۇ» («بىلىم ئىگىلىكى دولقۇنى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن. تاۋ دېيەن تۈزگەن. جۇڭگو شەھەر نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى) دېمەك، 21

- ئەسىر «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» ("Knowledge Economy") دەپ ئاتالماقتا. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىم - بەخت دېمەكتۇر» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ كۈچى نۆۋەتتە تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن سىستېمىغا كەلتۈرۈلگەن دۆلەت ۋە بەخت - سائادەت قاراشلىرى كېيىنچە نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ ئەڭ بالدۇر باشلانغان ئەنئەنە كېيىن نېمە ئۈچۈن يىگىلەپ قالدى؟ بىز بۇنىڭ جاۋابىنى تارىخچىلارنىڭ تېپىشىغا قالدۇرىمىز.

كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، مىللىتىمىز تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تەكەللۇپ قىلماي ئېيتقاندا، بىز ھازىرقى سۈپىتىمىز بىلەن، ھازىرقى زىيالىي قاتلىمىمىز بىلەن كەلگۈسىدىكى مۇشكۈل سىناقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. ئەمدىكى سىناق ھايات - ماماتلىق خاراكتېرى كەسكىن بولغان شەپقەتسىز سىناق بولۇپ، بۇنىڭدا شاللانغانلار يېڭى تارىخىي مۇنبەردىكى غالىبلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يېڭى قانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەلقنى باياشات قىلىدىغان ھەقىقىي ئامىل شۇ خەلق ياشاپ كەلگەن زېمىندىكى كان بايلىقلىرى ياكى خام ئەشيالار ئەمەس، باشقىلارنىڭ تاسادىپىي ياردىمىمۇ ئەمەس، ھەتتا نوقۇل ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس. ئۇنداق بولسا بۇ ئامىل نېمە؟ بۇ ئىلىم - پەننى قورال قىلغان توغرا ئەقىدە، ئىلىم - پەن ئېپىستېمىيىنىڭ ئىزاھلىشى بويىچە ئېيتقاندا: «كىشىلەرنى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئويلاندۇرىدۇ ۋە شەيئىلەرنى تەكشۈرىدۇ». دېمەك ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەيدۇ، مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، بۇ ھۆكۈم يېڭى بايقالغان ئۆزگە بىر قانۇنىيەت تەرىپىدىن ئىنكارغا ئۇچرايدۇ. بايقاش، ھۆكۈم، ئىنكار، ئىنكارنى ئىنكار قاتارلىقلار ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يولىدۇر. مەلۇمكى، بۇ جەرياندا نەچچە ئون يىل، ھەتتا ئەسىرلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەرقانداق قانۇنىيەت ئۆزى رول ئويناۋاتقان دائىرىدە كۈچكە ئىگە. ئۇ يەنە بىر دائىرىدىن قانۇنىيەتنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

روشەنكى، بارلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر مۇتلەق قانۇنىيەت بار. ئۇ چوڭقۇر ئىنسانىي ھېسسىي شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ھېسسىي ئاستا - ئاستا پەرۋىشلەپ مۇكەممەل ئەقىلگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئەقىل پەننى توغرا يۆنىلىشكە، ئىنساننىڭ ھالال بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

مۇھەببەت ئادەمنىڭ بىرقەدەر ئالىي ئېھتىياجىدۇر، ئېتىقاد مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر. ئەقىدە ئېتىقاد بولىدىكى ھەرىكەتتۇر ۋە بۇ ھەرىكەت جەريانىدا تونۇلغان ھەممە ئەقىل، قابىلىيەت، ئىنسانىي تەبىئەت تەرىپىدىن تەسىنقلانغان ساپ ھەقىقەت مەجمۇئەسىدۇر. ئۇ بىر كامالەتتۇركى، ئىنسان ئۇنىڭغا ھەيران قېلىش بىلەن سىغىنىدۇ، لەززەت تاپىدۇ. مەنىۋى دۇنياسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ. ئىنسان چەكسىز داۋام قىلىدىغان ئەنە شۇ روھ سەپىرىدە ئىلھاملىنىدۇ، ئۆزىدىكى مۆۋاپىق كۈچ - قۇدرەتنى، ئىجاد ھەۋىسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى مەدەت ئېلىۋاتقان ۋە سۆيۈنۈۋاتقان ئەنە شۇ روھ مەركەزگە يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىدە سادىر بولغان بەدۋىيلىك ۋە قانخورلۇقلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ، يىرگىنىدۇ، ئىنسانلار ئارا بولىدىغان، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى روشەن تونۇشقا باشلايدۇ.

لېكىن، پەن - تېخنىكا ئاجايىپ گۈللەنگەن، مەئىشەتچىلىك ئەۋج ئالغان 20 - ئەسىردىمۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنى تاپالمىدى، ئەكسىچە، ئېغىر ئەخلاقىي كرىزىسكە يولۇقتى. شۇڭلاشقا فرانسىس فۇسان: «تارىخنى ئىقتىساد نۇقتىسىدىن شەرھلەش مۇكەممەل ئىش ئەمەس، ئۇ كىشىنى قايىل قىلمايدۇ، چۈنكى ئىنسان نوقۇل ئىقتىسادىي ھايۋان ئەمەس» دەيدۇ ئۆزىنىڭ «تارىخنىڭ ئاخىرى» دېگەن كىتابىدا. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسونمۇ «1999 - يىل: ئۇرۇشسىز غەلىبە» ناملىق ئەسىرىدە: «تېخنىكا ماددىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ، لېكىن سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ» دېگەنىدى. بىز ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە غەرب دۇنياسىدىكى كرىزىسلىك ۋەزىيەتنى تېز سىزما ئۇسۇلدا ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق.

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق روناق تېپىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بىراق ئۇنى توغرا، گۈزەل غايە بىلەن تەمىنلەش تېخىمۇ مۇھىم. خەلقىمىزدە «ئەقىدىسىز ئالىم كىتاب ئارتىلغان ئېشەك» دېگەن گەپ بار.

بىلىملىك ئادەمنىڭ چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. فاشىستلارنىڭ سىياسىي ھەۋىسى ئۈچۈن ۋەھشىي قوراللارنى تەتقىق قىلىپ بەرگەن كىشىلەرمۇ قالتىس بىلىملىك. ئۆزىدىكى مول تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىنسانىيەتكە خىلاپ مەيدە ئىشلىتىۋاتقان

ئالىملاردىن بولغۇسىمۇ ئالايلاپ تېپىلىدۇ. ئارىمىزدا ئاز - تولا بىلىملىك ئادەملەرمۇ بار، بىراق ئۇلارنىڭ بىلىمى ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئاران ئۆتكۈزۈشنى ئاشمايدۇ. خۇددى ئەم ئارىنىپ قېپىپ قالغان ئۇقىيا ئىشانىغا ئەگمىگەندەك، بىلىم ئېلىشنىكى توغرا غەرەزنى تىكلىيەلمىگەن زىيالىي ئۆز خەلقىغە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە زىيانلىق رول ئوينايدۇ.

بىزگە ئىلىم - پەن، تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۆتكۈر زىيالىيلار تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى بىزدە يوق بولۇۋاتقىنى ئەنە شۇلار. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزدە يوق؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە. بىز دانىل بېلىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا سېلىشتۇرساق، بىز ھەتتا سانائەتنىڭ 1 - باسقۇچى دەۋرىگىمۇ




كىرمەيدىكەنمىز. مۇشۇ ھالىتىمىز بىلەن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كۆچىدىكەنمىز. ئەجىبا 21 - ئەسىردىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ خالتا كوچىلىرىدا كاۋاپدانلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش يېڭى ئەسىرلىك رىزقىمىزمىدۇ؟ شۇ چاغدا يېڭى ئېچىلغان ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا ناغرا چېلىپ بېرىپ پۇل تاپقىلى بولارمۇ؟ ھازىرقى ھالىتىمىزدىن قارىغاندا، جەننەتكىمۇ كاۋاپدان كۆتۈرۈپ كىرسەك كېرەك.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم كېرەك بولىدۇ، زىيالىيلار جەمئىيەت چاقىنىڭ ئوقىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق دېسەك «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم «سىنىپ» ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق جەمئىيەت يۇقىرىلىرىغا بىلىم تەلىپى قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم خەلقنىڭ گەۋدىسى بىلەن بىر ئۇتاش بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىنىپ شەكلىگە كىرىپ قالغان زىيالىيلارنى نەسەۋۇر قىلىش ئارتۇقچە بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ خىل رېئاللىقنى مىللىتىمىزگە تەدبىقلىساق، بىزدىكى مەسىلىمۇ زىيالىيلاردىكى سۈپەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

## 5

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ئۇلغار زىيالىيلارنىڭ بوھرانغا ئۇچراش تارىخى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ خىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيالىيلار قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تەلىم - تەربىيە ۋە ئىدېئولوگىيە قوبۇل قىلىشتىكى مەنبەنىڭ ئوخشىماسلىقى، خەلقنىڭ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشەنمەسلىكى... مانا بۇلار كونكرېت مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېشىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تېما. بۇ تېما يېتەرلىك ئەمەلىي ماتېرىيال، كۆپ قىرلىق مۇلاھىزە مېتودىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز پەقەت يۇقىرىقى تارىخىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى ئاجىزلىقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى زىيالىيلار پاجىئەسى بىرقىسىم تارىخىي رومان، قىسسە ۋە تەرجىمىھاللىرىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يىغىلىقلار، قوزغىلاڭلار ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر زىيالىيلارنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمىدى، شۇنداقلا بار بولغان ئازغىنا زىيالىيلارنى ئامان قويمىدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق باھادىر ئوغلانلار ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنىڭ يارقىن سىمۋوللىرىدۇر. بۇ سىمۋوللار يەنە ئۆزىگە ئوخشاش سانسىز ئەزىمەتلەر پەيدا قىلغان جەڭگىۋار مۇھىتنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، بەئەينى ھەربىر جۈملىسىدىن ئىسسىق قاننىڭ تەپچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇسلۇبى جۇشقۇن، ھەيۋەتلىك نۇتۇقنىڭ پاش ماۋزۇلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەردلىك جۇشقۇن ۋە ئىگىلمەس بولىدۇ. نامەردلىك ئەۋرىشىم ۋە پىششىق بولىدۇ. سىياسەت مەردلىكنى پىپسەنچا، نامەردلىكنى ماھىيەت قىلىدۇ. بۇ ماھىيەت سان - ساناقسىز ئاچچىق ساۋاق، تەجرىبە، بەيرەڭۋازلىقنى كەسىپ قىلغان ئەقلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسەت

ئىبلىسقا ئوخشايدۇكى، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىگە مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە مايىل قىلىش يولى بىلەن كىشىلەرنى رام قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە تۇيدۇرماي باشلايدۇ. ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلاب ئىبادەتكە ئوخشايدۇكى، ئىبلىسنىڭ ھۈنىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ئادەم، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئىبادىتى ئىبادەت بولمايدۇ، نۇسرەت تاپالمايدۇ. خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر خەلىپىلەر ئالغان تاھارەتلىرى ھالال بولسىمۇ، شەيتاننىڭ ھۈنىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولمىغاچقا، تاھارەت ئۈزۈنغا بارماي سىنىپ كېتىپ قالغان. بىزنىڭ تارىخىمىز بۇنداق مىساللارغا تولىمۇ باي. شۇڭلاشقا، «قەھرىمانلار ئوق يېگەن، ئەۋلادلىرى پوق يېگەن».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشتا ئېيتىلغاندەك گۇللىنىشنىڭ تىنچلىقتىن ئىبارەت ئاساسى تىكلەندى. بىراق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يەنە بىر قوشۇن زىيالىيلارنى خەلقتىن ئايرىۋەتتى. بۇنىڭ تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك بىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق 20 يىل ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمىدى.

50 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان زىيالىيلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئارىمىزدا يوق، بارلىرى ياشىنىپ قالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئاخىرلاشتى. ھازىرقى نۇقتىلىق ئىجتىمائىي قاتلاملاردا رول ئويناۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. ئۇلار ئۆگەنگەن دەرسلىكلەر رۇسچە ئىدى ياكى رۇسلار ئەندىزىسىدىكى مىللىيچە كىتابلار ئىدى. ئەمما، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇستىقۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا قوبۇل قىلىشقان. يەن - تېخنىكىنىڭ سۇنئىي ھەمرا ۋە ئاتوم بومبىسى كەبى مۆجىزىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن كەلگەن قابىلىيەت ئارقىسىدا سىڭگەن ئاتېزىم روھى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خىزمەتلەرنى بېجىرىشىدىكى يېتەكچى ئىدى. ئەمما ئۇلار خىزمەت ئىشلىگەن مۇھىت مەنىۋى جەھەتتىن قانداق ئىدى؟

ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ چوڭ بولغان مۇھىتى مۇسۇلمانلار مۇھىتى، ئۇلاردا بۇ خىل مۇھىتنىڭ مەلۇم تەسىرى بار. ئۇلار ئالىي مائارىپ ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز خەلقى ئارىسىغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلدى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كادىرلار قوبۇل قىلغان ئىدىيە، يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، كادىر بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت بولدى - دە، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى گويا ئىككى سىنىپ كىشىلىرىدەك بولۇپ قېلىشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كادىرلار ماددىي تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن رۇسلاردىكى ياۋروپاچە يوسۇننى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، مىللىي تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە ئالاھىدە بىلىنىدىغان بىر قىسىم رەڭلەرنى قوشتى (بۇ چېكىش، ئىچىش، كىيىش، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتلىرىدە كۆرۈلدى). بۇنداق ئەھۋاللار يالغۇز بىزدىلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئەمەس. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇنداق ئەھۋاللار پېتىر دەۋرىدىكى رۇسىيىدىمۇ كۆرۈلگەنىكەن. پېتىر غەربىي ياۋروپالىششنى يولغا قويغاندىن كېيىن، رۇسىيىنى ياۋروپا ئەندىزىسىگە ئۇيدەيدىغان زىيالىيلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. بۇ زىيالىيلار 19 - ئەسىردە غەربىي ياۋروپاغا ئۆزلىرى خالاپ كۆچمەن بولغان ياكى سىياسىي پاناھلىق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىدى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار غەربىي ياۋروپا ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ئاڭ فورمىسى ئارقىلىق رۇسىيىنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاشقان. بىراق بۇ خەلق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۇرۇپ قويغان. «خەلقنى يىلتىز دېسەك، زىيالىيلار ئاشۇ يىلتىزدىن ئېچىلغان چېچەك. زىيالىيلاردا شۇنداق بىر كېسەل باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى خەلققە ئوخشىمايمىز، دەپ قاراپ ئەتەي پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدۇ» (ياپونىيىنىڭ خەلقئارا جامائەت ئەربابى چىتيەن دازونىڭ سۆزى). بۇنداق ئەھۋال ئەلۋەتتە ساغلام بولمىغان ئەھۋالدۇر. ئۇنداق بولغاندا خەلق ئۆزىگە راستىن نەپ كەلتۈرىدىغان تەربىيىدىن مەھرۇم قالىدۇ. زىيالىي ئۆزى بىلەن خەلققە ئورتاق ۋە ئومۇمىي بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمايدۇ.

ماركسىزم مىللىي مەسىلىلەرنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى مىللەت دېگەن ئۇقۇم ئابستراكىت بولغان بىلەن، مىللەتنىڭ ئۆزى كونكرېت بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى كونكرېتلىق زېمىن، تىل، دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ھوقۇق قاتارلىق بىر تالاي

مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوبيېكتىپلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىلىش ئۇ ئوبيېكتتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك مەسىلىلەرگە قەدەر ھەممە نەرسىنى سەممىي نەزەرگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مىللەتنىڭ بۇقىرى ئالاھىدىلىكلەر ئېنىق ئەكس ئەتكەن ۋە ھۆرمەت قىلىنغان. قانۇن ئاساسىي خىزمەتلەردىكى ئىلمىيلىك ۋە ئۇنۇمنىڭ كاپالىتى، زىيالىيلار ۋە كادىرلار (ئەسلىدە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر گەۋدە) ئەمەلىي خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىلمىيلىكتىن كەلگەن مۇشۇ پرىنسىپنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى زىيالىيلار كوممۇنىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، بىراق بۇلارنىڭ ئىلگىرىكىسى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇلار كوممۇنىزم تەربىيىسىنى پروفېسسور ئەپەندىلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئالغان، ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاستە ئوقۇغانلار يوق دېيەرلىك. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرى 50 تومدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ كېتىش مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، ماركسىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تولۇق ئۆگىنىش ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان دۆلەتنىڭ كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك، بۇلار يا ماركسىزمنى بىلمەيدۇ، يا ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى تولۇق بىلمەيدۇ. ماركسنىڭ ئالدىغا بارسا ماركسقا يارىمايدىغان، خەلقىنىڭ ئالدىغا بارسا خەلققە يارىمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئىجرا بولۇشىدىكى توسالغۇلاردۇر. دۇنيادا بىرەر نەرسىگە پۈتۈن بولالماي، ھەممە نەرسىدە چالا بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خەۋپ يوق.

مەدەنىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى بولىدۇ. بۇلاردىن بىرسى راۋاج تاپماي قالىدىكەن، مەدەنىيەت پالەچ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋىلىكى دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى شەكلىدە باش كۆتۈردىيۇ، ئەمما تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئاساسىدىكى يېڭىلاشتىن قۇرۇق قالغاچقا، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان رولى ئىشقا ئاشمىدى. بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ قاتلىمى يالاڭ قاتلام، زىيالىيلار ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىن ئورۇن ئالغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئىچكى ـ تاشقى ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاچىدىغان، بۇ ئارقىلىق ماددىي گۈللىنىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى بىزدە يوق، بار بولغاندىمۇ يەرلىك مەنىۋى ئاتموسفېرانىڭ شالالىشىغا ئۇچراپ تەرەققىي قىلالمىدى ياكى باشقا رايونلارغا ئېقىپ كەتتى. دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى ئىجتىمائىي بولىدۇ. ئۇ بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلگەن بىلەن يەنە بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. دېمەك، دۇنيا قاراش مەلۇم بىر جەمئىيەتكە خۇسۇسىي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھەيكەللەر، كەبىي مەدەنىي شەكىللەر ئەنە شۇ جەمئىيەتكە رول ئوينىش بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ مەدەنىي شەكىللەرنىڭ ياراتقۇچىلىرىمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىنى ئىستىخىيىلىك رەۋىشتە قايرىپ قويۇپ، دۇنيا قاراشقا بېقىنىدۇ. ئادەم ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەكمۇ ياكى قۇلى بولۇشى كېرەكمۇ؟ كىشىلەر قۇلى بولۇشى كېرەك، دەپ جاۋاب بەرمىسە كېرەك. بىراق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى قۇللار ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا قۇل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مەۋجۇت بولمايدۇ. مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەمدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىدىغان مەدەنىيەت بارلىققا كېلەمدۇ؟

ماركسىزم قائىدىلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئاڭ فورمىسى ئۇلىنى ئۇستقۇرۇلمىغا كىرىدۇ. گەرچە ئۇ بازىسقا قارىتا پائالىيەتچانلىق رولىنى ئوينىسىمۇ، بەرىبىر بازىسنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ چەكلىمە دۇنيا قاراشنى بارا ـ بارا بازىسقا پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغان زەئىپ نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچۇ؟ ماركسىزم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئارىچى ۋاستە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەلۇمكى، بۇ يەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەقەت ۋاستىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاڭ شەكلىگە ئوخشاش مۇتلەق بېقىنما بولۇپ قالغان بولسا ياكى قانۇنىيىتى ئېنىق نەرسە بولۇپ قالغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ئۇستقۇرۇلما ھېسابلانغان بولاتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنداق زىددىيەتكە ئىگە؛ ئەگەر ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە زىيادە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ساپ ئېستېتىك دۇنياغا ھەددىن زىيادە قوغلىشىپ جەمئىيەت ھاياتىدىن مۇتلەق قول ئۈزسە، ئىنسانىڭ رېئال تەقدىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كونكرېت جەمئىيەتكە تەۋە ئىنساندىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىنسانىيەتكە دائىر بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماي قالمايدۇ. بۇ خىل

روھ دوستويېۋىسكىينىڭ مۇنۇ سۆزىدە يارقىن ئەكس ئەتكەن: «ئەي ئىنسان، ساڭا تەزىم قىلىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئىنسانىيەت تارتىۋاتقان بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە تەزىم قىلىۋاتىمەن».

بىزدە زىيالىيلار دەپ ئاتاسەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى خادىملار ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، بۇلار خەلقىمىزنىڭ بايلىقلىرى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئىمكانىيىتى يەتكەن دائىرىدە تەربىيلەپ كەلدى. ئۇلارنى ياخشى ئىشقا، ئىجاد ۋە مېھنەت بىلەن مەغرۇر ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مائارىپ سېپىمىزدىكى بەزى كىشىلەر شۇ قەدەر ساددىكى، ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ نورماللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويدى. تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بولغان بۇرچكارلىق ئالاقىسىنى چۈشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. چۈشىنىش نورماللىققا ياتىدۇ. تەشەببۇسكارلىقنى يوقىتىپ قويۇش بەدىلىگە كەلگەن ئىشىنىش بولسا، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكىدە بەرق ئۇرىدىغان ئىنسانىي چىنلىقنى يوقىتىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل ئىنتىلىشلىرىنىڭ سىرتلىنىشى ياكى كونكرېت بەلگىلەر بىلەن ماددىلىشىشى، گۈزەللىك ھېسسىي ۋە خۇسۇسىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئەڭ پىنھان ئىستەكلىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ



ھېسسىياتنى مەنبە قىلىپ، ھېسسىياتقا تەسىر قىلىدۇ. ھېسسىيات كۈچلۈك روھىي ئىنىرگىيە سۈپىتىدە پالەت قىلىپ چاقنايدۇ ـ دە، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چاقناش دىتى نازۇك كىشىلەرگە كۆپرەك مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ئويغىنىش ھاياجانىنى ئالامەت قىلغان ھېسسىي ئويغىنىش بولۇپ، ئۇ ئەقلىي ئويغىنىشتەك تۇرغۇن، مۇقىم ۋە ئەمەلىي بولمايدۇ. گەرچە ئۇ خىل ئويغىنىش ئىنساندىكى سىرتىمىزنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى يۇكسەك دەرىجىدە نامايان قىلسىمۇ، بەرىبىر جەمئىيەت ھاياتىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە قويۇلغان ئىلمىي دىئاگنوز بولالمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ياخشى كۆرۈش ئىنساندىكى تۇغما ئىقتىدار. ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ئۆتمۈش دەۋرلىرىدىمۇ بىزنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان ئەسەرلەر يارىتىلغان. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدەك تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغىنى يوق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى سۈپەت ئۆلچىمى خېلى بۇرۇنلا بېكىتىلىپ بولغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ راۋاجىنى ئۆلچەيدىغان ئەمدىكى ئۆلچەم ئەنە شۇ سۈپەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، پۇقرالارنىڭ مەنىۋى ئىستېمال ئادىتىگە ئايلىنىشىدۇر. سۈپەت يۇقىرى سان ۋە كۆلەم ھالىتىگە كۆچتىمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىدىكى ئەركىنلىك مۇھىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانىيەتتىكى قىشلاقتا خاس تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ. شۇڭلاشقا، چارۋىچى ۋە دېھقان مىللەتلەرنىڭ مىجەزى سەنئەتكە مايىل كېلىدۇ. يايلاقلاردا داستان ئېيتىش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئاشۇ مىللەتنىڭ ھاياتىدا تۈزۈم شەكلىدە رول ئوينايدۇ. يېزىلاردا بولسا توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەر مىللەت ھاياتىنىڭ تىپىك ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشلىرى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. قائىدە ـ يوسۇنلار پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت پۈتۈنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چېتىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەيران قېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، دېھقان مىللەتنىڭ زىيالىيسىمۇ ئالدىراشلىق ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت بىلەن تولغان شەھەر تۇرمۇشىدا تۇرۇپمۇ ئەنە شۇ ئېتنوگرافىيىلىك چەمبەرگە مەھكۇم بولىدىكەن.

ئۇمەلىيەتتە، بۇ يەنىلا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھالدىكى سەنئەت تىپلىق پىشقانكا. لېكىن بۇ پىشقانكا شەھەردە بولىدىغان مەككارلىق ئادەتلىرى بىلەن چاگلىشىپ سۈزۈكلىكىنى يوقاتقان بولىدۇ. شائىر مىللەتنىڭ ياتلاشقان شائىر پەرزەنتلىرى بەئەينى ئۇزۇقى يۈزۈلگەن قوغۇنىدەك ئەجدادلىرىغا تۇرۇپ ئوخشايدىغان ياكى يىگى سورتقا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەلمەيدىغان غەلىتە قىياپەتتە بولىدۇ.

مانا ھازىر دەبدەبىلىك قەسىدىلەر، مۇڭلۇق لىرىكىلار، دىيانەت، نادامەت ئىدىيىلىرى بىلەن تولغان پروزىلار، بىر - بىرىگە تاپا قىلىشىدىغان ماقالىلەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئېكرانلاردا نەپىس ئۇسلۇبلار، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئارىلاشما ناخشىلىرى دىققەتنى مالىمان قىلىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئىستېمالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە پەندىنامە سۆزلەيدىغان ناخشىلارنى، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئالاھىدە بازارغا ئىگە قىلغانكى، لوپا ئەينەك بىلەن قەدىمكى يېزىقلارنى مىڭبىر جاپادا ئوقۇپ، تەقدىرنىڭ رايىغا يېزىم ئىزدەۋاتقان ئالىملار ماددىي، مەنىۋى قەرزدارلىقنىڭ كوچىسىدا يۈرمەكتە. ئالىملارنىڭ ئەقلى، نۇتۇقلىرى، يازغان كىتابلىرى ئەنە شۇ ئالىملارنى نورمال ياشىغۇدەك ماددىي شارائىتقا ئىگە قىلالمىدى. بايرام ۋە ئايەملەردىكى لاتاپەتلىك ئاشۇ قىستۇرمىلار بۈگۈنكى ئەقىل - پاراسەت دەرىجىمىزنىڭ رېئال ئورنىغا ۋەكىللىك قىلدى. بىزنىڭ ئىجادكار روھىمىز پەقەت ئەنە شۇ تەرىزدىلا ئەكس ئەتتى ۋە جارى بولدى. سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى تاپاۋىتى مەدەنىيەتنىڭ باشقا قاتلاملىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تەرەققىي قىلغان باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ تۆۋەن. يەن - تېخنىكىدىكى تۆۋەن ساپا تۆۋەن ئىقتىسادىي مۇھىتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئاخىرى بېرىپ يەنە ئەقلىي ئەمگەكنىڭ بازارلىشالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

خەلقىمىز ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئىنتايىن باي خەلق، چەۋەندازلىق، نەيزىۋازلىق، كاماندازلىق، ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ئوينايدىغان چەۋگەن ئويۇنى، بۇقا بىلەن چېلىشىش، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، جانبازلىق، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش... كەبىي خاراكتېر تاۋلايدىغان، جاسارەت، رىقابەت، تەشكىللەشچانلىق، تەرتىپ، ئىنتىزام، ئۇيۇشقاقلىق كەلتۈرىدىغان مەدەنىي شەكىللەر يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى كىشىنىڭ خاراكتېرىنى يۇمشىتىدىغان، نازۇك، رايىش قىلىپ قويىدىغان، تەقدىرنىڭ سوئاللىرىغا پەرىشان مۇڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆگىنىدىغان مەدەنىي شەكىللەر ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇئەدەر غۇرۇرسىز سەنئەتكى، ئۇ، بۇتتەك ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان، ھاياجانلىنىش، جاۋاك چېلىش، ئىنكاس دېگەن نېمىلەرنى بىلمەيدىغان، خۇددى يوق تاماشىبىنلار ئالدىدىمۇ غەمزە قىلىشقا تەييار. بۇ ھالەت ئوردا مەھرەملىرىنىڭ سالاپەتلىك، كىبىرلىك ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزدا غۇرۇر بولۇشى، ئۆز خەلقىنىڭ سەنئەت تارىخىغا ئەقىدە بولۇشى، سەنئەتنى خورلىماسلىقى كېرەك. ئۇلاردا ئابروي - ئىناۋەت كۆزقارىشى بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، غۇرۇرى يوق سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ سانى بىر مىليونغا يېتىپ، كۈنىگە نەچچە قېتىم ئويۇن كۆرسەتسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ھازىرقىدەك تۇرۇۋېرىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنى ئالساق، بىزدە مەلۇم مىقداردىكى ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى بار، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى يېتەرلىك ئىجتىمائىي سەزگۈرلۈك، مول مەدەنىي قاتلام، يۈكسەك نەزەرىيىۋى پەللە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن يېتىلمىدى، بۇ پەقەت بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىرقانچە ئادەمدىكى نەزەرىيىۋى رامكا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىمىزدا يېتىلگەن رامكا بولماستىن، 19 - ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇس ئەدەبىياتى، جۇڭگونىڭ «4 - ماي» دەۋرىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە ئەنئەنە، ئېتىقاد، ئېستېتىك دىت جەھەتتە تامامەن ئۆزگىچە بولغان مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى باھالايدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. دېمەك، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى رۇسلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتتۇق، بۇ پەقەت بىزدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات زېمىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك سادىر بولدى. بىر مىللەتتە مۇستەقىل نەزەرىيىۋى سىستېمىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارىلايدۇ، بۇ سىستېما تەبىئىي يەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ماس قەدەملىك گۈللىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىدىن ھايات تاپىدۇ. ۋاھالەنكى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ زىيالىيلىرى تەتقىقاتچى بولماستىن، پەقەت ئۇستقۇرۇلما قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار يېڭى تارىخىي دەۋردە يېڭى ئۇستقۇرۇلمىسىنى يەرلىك خەلققە بەتكۈزىدىغان ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ ئىچىدە تارىخچىلارمۇ سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ «تارىخ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان تەجرىبىلەر مەجمۇئەسى» دېگىنى يادىمدا تۇرۇپتۇ. بۇ تەجرىبە ئەۋلادلارغا توغرا ھايات

پروگراممىسى تۈزۈش، توغرا يۆنىلىش بەلگىلەش جەھەتتە ماياك رولىنى ئوينايدۇ. بىراق تارىخ ئاختۇرۇش، تارىخ يېزىش تولىمۇ زىل مەسىلە. تارىخچىلار ھامان فېئودال خانلارنىڭ رايى بويىچە بۇرمىلانغان دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار ئىچىدىن ھەقىقەتنىڭ پارچە - پارچە سۆڭەكلىرىنى ئىزدەيدۇ ۋە بۇ سۆڭەكلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ ئوبرازىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بىراق بەزى سۆڭەكلەر چىرىپ يوقاپ كەتكەن بولىدۇ، تارىخچى مانا مۇشۇ تراگېدىيىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇنەيدۇ. بەلكىم فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ۋولتېرنىڭ: «تارىخ خاتا يېزىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ تەكرار قايتا يېزىلىدۇ» دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

بۈگۈنگە ئىگە بولالمىغان خەلق ئۆتمۈشتىن تەسەللىي ئىزدەيدۇ، بۇنداق خەلقنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كەلگۈسىنى يېزىشنىڭمۇ تارىخ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيدۇ. فىرىدرىخ نېتزى تارىخنىڭ تىرىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: تارىخ تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن قوغداش، ئازابلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن تەنقىد (نېتزى: «تارىخنىڭ پايدا - زىيىنى» سودا نەشرىياتى 1998 - يىل 10 - ئاي نەشرى).

دۆلىتىمىزدە زىيالىي كادىر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىمتىھانلاردا كەسپىي سىناقلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە سىياسىي سىناقلارغىمۇ دۇچ كېلىدۇ، بەلكى سىياسىي سىناقمۇ ھەممىدىن مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر زىيالىي كەسپىي ساپا ئىگىسى بولۇشتىن ئاۋۋال سىياسىينى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاق فورمىلىرىنى بىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈش



كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىدا مۇتەخەسسىسلىشىش دولقۇنى پەيدا بولدى. ئەمما مۇقىملىق تەلىپى كۈچلۈك رايونلاردا ياشىنىڭكى تەلەپ بويىچە كۈچكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ. تۇراقلىق مائاش تۈزۈمى يوقىرىقىلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىنى بىر يۇقىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويدى، ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى ماھىيىتى، ماھىيىتى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتماسلىقتا بولدى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ماھىيىتى قاتتىق يېپىشتۇرۇلغان كونترول سىستېمىسى كىشىلەردە باشقۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇلاردىكى ئاڭ ئاشۇ خىل يېپىق، تار مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تاپشۇرۇلغان ئىشخانا ۋە ئىدارىلەر ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بارلىق جانلىقلارغا خاس پائالىيەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەمگە خاس بىردىنبىر ئىقتىدار ئەمەس. ئەمما بۇ ئىقتىدار نەزەر دائىرىسى تار ئادەمنىڭ قەلبىدە خۇشامەتچىلىك، ناتوغرا زىددىيەت ئۆسمىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئەتراپىغا تېزلا يۇقىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ.

ئاڭ ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ھايات، بارلىق، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، دۇنيانىڭ ھاياتلىقتىن ئىلگىرىكى ھالىتى، ئۇنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان ئالاقىلىرى، بۇ ئالاقىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ئاڭنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما پەننىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ بۆلۈنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئىنچىكىلەشتى. بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدىمۇ كۆرۈلدى. نەتىجىدە، قۇرتنى تەتقىق قىلغۇچىلار قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدىغان، ماشىنىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ماشىنىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدىغانلار قەغەز دۆۋىلىرى ھەسەن شېرىككە ئىچىدە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. زىيالىي بىلەن ئاددىي قاتلاملاردىكى خەلقنىڭ ئارىلىقى يىراقلاپ كەتتى. كۆپلىگەن زىيالىيلار پەقەت كۇندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كېتىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن كىتاب يېزىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئۇنۋان ئالىدىغان، يالىڭى قىزىپ قالسا يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاسما ئوكۇل

ئۇنتۇپ ئالدىغان، ئالىسى قىزىپ قالسا بىرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يوتۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرسە مىت قىلماي تۇرۇپ كۆرىدىغان شەخسىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

زىيالىي دېگەن نىمە؟ بۇنىڭغا فرانسىيىنىڭ بۈگۈنكى زامان مۇتەپەككۇرى ليوتارد مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «زىيالىيلار ئۆزىنى، ئىنسان، ئىنسانىيەت، مىللەت، خەلق، پرولېتارىيات، جانلىقلار ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشايدۇ» (ليوتارد: «كېيىنكى زامانىۋىلىق ۋە گۇۋاھلىق ئويۇنى» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 1 - ئاي نەشرى). بۇ جاۋاب ھەر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتلەرنى تەڭ كۆزدە تۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، زىيالىي دېگەن گەپ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن تەقدىرداش دەپ تونۇغۇچى دېگەن مەنىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقتا ياشاۋاتقان بىر ئەرباب يەنىلا زىيالىيلارغا قويۇق ئادەمگەرچىلىك پۇراپ تۇرىدىغان تەلەپنى قويۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا باققاندا، بىز قانداق تەلەپنى قويۇشىمىز كېرەك؟

يىلان ئادەملەر ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتىغا تەمەچ تۇشۇپ، تەمەچ تاشلايدىكەن، قارلىغاچ شىددەتلىك دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرىمەن دەپ ئاغزىدا سۇ تۇشۇپ چاچىدىكەن. «ئەي، قارلىغاچ، تامچە - تامچە سۇ بىلەن بۇ ئوتنى قانداقمۇ ئۆچۈرەلەيسەن؟» دەپ سورالغاندا، قارلىغاچ: «ئىنساننىڭ ئازابىنى چۈشىنىش مېنىڭ ئەقىدەم، قانداق بولمىسۇن ئۆز ئەقىدەم بويىچە ھەرىكەتتىن زىيادە لەززەت تاپىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يىلان بىلەن قارلىغاچنىڭ كۈرىشى ھېلىمۇ مەۋجۇت. تەبىئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يىلان بىلەن قارلىغاچ ھەر ئىككىسىلا يارالمىش مەخلۇق. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادالەت ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك دەقىقىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ. دىسلەپتە ئۇ يېگانە بولىدۇ ۋە ئاشۇ يېگانىلىق ئىچىدە باشقىلارغا نىسبەت بولمىغان گۈزەللىك ھەم باتۇرلۇقتىن دەرس ئالىدۇ.

تۇغرا نىشانغا يۈزلەنمىگەن ئىلىم ئۆز ئىگىسىنى شەرمەندە قىلىدۇ، قارا نىيەت كۈشەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئالۋاستى بىلىملىك ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ لېكىن ئالۋاستىنىڭ بىلىمى ئىبلىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

6

قالاق ھېرا ئىگىلىكىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەت بىلىم ئىگىلىكىنى مەزمۇن قىلغان 3 - قېتىملىق سانائەت دولقۇنىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ساۋاتسىزلىق پاتقىقىدىن چىقىپ بولالمىغان بىر مىللەت كومپيۇتېر دەۋرىدىكى يەنە بىر ساۋاتسىزلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تارىخنى ياخشى تونۇمىغان بىر مىللەت ئۆزىگە نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش بولغان يېڭى ئەسىرگە كىرىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدىكى دۇنيا ئىنسانىي ھەمكارلىقنىڭ تورلىرى كېڭىيىدىغان، مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلىشىدىغان، ئەقىلنىڭ قىممىتى بىۋاسىتە ئايان بولىدىغان بىر پۈتۈن دۇنيا. ئۇ، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئالاھىدە تېزلىكى ۋە رىقابەت جەھەتتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن بىزنى كۈتمەكتە.

ئامېرىكىلىقلار: «21 - ئەسىر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. ياۋروپالىقلار: «21 - ئەسىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. مۇسۇلمانلار: «21 - ئەسىر ئىسلام گۈللىنىش دەۋرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. جۇڭگولۇقلار: «21 - ئەسىر شەرقىي ئاسىيالىقلار دەۋرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەركىم يەنىلا ئۆزىگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ئىزدىمەكتە ۋە ياراتماقتا.

پۇرسەت - ئىزدەش بىلەن يارىتىشنىڭ بىرلىكى.

مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۇنان ئالىمى تالېس ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ كېتىۋېتىپ، دىققەتسىزلىكتىن ئالدىدىكى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىر سودىگەر ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

- سىز ئاسماندىكى نەرسىلەرنى بىلمەن دەۋاتاتتىڭىز، پۇتىڭىزنىڭ ئاستىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي قاپسىزغۇ. ئىلمىي تەتقىقاتتىن راستىنلا چوڭ نەپ ئاپسىز، ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشىڭىزمۇ بىلىمنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن پايدىسى.

تالېس ئازگالدىن چىقىپ تەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا:

- ئېگىزدە تۇرالىغان ئادەمدىلا ئېگىزدىن ئازگالغا چۈشۈش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بولىدۇ. بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەۋرەزدە ماكان تۇتۇش تۇرسا، ئۇنىڭ ئەركىن يىقىلىپ، قويۇشىدىن قانداقمۇ گەپ ئاچقىلى بولسۇن، - دەپتۇ.

ئۆزى يىقىلغان ئادەمدە قويۇش ئەركىنلىكى بولغاچقا، مەنزىلگە يېتىپ بارالايدۇ.




بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، نامسىز، جاپاكەش قەھرىمان دەپ تەرىپلىنىدىغان سۆيۈملۈك مۇھەررىرلەردىن بىرى مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ خىيالىمغا كەلمىگەن بىر ئىلتىماسنى قىلدى:

ـ يانچۇق دەپتەرلىرىڭىزنى بىر ئاختۇرۇپ باقسىڭىز، ھەر خىل تەسىراتلارنىڭ تۇرتكىسى بىلەن يېزىلىپ قالغان شېئىرلىرىڭىز بولسا، يېزىلىش سەۋەبلىرى بىلەن رەتلەپ، ژۇرنىلىمىزغا تەييارلاپ بەرسىڭىز ئىكەن، ـ دېدى.

مەن يانچۇق دەپتەرلىرىمنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم، ئاچچىق ـ چۈچۈك، قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەر خېلى بار ئىكەن. ئاممىباب، رەڭگارەڭ سەھىپىلىرى بىلەن مېنىمۇ مۇشتىرى قىلىۋالغان مۇشۇ ژۇرنالغا يانچۇق دەپتەرلىرىمدىكى ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىمنى ئەسلىمە ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن تۆكتۈم. تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھادىسىلەر ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەبىئىي ئىلھامى بىلەن يېزىلىپ قالغان بۇ شېئىرلىرىمنىڭ ھەممىسى ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، چۈنكى ئادەمنىڭ ھەمىشە بىر خىل تۇرمايدىغان روھىي كەيپىياتى بەزىدە قەلەمنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەيدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ.

1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پەتتارجان مۇھەممەدى بىلەن ئىككىمىز باياندايدىكى ھور ئارىشاڭغا باردۇق. پەتتارجان داۋالىنىش ئۈچۈن، مەن ھەمراھ بولۇپ باردىم. داۋالىنىشلى بارغانلارنىڭ ئىچىدە بىر قازاق چارۋىچى بولۇپ، ئون سەككىز ياشلىق ئاجايىپ چىرايلىق قىزى بىلەن كەلگەنىكەن. ياش ـ قېرى ھەممىمىزنىڭ كۆزى شۇ قىزدا بولدى. لېكىن ئۇ قىز ھېچكىمگە نەزەر سالمىدى ۋە كۈلۈپمۇ قويمىدى. قىزنىڭ دادىسى گەپچى ۋە چىقىشقاق ئادەم بولغاچقا، پەتتارجان ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇۋالدى.

پەتتارجان ئىككىمىز يالغۇز قالساقلا پارىڭىمىز شۇ قىزغا يۆتكىلەتتى.

ـ ئەگەر ماقۇل كۆرسە، مەن شۇ قىزنى ئالاتتىم ـ دېدى پەتتارجان.

ـ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىڭىزمۇ سىزگە تەگمەيدۇ.

ـ سىزگە تېگەرمۇ؟

ـ ماڭىمۇ تەگمەيدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، غۇرۇرى ئۈستۈن قىز ئىكەن. بۇنى ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىسىڭىز دەپ بەرمىگەنلىكىدىن بىلىۋېلىڭ، ـ دېدىم مەن.

بىز ئۇنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈلجامال ئىكەنلىكىنى دادىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىلدۇق. گۈلجامال توغرىسىدىكى پاراڭلىرىمىز، ئوي ـ پىكىرلىرىمىز بىزنىڭ ئارىشاڭدىكى توققۇز كۈنلۈك تۇرمۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. بىز مۇشۇ پاراڭنىڭ تۇرتكىسىدە شۇ قىزغا بېغىشلاپ شېئىر يازماقچى بولدۇق. پەتتارجان خېلى تىرىشىپ باققان بولسىمۇ تۈزۈك بىر شېئىر يازالمىدى. مەن بۇ قىزنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىپەرۋا رايىغا قاراپ شېئىر يازغۇم كەلمىدى. بىراق شېئىرىيەتتە پەتتارجاندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا بۇ شېئىرنى يازدىم.

**گۈلجامال**

قازاق قىزى گۈلجامال،<br>
ئايلىناي، بىر قارىساڭ.<br>
مەشۇقۇڭغا ئوخشايسەن<br>
چاچلىرىڭنى تارىساڭ.

«بىر يۇرەككە ئىككى يار
سىغماس» دېگەن ماقال بار.
سۆيمەي نېمە ئامال بار
تۇتىقۇشتەك سايرىساڭ.

كۆيمەيمەن دەپ يۈرەككە،
كۆيدۈم بىر قىز جىسەككە.
سىغماس ئىدىڭ يۇرەككە
سارت ئىكەن دەپ ئايرىساڭ.

سەن بىلەن يۇرت - ئىلىم بىر،
تىلىم يېقىن، دىلىم بىر.
ئەقىدەم چىڭ، گېپىم بىر،
يۇرىكىمدە يايرىساڭ.

بۇ ئەقىدە كىم ئۈچۈن،
سەندەك ئۇماق قىز ئۈچۈن.
باغچا بولدى بىز ئۈچۈن
بۇ كەڭ دالا ئارىشاڭ.

1973 - يىل 15 - سېنتەبىر، باياندايى ئارىشاڭ.

## ئىككى خەت

ۋالىبولچى چىۋەر قىز،
شۇنداق ئاتاي ئېتىڭنى.
كىملەر يېزىپ قويغاندۇ
مەيدەڭدىكى خېتىڭنى.

كۆزۈم ئۆزمەي قاراپمۇ
بىلەلمىدىم مەن پەقەت.
ئەجەب مېنى قىينىدى
بۆرتۈپ چىققان ئىككى خەت.

1975 - يىل ماي.

70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كادىرلارنىڭ تۇرمۇشمۇ ئـانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇ يىللاردا مېنىڭ بىر ياسانچۇق خىزمەتدىشىم بار ئىدى. ئۇ ئۆزى ساغلام ۋە پىششىق بولسىمۇ، بىلىكىگە تاقىۋالغان سائىتى ئۇنىڭ ئـەكسـچـە كېسەلمەن ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئاغىنىم سـائـىـتـىنى ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ قېتىم توغرىلاپ تۇراتتى. بەزىدە ئۆزى باشقىلاردىن: «سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟» دەپ سورايتتى. بىر شاگىچو قىلىپ:

- مۇنداق توغرا ماڭمايدىغان سائەتنى تاقىۋالغۇچە، ئۇكاڭغا بېرىۋەت، ئويچۇقە چېقىپ يېسۇن، - دەيتتۇق.

- سىلـەر بىلمەيسىلەر، بۇ ئېسىل سائەت. ئۆزۈم بۇراشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن، - دەپ قويۇپ، تاقاپ يۈرىۋېرەتتى.

## قاپاق سائەت

ئاغىنەمنىڭ سائىتى
ھەر مۇقامدا ماڭاتتى.
بىردەم قاراپ تۇرسىڭىز،
مېڭىشلىرى چاناتتى.

بۇ سائەتنىڭ بىر خۇيى
توغرا ماڭماس كۈن بويى.
قانچە زاڭلىق قىلسىمۇ،
تەۋرىمەس بىر تال مويى.

ئىككىنچىسى، مىنۇتنىڭ
سائەت بىلەن كارى يوق.
ئۈچرىشىپ قالسا ئۇلار،
ئەھۋاللىشىپ ھالى يوق.

ئۈچىنچىسى، سېكۇنتى
دىم ئېلىشقا بەك ئۇستا.
ھاپاش بولۇپ مىنۇتقا،
ئۇخلايدۇ ھەر دوقمۇشتا.

تۆتىنچىسى، بۇ سائەت
دوختۇرخانىنى بىلمەيدۇ.
تۇتقاقلىقى تۇتقاندا،
مۇشتلاپ قويسا يۈگرەيدۇ.

بەشىنچىسى، دەل چۈشتە
كۆرسىتىدۇ ئالتىنى.
چېقىۋەتكۈم كېلىدۇ،
قولغا ئېلىپ پالتىنى.

بىلمەك بولسا ۋاقىتنى
ئەتراپىغا قارايدۇ.

- سائەت نەچچە بولدى؟ - دەپ،
باشقىلاردىن سورايدۇ.

كەم ئىدى بۇ سائەتنىڭ
بىر - ئىككى تال ۋىنتىسى.
شۇنداقتىمۇ قولىدىن
يەشمەيدۇ ھەر كېچىسى.

قاپاق سائەت توختىدى
پۈرژىنىسى ئۈزۈلۈپ.
قۇرۇق سۆلەت ئاغىنەم،
قالار ئەمدى تۈزۈلۈپ.

1975 - يىل فېۋرال.

1956 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە ئىدارىمىزنىڭ ئىشچىسى ئابدۇراخمان پازىل بىلەن بىر ھويلىدا قوشنا بولۇپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئىزدىشىپ تۇردۇق. مېنىڭ باللىرىم ئوغۇل، ئۇلارنىڭ قىز ئىدى. بىز ئاغزىمىز قىچىشىپ قۇدا بولۇشقا ۋەدىلەشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر - بىرىمىزنى «قۇدام» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدۇق. بىراق مېنىڭ ئوغۇللىرىم چوڭ بولغۇچە، ئۇلار قىزلىرىنى ياتلىق قىلىپ بولدى.

ئىككىنچىسى، مەن 1974 - يىلدىن بۇيان بويتاق ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىمدە ئابدۇراخماننىڭ ئايالى مېنىڭ بېشىمنى ئوڭلاپ قويۇش ئۈچۈن كۆپ يول ماڭدى. بىز ئەڭ ئاخىرقى لايىقنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدۇق. ئاقىۋەت بۇ ئاۋارىچىلىقىمىزدىن ھېچ نەتىجە چىقمىغانىدى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەتىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شېئىرنى يېزىپ قويغانىدىم.

**قۇدامغا**

ئەي قۇدام، ئوڭلۇق قۇدام، كۆڭلى بېقىن ئوبدان قۇدام،
بولسىمۇ گەرچە قومۇللۇق، مېھرىبان تۇغقان قۇدام.
بىر قورۇدا بىللە ئولتۇرغان قەدىناس قوشنا بىز،
قوشنىلار بىزدەك ئۆتۈشسە قالمىغاي ئارمان، قۇدام.
بىر زامان بىز ۋەدىلەشكەنتۇق قۇدا بولماق ئۈچۈن،
ئەسلىرىدە بارمىدۇ، گەپ قىلسىلا چاپسان، قۇدام.
ئەمدى گەپ كىمدە، قېنى، باللاردىمۇ يا بىزدىمۇ؟
ۋەدىنى ئۇنتۇپ، قورساقتا كىردىمۇ شەيتان، قۇدام؟
ۋەدىمىزنىڭ تۈنجىسى ئۇ، بار يېڭى ئىككىنچىسى،
بول مېڭىپلا دەردىمىزگە تاپقىلى دەرمان، قۇدام.
نەچچە لايىقنى تېپىپلا، كۆرمىدۇق ھېچقايسىنى،
نەچچىسىگە قويدىلا قۇمدىن تولا نۇقسان، قۇدام.
«گۈل ئىكەن ئۇن بارمىقى» دەپ ماختىغان لايىق قېنى؟
ئۇن گېپىنىڭ ئىككىسى راست، قالغىنى يالغان، قۇدام.
ئالدىنىپ خەقنىڭ سۆزىگە، ھەممە لايىقتىن كېچىپ،
«كۆرپە - يوتقان يىغدى»غا ئۇچراشتۇرۇپ قويغان قۇدام.
ياخشى لايىقتىن ئۈمىد يوق، قۇدىلىقتىن نە ئۈمىد،
ئۆزلىرىنى ھەم مېنى قاتتىق خىجىل قىلغان قۇدام.

1976 - يىل نويابىر.

1976 - يىلى 11 - ئايدا مەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىگە بىر ئىش بىلەن بېرىپ، پاختىلىق، قارا چىبەرقۇت چاپىنىمنى بۆلۈڭدىكى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويدۇم. ئىشنى تۈگىتىپ، چاپىنىمنى كىيىپ قايتتىم. ئۆيگە كېلىپ يانچۇقۇمغا قولۇمنى سالسام، موخۇركا قۇتىسى چىقتى. بىركىم مېنى: «ئاۋۋال تاماكا چېكىشنى ئۆگەنسۇن، ئاندىن ھاراق ئىچىشنى ئۆگىتەيلى دېگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم. قويۇن يانچۇقىغا قول سالسام، خاتىرە دەپتىرىم يوق. چاپاننى سىلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىسام، بۇ چاپان مېنىڭ ئەمەس. بىرنەچچە يېرىدە يىرتىقىمۇ بار ئىكەن. چاپاننى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىم مەلۇم بولدى. ئۆز چاپىنىمنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئەتىسى رادىئو ئىستانسىسىغا باردىم. تاسادىپ چاپان ئالماشتۇرۇۋالغان ئىككى ئەخمەق كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە ئۆز چاپىنىمىزنى كىيىپ خەيرلەشتۇق.

**بىلمەپتىمەن**

بارغىنىمدا ئالدىراپ ئىش ۋاقتىدىن غەم يەپتىمەن،
يانغىنىمدا چاپىنىمنى ئايرىۋاشلاپ كەپتىمەن.
بىلمىدىم، بۇ ھەقتە سىزگە نىمە گەپلەر بولدىكىن،
يالىلىرىمغا: «مەن بۇگۈن بولدۇم ھەسەنجان» دەپتىمەن.

بۇ چاپانىڭ بار ئىكەن بىرنەچچە يىرتىق يەلگىسى،
يانچۇقىدا موخۇرەكلەر تۇرسىمۇ سەزمەپتىمەن،
مەن چاپان قويغان شۇ يەردە بار ئىكەن غەپلەت لىبى،
ھاڭۋېقىپ قالدىممىكىن، كۆپكۆندۈزى كۆرمەپتىمەن.
ئېشىكنى تونۇماي قالغانىكەن ئەپەندىمۇ،
شۇقەدەر ئەخمەقلىقىمنى تېخىچە بىلمەپتىمەن.

1976 - يىل 26 - نويابىر.

## ئوكۇم ۋە چۈشۈم

چىرايلىق قىز، ئوماق قىز،
كۆزلىرى شوخ بۇلاق قىز.
ئەتىرگۈلمۇ بويىڭىز
پۇرىسام خۇش پۇراق قىز.

لەۋلىرىڭىز گىلاستەك،
چىشلىرىڭىز مەرۋايىت.
سىياقىڭىز كۆكلۈمنى
تارتتۇالدى ئاجايىپ.

خۇددى كۆمۈش قوڭغۇراق -
ئاۋازىدەك كۈلكىڭىز.
قىرىق قىزغا بەرگۈسىز
بار ئىكەن ناز - خۇلقىڭىز.

كېچە - كۈندۈز خىيالىم،
ھەمنەپەسدۇر سىز بىلەن.
دوست بولۇشنى ئويلايمەن
سىزدەك لېۋەن قىز بىلەن.

تاڭ سەھەردە چۈشۈمدە،
كىرىۋاپسىز قوينۇمغا.
ئەركىلەپسىز، سۆيۈپسىز
گىرە سېلىپ بوينۇمغا.

بىزگە نېسىپ بولۇپتۇ،
بۇ دۇنيانىڭ راھىتى.
ئاخىرلاشتى كۆپ ئۆتمەي
ئىككىمىزنىڭ ئامىتى...

نەپەسلىرىم تېزلىشىپ،
بىر سىلكىنىپ ئويغاندىم.
تۇرۇپ كەتتىم ئورنۇمدىن،
ھەسرەت چېكىپ تولغاندىم.

بەندەم دېسە خۇدايىم،
شۇ چۈشۈمنى ئوڭ قىلسۇن.
مېنى ئازراق ياشارتىپ،
سىزنى تېزرەك چوڭ قىلسۇن.

1987 - يىل 15 - ماي.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر ناۋائى ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك نەزمىلىرىنىڭ بىرىدە: «ئادەمى ئېرسە دېمەگىل ئادەمى، ئانىكىم يوقدۇر خەلق غەمىدىن غەمى» دېگەنىكەن. بۇ: «خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئادەمنى ئادەم دېمە» دېگەنلىكدۇر. كىم خەلقنىڭ غېمىنى يېدى، كىم يېمىدى، بۇنى خەلق ئوبدان بىلىدىكەن. بەش يىل ئارىلىقىدا كۆز يۇمغان ئىككى دوستۇمنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسى بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى.

## رەھمەتلىك ئىككى دوستۇم

بەش يىلنىڭ مابەينىدە ئىككى دوستۇم
كۆز يۇمدى ئارىمىزنى بوش قالدۇرۇپ.



بەندىلىك قىلدى ئۇلار شىپا تاپماي،
قالدۇق بىز ھەيران بولۇپ ھەم قايغۇرۇپ.

بىرىنىڭ غېرىبسىنغان تاۋۇتىنى
كۆتۈرۈپ ماڭدى جىمجىت ئۇن بەش ئادەم.
ئىككىنچى تاۋۇت چىقتى بەش يىل كېيىن،
تەڭرىتاغ ھەسرەت چېكىپ تۇتتى ماتەم.

تەڭ ئىدى، تەڭتۇش ئىدى ھەر ئىككىسى
بۇ تەڭلىك تۈگەيدىكەن يۇمغاندا كۆز.
ئەسلەيمىز ھەرقاچان بۇ ئىككى دوستنى،
ھەسەتتىن، پەزىلەتتىن ئاچقاندا سۆز.

1989 - يىل 11 - مارت.

بىر كۈنى يولدا تەڭتۇش بىر دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ بېشىمغا قاراپ:

- سىز بۇ شەپكىنى قاچانغىچە كىيىسىز؟ ياش ۋاقتىڭىزدا كىشىلەرنى دوراپ كىيگەن بولسىڭىز، ئەمدى قېرىدىڭىز، شەپكە ياراشمايدۇ. يازدا دوپپا، قىشتا قۇلاقچا كىيىڭ، - دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن شەپكىنى تاشلىۋەتمەكچى بولدۇم. بىراق شەپكەم بەزىبىر ئازغۇن شېئىرلىرىمنىڭ تۆرەلمىسىنى كۆرگەن ۋە مۇردىسىنى ئۇزاتقان گۇۋاھچىم بولغاچقا تاشلىۋېتكۈم كەلمىدى.

## شەپكەمگە

تۇمىقىمنى كونىلىق دېدىڭ،
دوپپامنىمۇ كىيدۈرمىدىڭ سەن.
ياراشتىڭمۇ، ياراشمىدىڭمۇ،
ئىپادەڭنى بىلدۈرمىدىڭ سەن.

ياراشساڭمۇ، ياراشمىساڭمۇ،
يىرىم ئەسىر كىيدىم مەن سېنى.
پەرىشتىدەك بېشىمدا تۇرۇپ،
ساقلىمىدىڭ گۇناھتىن مېنى.

ئەسىرەيمەن گۇناھلىرىمدىن،
چۈنكى تارىخ رەھىمسىز قازى.
ئادۇۋكاتىم بولساڭ بىر كۈنى،
شۇ چاغ سەندىن بولىمەن رازى.
1993 - يىل 8 - ئاۋغۇست.



## گەپ

قەلەندەرنىڭ ئاغزىدا ساۋابنىڭ گېپى،
تۈل خوتۇننىڭ ئاغزىدا تاۋاپنىڭ گېپى.
ھاراقكەشنىڭ ئاغزىدا شارابنىڭ گېپى،
ئىلپەتلەرنىڭ ئاغزىدا كاۋاپنىڭ گېپى.
بوغالتىرنىڭ ئاغزىدا ھېسابنىڭ گېپى،
مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدا كىتابنىڭ گېپى.
دوختۇرلارنىڭ ئاغزىدا بىتابنىڭ گېپى،
بىتابلارنىڭ ئاغزىدا ئازابنىڭ گېپى.
يالاقچىنىڭ ئاغزىدا ئەربابنىڭ گېپى،
ئەربابلارنىڭ ئاغزىدا پىكاپنىڭ گېپى.

1994 - يىل 3 - مارت.

## تىلىم ۋە دىلىم

بۈيۈك تاغقا قاراپ كۆزلىرىم،
نوقۇپ قويدى غەمكىن دىلىمنى.
سەن نېمىشقا ئۈندىمەيسەن دەپ،
چىمدىۋالدى گالۋاڭ تىلىمنى.

تىلىم دېدى: شۇ تاغ شەنىگە،
تاقاپ قويدۇم نەزمەمنى بېزەپ.

تىلىم دېدى: بىراز قىلدىڭ سەن
سەزمەگدىمۇ ئەرمەگنى ئېزىپ.

1995 ـ يىل 22 ـ فېۋرال.

1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى قىزىلتاغ ئۈستىدە تۇردى ئېلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە رىياسەتچىلىكىدە كۆچا ئەلنەغمىلىرى سورۇنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سورۇندا بىرنەچچىمىز قادىر بولاق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا بولغان ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىپ:

ـ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ مۇڭدىشىپ كېلىمەن، ـ دەپ ۋەدە بەردى.

ـ بۇ نىيەتلىرىگە كۆپ رەھمەت! قولۇم كۆكسۈمدە ـ دېدىم مەن.

بىراق، ئۇ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىگىچىمۇ كەلمىدى. ئايلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق ۋەدىلەر ئۇنىڭ ئادەتتىكى يالغانچىلىقلىرىدىن ھېسابلىنىدىكەن.

## دوستانە پىكىر

دوستىمىز قادىر بولاق سەممىيەتنى باشلىسۇن،
ۋەدىگە قىلماي ۋاپا، ئۇنتۇپ قېلىشنى تاشلىسۇن،
چىن خىجىللىق تۇيغۇسىدىن كۆزلىرىنى ياشلىسۇن،
ئامىتى كەلگەندە قوش يىلسۇق قويۇپ ياماشلىسۇن،
كەلمىسە ئامەت، ئاپاۋەت گەجگىسىنى قاشلىسۇن.

بىزمۇ بىر چاغ ياش ئىدۇق، مىلتىقنى ئويناتقان ئىدۇق،
تۈلكىنى ئاتماق بولۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان ئىدۇق،
ساي، ئېدىردا ئۇچرىغان توشقاننىمۇ ئاتقان ئىدۇق،
قولغا كەلگەن ئولجىمىزنى ناخشىغا قاتقان ئىدۇق،
ئەمدى ھېچ ئىش قولدىن كەلمەيدۇ دەپ ئويلاشمىسۇن.
ئۆتتى يىللار چاچ، ساقالغا ياغدۇرۇپ قار دەمبەدەم،

ئىزىمىزنى باستى ياشلار، بىزمۇ بولدۇق پېشقەدەم،
مۇرىمىزدىن چۈشتى مىلتىق، چۈشمىدى قولدىن قەلەم،
بۇ قەلەمدىن قەترە تۆكتۇق، گاھىدا چەكتۇق ئەلەم،
بۇ قەلەم تاپسۇن كامال، ئەل بەختىنى باغاشلىسۇن.

خەيرىيەت، بۇ يىل قىزىلتاغ ئۈستىدە تۈزدۇق سورۇن،
شوخ بولاقتەك دوستىمىزمۇ ئالدى سورۇندىن ئورۇن،
ئۆيىگىزگە بارىمەن دەپ بەردى سۆز مەندىن بۇرۇن،
ئۆتتى كۈنلەر، كەلمىدى كۈتسەممۇ كۈندۈز، كەچقۇرۇن،
ۋەدە ـ ئىمان لەۋزىنى چاقچاق بىلىپ ئويناشمىسۇن.

شېئىرىيەتتە پېشقەدەم شائىر ئىبرۇر قادىر بولاق،
ئۇ ئەمەس غايە، تەپەككۇر بابىدا يۇمشاق قۇلاق،
ئۇ ئەمەس ئەمما ئىجادتا كەمچىلىكلەردىن يىراق،
جايىغا چۈشمەيدۇ گاھى قاپىيە بىرلە تۇراق،
ئۈمىدىم بۇندىن كېيىن كۆكلەم ـ باھاردەك ياشنىسۇن.

1995 ـ يىل سېنتەبىر.





# سەيياھ

## ئەكبەر داۋۇت تەنها

تېنىم ماكانىغا روھىم زامانىدىن چۈشكەن سەيياھمەن. كىچىككىنە بۇ دۇنيادىن ساڭا باققان قۇياشىمغا رەڭ ئىزدەيمەن.

كۆكۈل ئىزھارىمنى ئاشۇ كونا ئىبارىلەر بىلەن بېزەش بەكمۇ بىمەنە. مەنە توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقان چېغىمدا «بىمەنە» ئاتالغۇسى سوئاللار بىلەن ئالدىمنى توسۇۋىدۇ.

بەخت ـ بىر قىزمىدۇ؟

بەخت ـ بىر ئائىلىمىدۇ؟

بەخت ـ ئىككىنچى قىزمىدۇ؟

بەخت ـ ھاياتنىڭ ئازابلىرىدىن لەززەتلىنىپ ياشاشمىدۇ؟

ھاياتنى بەخت ئۈچۈنلا ياشاش كېرەكمۇ؟

ئەي ئۇماق پەرىشتە ئۆزۈڭنىڭ ساددا، پاك قاراشلىرىڭ بىلەن جاۋاب بەرگىنە ماڭا؟...

* * *

يۈرىكىم ـ تەگسىز خىيال دېڭىزىدىكى ئىگىسىز قولۋاق. سېنى ياشلىقۇم كېلىدۇ ئاڭا... سېنىڭ بەختىڭنى تولدۇرغۇم كېلىدۇ ئاڭا...

ھايات دولقۇنلىرى ئۇنى دەھشەتلىك چايقىسا، رىئاللىقىم تۈز رەڭگىدە ئافرىپ بارىدۇ.

كۆڭلىرىم ـ مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى چېقىن بولۇپ، گاھ نىشانەمنى يورۇتسا،

---

① سۋا ـ ئويغۇر رىۋايەتلىرىدىكى سۆيگۈ تەگرىسى.

گاھى ئەركىنلىك يەلكىنىمنى يىرتىدۇ...

يەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇلىرىمدىن، كۆزلىرىڭگە ئوخشايدىغان سۈبھىدىن، بىئىختىيار ئەسەبىيلىشىۋاتقان سېغىنچىمدىن، ئېيتقىلى بولمايدىغان سىرلىرىمدىن سېنى ئىزدەيمەن.

يۈرىكىم ئارزۇلار دېڭىزىدىكى ئىگىسىز قولۋاق! سېنى ياشلىقۇم كېلىدۇ ئاڭا...

* * *

ئاختۇرىمەن قەلبىمدىكى خاتىرىلىرىڭنى، خۇددى كەچ كۈزدىن باھارغا تىۋىنغان كەبى.

ئاختۇرىمەن ھېچنېمىلەردىن نۇرلۇق ماھىڭنى، خۇددى ۋىساللىق پەيتلەردە كۆزلىرىڭگە ئۈنسىز تىكىلگەن كەبى.

ئاختۇرىمەن كېچىلەردىن خۇش بۇي ھىدىڭنى، خۇددى سەن سۆيگۈڭنى يوشۇرغان كەبى.

ئاختۇرىمەن ۋۇجۇدىڭدىن كەپسىز چېغىمنى، چۈنكى پەرۋىشىڭ ياشىنىتار مېنى.

ئاختۇرىمەن يىللار ئارا بەختلىك چاغنى، خۇددى ئۆيلىرىڭ تەقدىر ئۈستىدە ئىزدەنگەن كەبى...

ئاختۇرىمەن...

* * *

كۆزلىرىم ياشلاندى، تۇرمۇشنىڭ چاقلىرى ئاستىدا سارغايغان ياپراقتەك يانچىلدىم. يۈرىكىم غىرىسلاپ، روھىم كۆكۈم ـ تالقان بولغىنىدا ئەي ئىلاھ بىرلا تىلىكىم بار:

ـ مېنى ئازابلاردىن ئۆلتۈرسەڭمۇ، بەختلەرنىڭ شاھى قىلساڭمۇ، ئەركىنمى، بەندىلىك قۇدرىتىمنى قولۇمغا

83

بەر، ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويما.
ئەنە سېنىڭ كۆزلىرىڭ كۈز كۈنىدىكى خۇمارلاشقان قۇياش بولۇپ، سالقىن كەچ - تۈنىدىكى ئاق سۈكۈتلۈك تولۇن ئاي بولۇپ ماڭا تىكىلمەكتە...
- جاۋاب بەرگىنە جېنىم، سېنىڭ ئاۋازىڭ، غايىۋى تۈنىڭ ماڭا نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

* * *

قۇياش ياز بەرقىنىڭ ئاخىرقى ئۇللىقلىقىنى كۆچمەن قۇشلارنىڭ پەيلىرىگە تۆكمەكتە... كەتتىڭ ئەنە، ئەي گۈزەل قۇش يىراققا...
كەتتىڭ ئەنە، جىمجىت بويان... ئۈنسىز ناۋالىرىڭ قۇلىقىمدا جانان، سۈكۈتكە چۆمگەن ئاخىرقى چېچەكلەرنى تېنىڭ، جىلۋىگەر كۈلكەڭلا ئېچىلدۇردۇ...
قۇشلار كەتتى... توزىغان پەيلەر يېگانىلىقىمنى ئاۋۇندۇرماقتا... ئاۋات رەستىلەر ئارا مېنىڭ غېرىبانە دۇنيارىم سېنىڭ تىنىقلىرىڭغا ئېچىرقىماقتا...
كەلسەڭچۇ جېنىم، قوللىرىڭنى بەر... باغرىم سېنىڭ پەسىلسىز ماكانىڭ!

* * *

قۇياش ئۆز رېئاللىقىنى ئېلىپ ئاللىبۇرۇنلا مېنىڭ سۈكۈتۈمگە باش قويدى. روھىمدەكلا غۇۋا كوچا چىرىغى مەندىنمۇ غېرىبلىقتا پاتتى. ئەنە ئەڭ ئاخىرقى ھۆپپىگەرمۇ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئۆز راھەتخانىسىغا يول ئالدى.
ئويۇمدا: سەھرايىمنىڭ مېھرىبان قويىنى ۋە ئۇندىكى سۇغۇرۇلغان كارىزنى چۈشكۈنگاھ ئەتكەن ئاق تۇرنىمۇ مېنى سېغىندى بەلكىم.
سېنىڭ چارچاشتىن ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا پاتقىنىڭنى بىلمەن جېنىم.
لېكىن مۇشۇ مىسكىن تۇرقۇمنى سېنىڭ بىلىشىڭنى، كۆز چاناقلىرىڭنىڭ سېغىنىش ياشلىرى بىلەن تولۇشىنى ئەسلا خالىمايمەن!

* * *

ھېچكىم ئاڭلىيالمايدىغان بىر ناخشىنى ئاڭلىغىنىم راست!

كۈندۈزنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى ئارىسىدىن، كېچىنىڭ ساختا شاد - ناۋالىرى ئىچىدىن سېنىڭ دىل كۈيۈڭنى ئاڭلىغىنىم ئاڭلىغان، بۇ مەن ئېرىشكەن ئابى لىرىكا.
سۈكۈتىمدە گۈللەر قەلبىمدەك سۇلغۇن، شامالLAR ھەسرىتىمدەك ئاچچىق.
ھالبۇكى، سېنى باھار قۇياشىغا، دىماغلارغا گۈپپۈلدەپ ئۇرۇلىدىغان جىگدە چېچىكىنىڭ ھىدىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ...
ھېچكىم كۆرمىگەن قۇياش بولۇپ كەل!
ساماۋى بەختتە مەست قىلغۇچى خۇش ھىد بولۇپ كەل!
مېنى ئىلكىگە ئالغۇچى ئىلاھ بولۇپ كەل...!

* * *

جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىم، ئەسەبىيلەشكەن خىياللىرىم مېنى كۈندۈزدىن ۋاز كەچتۈرۈپ چەكسىز ۋە سۆيۈملۈك كېچە قوينىغا باشلىغانىدى. مانا ئەمدى قىستىغانچە كېچىدىنمۇ قوغلاپ چىقارماقتا...
مەن كېچە ۋە كۈندۈزلەردىن ھالقىپ چىقىدىغان ئۇ جاي شۇنچە غايىۋى، شۇنچە گۈزەل چۈش كەبى...
ئۇ يەرنىڭ قىممىتىمۇ سەن، زىننىتىمۇ سەن، مېنى رەققاس ئەتكەن كۈيىچىسىمۇ سەن، ھەقىقىي ئېتىقادقا باشلىغۇچىسىمۇ سەن.
ئۇ يەر قەيەر؟ سەن كىم؟
ئېھ، تەن ۋە روھىمنى ئىلكىڭگە ئالغۇچى، ئېيتقىنا يۈرەك سۆزۈڭنى؟!

* * *

چوڭقۇر كېچە كۆز ئالدىمدا ئۆزىگە چىراغلارنى بېزەك قىلغىنىچە مۆگدەپ ياتىدۇ. تىنىمسىز خىيالىم زۇلمەتنىڭ چەت - چەتلىرىگىچە بويلايدۇ... نېمىندۇر ئىزلەيدۇ... تاپالمايدۇ... سىۋادىن ① سادا:
- ھايات تەگسىزلىك ئىچىدىكى ئازاب، ئاسمان ۋە زېمىن تەگرىسى نېمىلەرنى كۆرمىگەن، ئىنسانلار مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلغان، لېكىن ھېچقاچان چۈشەنگەن ئەمەس. سېنىڭ بارلىقىڭ، مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ ئۆزى مۇھەببەت، شۇڭا ھاياتلىقنىڭ پەسىللەر ئارا مەنىدار،

ئۇ ئاخىرەتنىڭ ھەم زېمىن قويىنىدا ئەللەيلىنىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت!... ئۇنىڭ سەبىيلىكى سېنى گۇناھلارغا پاتقۇزسا، ئازابلىرى سېنى پاكلايدۇ...

* * *

قەلبىڭدە بىخ سۇرگەن سۆيگۈ مايسىسىنى ئويلىسام، ئۆزۈمدىن شۇنچە نەپرەتلىنىمەن، ئاشكارىلاش — روھىيىتىڭنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتسىمۇ، «ئادىمى بىلەن ھاۋانىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قوي» دېيمەن ئۆزۈمگە. سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش شۇنچە شېرىن بولسىمۇ، ۋىسالنىڭ كۆرۈنمەس دوزىخى ئەقىدەمنى شۇنچە ۋەيرانە ئەتمەكتە...

ئاقىۋەت، پىنھانلىق يەنىلا قاپقاراڭغۇ قوينىنى ماڭا ئاچماقتا...

سېنىڭ قارا كۆزۈڭدەك كېچىلەر ئالدىمغا دەۋرەپ كېلىپ مېنى سوراقلايدۇ... ئازابلايدۇ، تەسەللى بېرىدۇ، تەگسىز خىياللارغا غەرق قىلىدۇ...

بىر چاغلار... يىراقتىكى ئۈمىد گىرۋەكلىرىدە چېھرىڭ قۇياشى پارلايدۇ...

* * *

سەھەر، چۈشلەر يۇلتۇزى نېچۈن ئۆچىدۇ؟

ئۈيقۇ — لەۋلىرىڭ چوغدا سۇغۇلۇپ تېنىمنى تەڭرى تۈيغۇسىغا پەرلىدى.

ئاشۇ مانالىق سەھەردە، ئەي تەڭرى بەس، مەن ئۈچۈن غەمگە پاتمىغىن! بىزنى ئېسىڭدىن چىقارغىن، ھەمدە ئېلىپ كەت ئاسماننى، ئېلىپ كەت ئاينى، ئېلىپ كەت قۇياشنى، دەججال ۋاقتىنى.

سەھەر، چۈشلەر يۇلتۇزى نېچۈن ئۆچىدۇ؟...

* * *

سايەڭمەن جېنىم! قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدەك ھامانە ئەتراپىڭنى ئەگىيمەن... مۇزلۇق بوللاردەك يەنە ھامانە دىققەتكە ئۇندىمەن، كارىۋىتىڭدىكى خاتىرجەملىكىڭدەك قەلبىڭدە تۈنەيمەن. يازنىڭ ئەركە قۇشىدەك مۇھەببەت تىلىدا قۇلىقىڭغا ئۈلىيەمەن...

ئاشۇ سوغۇق كېچىدە سېنى سۆيمىگەن بولسام، بېگانە قەلبىمنى يالقۇنلۇق سالام بىلەن ساڭا تۆكمىگەن بولسام، خاتىرجەملىكىڭمۇ بۇزۇلمىغان بولاتتى، ئۆتمۈش تاتلىق

ئازابلار بىلەن كەلگۈسى غۇۋالىق بىلەن پارلىمىغان بولاتتى... قەلبىمگە بولغان سادىقلىقىم ساڭا راست گېپىمنى ئېيتقۇزدى...

* * *

نويابىر، تامچىپ چۈشۈۋاتقان ھاياتلىق نۇرلىرىڭمۇ يوقىلىش چەكسىزلىكىگە ئاداققى زەرلىرىنى تۆكمەكتە. ئادەملەر قېرىسا مۇلايىملىشىپ كېتەتتى، ئەپسۇسكى سېنىڭ چېھرىڭ جۇتئىستانىنى نىشان قىلدى.

ئاستا پەر قېقىپ يادىمدا دەۋرىلەنسەڭ، مىنۇتلار سىرى مۇھەببىتىڭ كۆچىيەر جېنىم. ئەسلىرىم، شۇنداق كۆيكى — ئۇ دائىم نامىڭنى شىپى كەلتۈرۈپ مۇڭلانغان مۇناجات. مەن بەزىدە ئەسەبىي لۆكچەكتەك ۋە بەزىدە يەكدىل پۇچۇلانغان چال دەرۋىشتەك سەن ئۈچۈن ئىلاھىي ناخشىلارنى ئېيتىمەن.

سېنىڭ ھىجرىڭنى، ئىلتىجالىق تىلەكلىرىمنى، ئۆلگۈدەك سۆيگەن لەۋلىرىڭنى — تەقدىرىمگە ئايلاندۇرالىسام، بارلىقىم ساڭىلا تەۋە بولاتتى جېنىم.

* * *

رومانتىكامدا — سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭنى، نازلىق قىلىقلىرىڭنى مەستلىكىمنىڭ مەزمۇنى قىلسىكەن دەيمەن!

يوپۇرماق چاۋىكىدىن، قۇشلار كۈيىدىن، سۈكۈتۈمنى ئاۋۇندۇرغۇچى ھەمسۆھبىتىڭدىن ئەسىر يوق. چىراغلار مۆگدىگەن، غەۋغاچى شەھەر ئۇيقۇغا كەتكەن... سېنىڭ ۋاقتىڭلا مېنى ئۇنسىز سىپاپ رېئاللىقتىن، ھېچنېمە قالمىغان رېئاللىقتىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

— كېلەچەك نېمىنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟

— بولدىلا، كېلەچەك ئويلاشقا ئەرزىمەيدۇ!

— سۆھبەت، ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن ئۈستىدىن ھالقىپ كېلەچەكنى ئىزلەۋاتقان سۆھبەت!

كەل جېنىم، كۆزلىرىڭنى ماڭا تىك، قارىچۇقلىرىمىز سۆزلەشسۇن، مەست بولسۇن، مەستلىكلا ئازابنى توسۇپ تۇرغۇچى چەكسىزلىك!...

* * *

مۇزلىغان كوچامدا، سۈپسۈزۈك ئەسلىمەمدە، ئۆڭگەن قەلبىمدە سېنىڭ تەرىپىڭ قىقۇنۇسىدەك پەرۋاز

تۇغماقتا!

سوغۇق ـ ئاق كۆكۈل شامالدا ئاچچىقنى جەۋلان قىلىپ ئالەمنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇر پەللىسىگە يەتكۈزگىنىدە مېنىڭ يۈرىكىم يەنىلا سۆيگۈ بالقىۋىدا پەرلەنمەكتە...

يۈرىكىمگە ئۇچۇپ كەل جېنىم،
باغرىم سېنىڭ قۇچۇپ كەل جېنىم.

قەلبىم يىراقلاردىن ئاۋازىڭنى چاقىرماقتا. ئاپئاق قار ئارا تىترىگەن جەرىيەك مېنى ھامانە چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ.

ھېسلىرىم ئەسەبىيلىشىپ يۈزلىرىڭنى چوغ گۈلىستانىغا ئايلاندۇرغىنىدا مەجبۇرى خۇش دىمەن تېلېفونىمغا...

* * *

يالغۇز قالغاندا ـ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش نەقەدەر ئازابلىق ـ ھە!

ساڭا ئېيتقان بىر قىسما كەيپىياتتىكى سۆزلىرىمنى ئۇنتۇپ كەت ئىلاھىم! مېنىڭ سەندەك پاكىز مەسۇمەنى سۆيگەنلىكىم گۇناھ، دوزاخنىڭ ئازابى شۇڭا مەن بىلەن بىرگە بۇ دۇنيادا يىلتىز تارتماقتا...

بۇ تىكەنلىك يىلتىز يۈرىكىمنى چىرمىغىنىچە ماڭا مەنسۇپ بولمىغان جەننىتىڭگە بىخ سۇرمەكتە.

ـ ئۆزى ئۇچۇن ئازابلىنىشنى بىلىش، باشقىلارنىڭ بەختى ئۇچۇن بىرقەدەم باسقانلىق، ـ دەيدۇ كۆڭلۈم. ئاشقلىق ئازابىمۇ شۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟

ئۇ سېنىڭ تولۇق جاۋاب بولالايدىغانلىقىڭنى پىچىرلىدى.

* * *

مېنىڭ باغرىم نەدە سەن؟
قۇشلار كەتتى يىراققا
سەنمۇ قۇشتەك كەلمەيسەن!

كۆزلىرىڭنى ئاچقىنا جېنىم، زۇلمەتنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا تىكىل. ئۇ يەردە ناۋائىنىڭ روھى بار. ئۇ ساڭا مېنىڭ سۆيگۈ داستانىمنى يۇلتۇز قىلىپ چاقنىتىدۇ.

پاجىئەلىرىمنىڭ ئاقار يۇلتۇزى كۆزلىرىڭگە سىرغىسا، سەنمۇ مەندەك مۇقەددەس قەدىمى يىراققا چۆكەرسەنمۇ؟

مېنىڭ باغرىم نەدە سەن؟
بۇلاقلار بىلەن تىنىدىڭ
قاتتىقجىرايمەن، ئاقمايسەن.

كۆزلىرىڭنى ئاچقىنە جېنىم!؟ زۇلمەتنىڭ مەندار چەكسىز بوشلۇقىغا تىكىل!

* * *

كاللام ھوسۇلىنى يىرىپ بولغان ئېتىزدەك قۇپقۇرۇق، ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈپ كەتكەن ياز پەسلىدەك مەندىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشماقتا. سېنى ھەرقانچە سېغىنساممۇ، كۆڭلۈمنى بىرەرسىگە ئازادە تۆكەلمىگەچ، يۈرۈقتۇرمىلىق مېنى قىيىنماقتا... سېنى نىشان قىلغان تەسەۋۋۇرلىرىم سەدىقىسىز قالغان تىلەمچىدەك مىسكىن، يوقالغان ئاۋازىڭ يەكشەنبىنىمۇ سوئاللارغا كۆمۈۋەتتى. سەن مېنى ئۇنتۇپ كېتىشنى خالساڭمۇ، ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن. ئەپسۇسكى، ئىشەنچ بەزىدە سەن قوتۇلالمايدىغان رېئاللىق بولۇپ كۆرۈنسە، بەزىدە ئۆزگە بىر دۇنيادا ئىككىمىزگىلا خاس بولغان پىنھان رومانتىكىنى ئەسلىتىدۇ.

* * *

پوتكول جىمجىتلىق ماڭا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ سۈكۈت شۇقەدەر ئۇزۇنكى، سۆيگۈ قوتۇپنىڭ ئۇزاق تۈنىدەك...

ـ گەرچە ئۆتمۈش ئاچچىق ۋە رەھىمسىز بولسىمۇ، ئۇندىكى ئەسلىمىلەر شۇنچىلىك رەڭدار ۋە جەزبىلىك، ئۇ كەلمەسكە كەتتى...

ئىلاھى ئۇندىكى ۋەھىلىرىڭگە پەرمانبەردارمەن. ئەسەبىيلەشكەن ئىستەكلەر سەۋرچانلىقىمدىن سېنىڭ دىدارىڭنى تاراشلىماقتا...

ـ ئامان بول جېنىم، تىلەكلىرىم رەنجىش ۋە تەنبىھلىك ئىبارىلەرنى يوشۇرۇپ قالدى.

پوتكول جىمجىتلىق قوتۇپ تۈنىدەك ماڭا باستۇرۇپ كەلدى. سەن مۇزىكا چېچىلغان قوتۇپ يۇلتۇزىسەن.

* * *

تاڭ ئۆزىنىڭ سوغۇق ۋە تۇتۇق جامالىنى ئايان قىلغاندىن بۇيان ئۇن ـ تىنسىز ۋە تىنىمسىز ۋاقىتقا قارايمەن. زارىقىش ئىچىدە خەيرلىك مىنۇتنى كۈتىمەن،

ھېچقانداق سادا يوق!

سەۋرىم مومىيادەك قاتتى. تەشنالىقىم گۇمۇرۇلگەن خارابىدەك چاك - توزانغا پاتتى. سەزگۈلىرىم بىراق تارىخنى ئايان قىلغۇچى بەلگە ـ تاش پۈتۈكتەك ھىجران زېمىنىدا يۇتتى. ئىشەنچىم رىۋايەتتەك غۇۋالاشتى، يەنىلا سادا يوق.

كۆلكە ۋە مۆلايىملىقىم بورانغا ئايلاندى. ئەقلىم ۋە تىرىشچانلىقىم ئۈمىدىمنى ئاۋۇتىدىغان ناۋالاردىن مۇستەسنا چەكسىز چۆلگە ئايلاندى. چۆل ۋە بوران مېنىڭ ھالىتىم بولۇپ خاراكتېرلەندى... يەنىلا ھېچ سادا يوق... بىلەمسە جېنىم؟ ئۇ سادا ـ سېنىڭ گۈلگۈن ئاۋازىڭ ئىدى.

* * *

ئايرىلىشنىڭ ھەسرىتىدە پۇچۇلانغىنىمىزدا ـ ماكان ۋە زاماندىن ئاغرىنغانىدۇق، مانا ئەمدى خۇشال كۈنلەردە مەھەللەڭگە قايتا كەلسەم ئايرىلىقىمىز شۇنچە يېقىن تۇرۇپمۇ دىدارىمىز نۇرلانمىدى.

ھاۋا يەنىلا سوغۇق، جاپاكەش ھەم خۇراپىي كىشىلەر بۇ ئۇلۇغ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىستەكلىرىنى ئۆز نامىزىدا ئاللادىن تىلىمەكتە. مەنمۇ سۆيگۈ ئازابىدا باشلانغان بۇ ھاياتىمدا مۇھەببەت بىلەن ھىجراننىڭ، ياشاش لەززىتى بىلەن ئۆلۈم دەھشىتى ئارىلىقىدا تۇرۇپ نى خىياللارنى دۇئايى تىلەككە ئايلاندۇردۇم... قۇياش سېنى قارىچۇقىمدا ئەكس ئەتتۈرەلمەي ئەلەم بىلەن خوشلاشقىنىدا، تەشنالىق زۇلمىتى چاك - توزانلار بىلەن قوشۇپ بىزنى يۇتماقتا...

* * *

يىپەك چاچلىرىڭنى بارماقلىرىم سۆيۈپ ئۆتكەن ئاشۇ چاغ بەلكىم سەن ئىللىق سېزىمدىن باشقا ھېچ نەرسىنى سەزمىدىڭ. قار بىز ئۈچۈن خۇدانىڭ گۈزەل ئىلتىپاتى. پاكىزلەنگەن قار دۇنياسىدا قۇياش ۋە ئاسمان بىزدىن تېخى خەۋەرسىز، ھالبۇكى،

سەن قۇياشسەن بارماق ئۇرۇمىدا
مەن ئاسمانمەن تال - تال چېچىڭدا.

كۈنلەر ئېرىلاشقان تېنىسى سۆرەپ كەلمىشىمگە ماتەملەنگىنىدە ئەنە شۇ كۆرۈنۈش تۇغ يۇتكۈل سېزىمىمدا جەۋلان قىلىدۇ. مانا ئەمدى سەن غايىۋى سەنئەتكە ئايلاندىڭ، ئىھ، ئەركىنلىكىم. ئېرىشلانغان

ئىلاھىي سەنئەت!
نېمە ئۈچۈن، دېگىنە جېنىم!؟

* * *

بىزنى ئازاب ۋە بەختنىڭ دەۋرىلىكىگە ئاپىرىدە قىلغان فېۋرال ئېيىمۇ يېتىپ كەلمەكتە. ئازاب بۇ دۇنياغا مەن بىلەن بىرگە تۇغۇلدىمۇ پاكى سەن بىلەن، بۇنى بىلمىدىم. تەتۈر قىسمەت ئەنە شۇندىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇزۇن يىللار قەلبىمىزدە ياشارغان بۇ بىخلارنىڭ خاتىرە كۈنلىرى كەلگىنىدە ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىك ئۆتەڭلىرىگە قايتا سەيياھ بولمەن. بىلدىمكى، سەن مەسۇم ئاقىلانىلىكىڭ بىلەن رېئاللىقتا پاكىز نەزەرىڭنى تاشلىدىڭ، مەن بولسام قاغجىراق چۆللىرىمگە كۆز ياشلىرىڭنى بۇلاق، كىرپىكىڭنى ئورمان قىلىشقا تىرىشتىم، پارلاق كەلگۈسىڭنى قەسدىلىرىم بىلەن ئۆزگەرتكىم بولمىسىمۇ، ئۆمۈر بويى بىرىنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشنى بەخت دەپ بىلسە دەيمەن!

## ئوت

### ئەنۋەر تاشتۆمۈر

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق تەپتىدە ۋۇجۇدۇڭنى قىزدۇرۇپ ئىككىنچى يانغىن ئۈچۈن تېزدىن ھازىرلان!

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ. ئۇزاق تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىن ئۆزگە ئىللىق پاناھ جاي يوق. تۈن سەرسانلىقىنىڭ غەمكىن دەملىرىدە، قەلبىڭنى قىپقىزىل چوغلار ئۈستىگە تاشلاپ ۋۇجۇدۇڭ قاراڭغۇلۇقىغا يارقىنلىق بەر. ئارىمىزدىكى سۆرۈن بوشلۇق قەلب يارقىنلىقى ئىچىدە تارىيىپ ئۆز ناۋالىرىغا زوقمەنلىك ئاتا قىلسۇن.

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ چاراقلاپ يېنىشلىرى بىر مەڭگۈلۈك سېھرىي ئوتنى ئۆز قوينىدا پىنھان تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئوت سېزىمى ئىلكىدە زوقلىنىپ ناخشا ئېيتىش كېچىنىڭ تەئەججۈپلىرى قاتارىدا ساڭا ھەم ماڭا ئۇزاقىچە ئۇدۇمدۇر. ئېھتىمال يارقىن چاقناشلىرىنى بوقاتمىغان قەلب ھارپا كېچىلەرنىڭ كۆكتىكى جىمىر - جىمىر نۇر - يورۇقلۇق ئىزنالىرىدىن پىنھان بىر مۇقەددەس يارقىنلىقنى بايقاپ، ئۇنىڭ

ئىككىنچى ھەقىقەتلىرىگە ناخشا بىلەن تەنتەنە قىلىدىغاندۇر...

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

ھايات چىرىغى خىيالى تۇيغۇدەك دولقۇنلىنىپ پىلىك مەھكۇملۇقىدا ھەربان قاناتلانغان كىچىككىنە ھۇجرامدا، مەجنۇن سۈيەت بىرىەچچە ئادەمنىڭ ئوتقاش كۆتۈرۈپ ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقى ئېغىر خىياللىرىم قېتىدىن تۇيۇقسىز يالت قىلىپ كەچتى. تۈنۈگۈننىڭ تونۇش كونا ئۆيلىرىدىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر خىل يارقىنلىق ئۇۋۇا جىمىرلاپ تۇراتتى. تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن، يۇلتۇزلار بىلەن ھايات چىرىغى ئارىسىدىكى نۇر خاسىيىتىدە سۆيۈشكەن بوشلۇق ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ تەلۋە قارا بوراننىڭ بەھۇزۇر ساماگاھىغا ئايلانغاندى.

نۇر نامراتلىقىدا غۇۋالىشىپ چىركىنلىك ئورىغان تەنھا ھۇجرىدا سېنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندىم. لەۋلىرىڭ بىلەن قوللىرىڭ مۇزلاشقا باشلىغان، ئىشتىھايىڭ ئاۋۋالقى تاتلىق ئارامىنى يوقاتقاندى. يۈرىكىم ئۆزۈمگە مۇزلاپ قالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. چوغلارنى يالقۇنجىتىپ ئۆرلىگەن كۆل توزانلىرى ئىپادىسى خىرەلەشكەن تىنىق كۆزلىرىڭنى ئېچىشتۇرۇپ مارجان ياشلىرىڭنى تۆكمەكتە ئىدى. كۆمەچنىڭ چوغلار ئارا قىپقىزىل تاۋلىنىپ پىششىنى، توقلۇق كۆچىنىڭ نازلىرىڭدا رەڭدارلىق تېپىشىنى كۈتۈپ ئوچاققا يېقىنراق سۈرۈلدۈم. قەلبىم شۇئان چوغلىنىپ يالقۇنجاشقا، بوشلۇق ئارا تىترىگەن نۇر سەرسانلىقىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئېھتىمال مەن لاۋۇلداپ يانغان قىپقىزىل ئوتقاش مىسالى ۋۇجۇدۇڭغا ئىللىقلىق بەرمەكتە ئىدىم.

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

كۆيۈۋاتقان قەلبىمدە مۇقەددەس جاكارلار تۇغۇلۇپ تۈن باغرىنى يېرىپ ئۆتمەكتە ئىدى. شۇئان ساڭا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم، ناخشىلىرىمنىڭ جەڭگىۋار ساداسى قارا قويۇننىڭ مەجنۇن تۈۋرۈكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىمەنە ساماسى ئاستىدا پايخان بولۇپ تۇزۇپ كەتتى. قوللار بوشلۇقتا پۇلاڭلىدى، چەكچەيگەن جۈپ - جۈپ كۆزلەر دەھشەتلىك ئۇچقۇنلارنى چاچرىتاتتى. ۋاھالەنكى، ئىلتىجانىڭ سۆرۈن بوشلۇقىدىن قار - مۇز لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى.

يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ ئۆچتى، چىرىغىمنىڭ ھالسىز تىللىرىمۇ لەۋلىرىنى ئاران - ئاران يالاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. ئارمان تاشقىنى، ئەلەم ۋە غەزەپ قىيانىنى قەلبىمنىڭ مەۋھۇم جولاسىدا مەۋھۇمغىنە كۆرۈپ تۇراتتىم.

قېنى سەن ئاي يۈزلۈك نىگارا؟!

قېنى ئۇ ئوتقاش كۆتۈرۈپ يۈرگەن مەجنۇن ئادەملەر؟!

قېنى ئۇ سېنى، مېنى، بارچىنى پەرق ئەتكۈدەك نۇرلار جولاسى؟!...

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

ئۆلۈمنىڭ لەززىتىنى سېزىپ كۈلەلمىگەن كۈلكىلىرىم باغرىمدىن شىددەتلىك تاشتى. كۈلكە ساداسى ئىچىدە تەۋرىگەن ئالەم بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمدى. جاننى ئۆز ئارامىغا بۆلگۈچى سىرلىق سۈكۈناتنىڭ نامەلۇم قىرغاقلىرىدىن تاك شەپىلىرى كېلىشكە باشلىدى. ئىككى جان بىر جان قەپىسى ئىچىدە گوياكى ساماۋى گۈلخاندەك يېنىپ تۈن قوينىغا ئۆز يورۇقلۇقىنى چاچماقتا ئىدى. ھەممە يەردە مەجنۇن ئادەملەرنىڭ ئېگىز كۆتۈرگەن قىپقىزىل ئوتقاشلىرى كۆرۈندى...

ئەي مەھبۇب، مېنى ئۆز جانلىرىڭ قېتىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بۇ ئۇلۇغ پەيتلەردىكى قانلىق جەڭلەرگە تەقدىم ئەت! مەن بارلىق قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئوتقاش قىلىپ ياقىمەن. جەڭدە ئوتقاش كۆتۈرگەن مەجنۇن ئادەملىرىمگە ئوخشاشلا مېنىڭ قىپقىزىل قېنىممۇ سۈزۈلگەن ئۈپۈققا قاراپ نۇر مىسالى ئاقىدۇ. روھ پارتلىشى ئاشۇ مەنزىل ئارا كۆيگەن ئۈپۈق خىلۋەتلىرىدىكى ساماۋى ئوت باغرىدىن مۇقەددەس نۇر ئۇچقۇنلىرى چاچرىتىدۇ. ئىشكىڭنى ئۇلۇغ ئېچىپ قويۇپ تاك سەھەر قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىدىغان قىپقىزىل مېۋىلەرنى خىيال قىل! ئۇندا شېرىن جېنىمنىڭ ئاداققى شېرىنىسى ساڭا ئۆزگىچە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇزاق ئەسلىمدىن كېيىن ھۆرەك ئېتىپ يىغلاشلىرىڭدا كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولىمەن!

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

ئۆزۈكىدىن ئوتقاش يېقىپ مەجنۇن كېچىلەرنىڭ تەڭقىس ھۇجرىلىرىغا تەقدىم ئەت! ئۆزۈكنى ئۆزۈكنىڭ چوغدانلىرىدا تاۋلاپ ئۇلۇغ جاكار پەيتلىرى ئۈچۈن بەرقارار تۇر. ھايات چىرىغىدا قەلب ئوت كۆيىدۇ، قەلب ئوتىدا ئىسسىق جان قىپقىزىل لاۋا سېلى بولۇپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ ئاقما ئىمكانىدىن يارقىنلىق مۆجىزىلىرى يارىلىپ، ئىككىنچى بىر تاك ھەقىقىتىنىڭ قەدرىنى تىكلەيدۇ. شۇندا سەن قەلبلەر كۆكسىدىكى مەڭگۈلۈك ئوتقا ئايلىنىپ، ۋۇجۇدلار قاراڭغۇلۇقىغا نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئاتا قىلىسەن.

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ!

گۇگۇم پەردىسى تارتىلغاندا ئۆيۈڭگە ئوتقاش كۆتۈرۈپ كىرىمەن. ئېھتىمال سەن شۇ ئەسنالاردا ئۇنتۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان جىنچىرىقىڭنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرىدىغانسەن...

# قوقاسنىڭ يېزىقلار

## مۇھەممەتجان ئەمەت

قوقاس سەن بىر ئۆتمۈش. سەن ئۇلۇغ بىر يانغىن تاشلاپ كەتكەن ئۇللىق خارابە، سەن قاناتلىرى ئۆكلەنگەن قۇشسەن، ئۇچۇرماقىدۇر يالقۇنلار. سەن قىزىل يالقۇنلارغا ئۇۋا بولغان. يالقۇن ئۇ گويا سۇنغان ساداقەتتۇر. چېچەكتۇر ئۇ ـ تەننى شۇركەندۈرىدىغان غەزەپ چېچىكى. سادالارغا چاپلانغان، قارغىشلارغا ئورالغان مېھرىبانلىق كەبى ئالدايدۇ سېنى. ۋاقىتلار ئارمىنىڭنى ئالار يانپاشقا.

ـ ۋاقىت دېگەن ئۇلۇغ سۈيىقەستچى پۈتۈۋالماق بولار ھەممىنى لۇغىتىگە قارا ئۆتمۈشنىڭ،

ـ ئەي قوقاس سەن، مەن يازالمايدىغان يېزىقسەن. ھەرپلىرى ئۆچۈپ كەتكەن، ئوقۇغىلى بولار تەپتىڭنى قىياسلارغا چاپلاپ ھەرقاچان، بەزلىمەكتىسەن مېنىڭ ئۇزۇن تىترەكلىرىمنى، تونۇر بېشىدىكى كۆيۈك نانلاردەك. مەن قوقاسمەن مۇزغا تاشلانغان.

* * *

روھ بىر دار، ۋۇجۇد ئاتا ئېسىلغان مەھبۇس، كۆيمەكتە تەنلەر گىلاس لەۋنىڭ ھارارىتىدە كۆيمەكتە تەنلەر ئىس ـ تۈتەكسىز قوقاس تەپتىدە.

تەلپۈنمەكتە تەن مۇھەببەتنىڭ كوچىلىرىغا، چېچىلماقتا ئىسسىق ھەرپلەر، ئۆللىماقتا ۋاقىتلار، ساداقەتنىڭ دوقمۇشلىرىدا تەرلىمەكتە تاقەتلەر، ئۆچمەنلىك ئەڭ ئاخىرقى ئاپتوبۇس بىلەن يۈرۈپ كېتەر باشقا شەھەرگە، لەۋ قوقاس، كۆز قوقاس، سۆز قوقاسقا ئايلانغان يەردە.

* * *

مەھبۇسمەن، تۆمۈرمىدىكى قارلار ئېچىدە، تەنھا ئۇيۇشىلەردە. قوڭۇر لىباسلاردا چىڭقالماقتا تەن. باش چىقارسا ئۇچلۇق تىللىرىم تەلپۈنەر سۆزلەر قاپقارا تىنىقلاردا، شاخلىغان تىرناقلارنىڭ ئىستىبلاسىدا يايراقلارغا بۆلۈنمەكتە تەن.

ـ بەدەن سەن سەرگۈننىڭ ئەزىز ۋەتىنى، كەچمەسلىك كېرەكتۇر بېشىم تۆكۈلگۈدىن.

مەھبۇسمەن.

پايلايدۇ ھەر ۋاقىت كۆلەڭگەم مېنى، ئۇ ھەتتا ئاپىرار ھاجەتكە يالاپ، ئۇ كەلدى ئۇزاقتىن ئەگىشىپ ماڭا. ياشار ئۇ ئۇۋەنسىز بىر مېنى دوراپ. ئۇ دەھشەت بىچارە مەندىنمۇ نامرات، يوق ئۇنىڭ ساۋاتى يازالماس قوشاق.

مەھبۇسمەن.

بىر ئىسمىغا قالغان چاپلىشىپ، ئىسىم ئۇ مەن ئۈچۈن ئەرزان ھاقارەت، ئۇ بىكار تەلەپتەك ئەگىشەر، ئەمما سەن سامان توشۇساڭ ھەم ساتساڭ كېپەز بېرەلمەس ئۇ ھەتتا قاپچۇق بىكارلاپ. مەن كىمنى سۆيۈشنى ئويلىسام ئەمما ئۇ مەندىن بالدۇرلا ئالار قۇچاقلاپ.

مەھبۇسمەن.

سۆز توزۇندىلىرى ئارا مۆكۈنمەكتە مېنىڭ تەشۋىشىم، ئالدىماقتا سۇزۇك ھىجرانلار قاپقارا نۇرلارغا بۆلەپ تېنىمنى.

* * *

ئاستاغىنە چىقىپ كەتمەكتە يوللار خىيالىمىزدىن شەھەردىن چىقىپ كېتىۋاتقان باللار كەبى ئۆكسىمەكتە ئىرادە. گۇگۇمدىكى مەخپىي شادلىقتەك، ھەمدۇسانا ئوقۇمايمىز ئەمدى ھېچكىمگە، بۇ كېچە ئۇزۇن بارماقلىرىدا بۆلىمەكتە يەنە چۈشلەرگە، بۇ كېچە...






(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## كۆمۈلمەس ئىزلار، ئۆزۈلمەس رىشتىلەر

بىز تارىختا قانچىلىك ئىچكىرىلەپ، تىرەن تەكشۈرسەك كېلىپ چىقىش بىر بولغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

— ئېنگېلس



### «تۇنجى ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغۇچى قەشقەرلىك مەھمۇت»

1985 - يىلى ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى روبېرت دانكون ئەپەندىم ئۇزۇن مۇددەت تۈركىيە ئالىملىرى بىلەن تەتقىق ۋە تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرگە ئارقا-ئارقىدىن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆلمەس تۆھپە قوشقان مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلاردىن ئىبارەت ئىككى ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت شاھانە ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى.

بۇ ئىككى نۇرانە كىتابنىڭ ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىشى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈركولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولدى. يەنى 1985- يىلى تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى سېۋىم تېكېلى «تۇنجى ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغۇچى قەشقەرلىك مەھمۇت» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

مەزكۇر كىتابنىڭ كىرىش قىسمىغا تۈركىيە ئاتا تۈرك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى دوكتور ئايدىن سايىلى (AydinSayili) ئالاھىدە كىرىش سۆز يېزىپ بۇ كىتابقا يۇقىرى باھا بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ كىتاب ئىنگلىزچە، ياپونچە، فرانسۇزچە قاتارلىق بىرقانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيا جۇغراپىيە تەتقىقاتىدىكى بىر يېڭىلىقنى پەيدا قىلدى.

تۆۋەندە مەن مەزكۇر كىتابتىكى بەزى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ قىسقارتىلمىسىنى قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

### 1. باب: تۇنجى ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغۇچى قەشقەرلىك مەھمۇت

**① ياپونلۇقلار سىزغان تۇنجى خەرىتىلەر:**

646 - يىلى ئىخونگى ۋە 800 - يىلى كورىيىدىن ياپونىيىگە كۆچۈپ بارغان گىيوگى بوساتسۇنىڭ ياپونىيىنىڭ تۇنجى خەرىتىلىرىنى سىزماقچى بولغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە تولۇق يازما ماتېرىياللار بولمىغان، لېكىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر تولۇق ماتېرىيال

يەنى ياپونىيىدە تۇنجى خەرىتە سىزىلغانلىقى ياپونىيىنىڭ كيوتو ئەتراپىدىكى بىنتا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان ماتېرىياللار ۋە خەرىتىلەردە ياپونىيىدە تۇنجى بولۇپ 1303 - يىلى خەرىتە سىزىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

1600 - يىلى ياپونلۇقلار ياۋروپالىقلار بىلەن تونۇشتى ۋە ياۋروپانىڭ خەرىتە سىزىش تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىپ 1700 - يىلى خەرىتە سىزىشقا باشلىدى. پەقەت 1779 - يىلىدا ياپونىيىلىك سېكۇسۇي تۇنجى بولۇپ ياپونىيىنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى.

## ② ياۋروپالىقلارنىڭ ياپونىيىنى بىلىشى ۋە ياپونىيىلىكلەرگە خەرىتىدىن يەر بېرىش.

غەرب دۇنياسى ياپونىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى پەقەت ماركوپولو ئارقىلىقلا بىلگەن. ماركوپولو شەرققە قىلغان ساياھىتىدىكى ماتېرىياللاردا تىبەت، بىرما، سىكىم، جۇڭگو، ياپونىيە قاتارلىق يەرلەردە ساياھەتتە بولغانلىقىنى سۆزلىگەن. لېكىن غەرب دۇنياسىدا خەرىتىلەردە ياپونىيىگە تۇنجى بولۇپ يەر بەرگەن تۇنجى جۇغراپىيىچى مارتىن بېخائىم بولۇپ، مارتېن بىخائىم نورۋېگىيىدە تۇغۇلغان. خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە پورتولوگىيە ۋە ئازور ئاراللىرىدا تۇرغاندىن كېيىن ئۆز مەملىكىتىگە قايتقان. مارتېن ئۆز مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن شەھەر باشلىقى مارتېندىن يېڭى كەشپىياتلار قوشۇلغان بىر خەرىتە سىزىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مارتېن جۇغراپىيىچى باتلامىيۇسنىڭ ماتېرىيالىغا ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، بەزى يېڭى كەشپىياتلارنى ۋە تۈزىتىشلەرنى قىلىش ئاساسىدا ياپونىيە ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىغا چۈشۈرۈلۈپ خەرىتىدىن ئورۇن بېرىلگەن.

1543 - يىلى پورتولوگىيىنىڭ دېڭىز كېمىلىرى دېڭىزدىكى دەھشەتلىك بوران - چاپقۇندا ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ تۇيۇقسىزلا ياپونىيىگە بېرىپ قالغان. ئۇلار ياپونىيىدە قىزغىن قارشى ئېلىنغان. قىسقا ۋاقىتتىن كېيىنلا فرانسۇز شاۋىر ئۆز شېرىكلىرى بىلەن ياپونىيىگە بېرىپ ياپونىيىدە بىر تىجارەت شىركىتى قۇرغان.

ئامېرىكا تېپىلىپ ياۋروپالىقلار ياپونىيىگە كېلىپ - كېتىش باشلانغاندا ئەكسىچە 1570 - يىلىدا ئورتېلۇس شەرقىي ھىندىستان خەرىتىسى سىزغاندا جۇغراپىيىلىك ئورنىنى توغرا كۆرسەتمىدى. ھەتتا ئۇ ئۆزى سىزغان ئاسىيا خەرىتىسىدە ياپونىيىنىڭ ئورنىنى توغرا كۆرسىتەلمەي ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە سىزدى.

پەقەت 1750 - يىلىغا كەلگەندىلا سېبۇرروبېرت تۇنجى بولۇپ ياپونىيىنىڭ توغرا بولغان خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى.

## ③ 11 - ئەسىردىكى قەشقەرلىك مەھمۇتنىڭ دۇنيا خەرىتىسى.

ئەمدى سۆزۈمنى 11 - ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىك مەھمۇتنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن باشلايمەن.

مەھمۇت دىۋانىدا مۇنداق دەيدۇ:

رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ *، ئېنى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەممىسىنى يەر يۈزى شەكلىدىكى دائىرە ئىچىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

مەھمۇت يۇقىرىدا ئېيتقاندەك تۈركلەرنىڭ جايلىشىش ئورنىنى تەپسىلىي كۆرسەتكەن. يۇمىلاق شەكىلدىكى خەرىتىنىڭ چۆرىسىدە شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال يۆنىلىشلەر، تەرەپلەر، بەزى دېڭىز ۋە دەريالار كۆرسىتىلگەن. ياپونىيىگە كەلگەندە ياپونىيە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ. جابىرقا - ياپونىيىلىكلەر يىراقتا جايلاشقانلىقى ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا تۇنجى ياپونىيە خەرىتىسى 1400 - يىلىدا بىر ياپونلۇق تەرىپىدىن سىزىلسا، 1500 - يىلىدا دۇنيا خەرىتىسىدىن ئورۇن ئالغان بولسا، بىزنىڭ دىۋاندىكى پاكىتلىرىمىز تۇنجى ياپون ياپونىيە خەرىتىسىنىڭ 11 - ئەسىردە قەشقەرلىك مەھمۇت تەرىپىدىن ئۆلچەملىك سىزىلغانلىقى بۇ بىر تەۋەنمەس پاكىتتۇر.

## ياپون ئاراللىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەت - ئەينولارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى

مەن 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۆيۈمدە ياپونىيىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا خەنزۇ تىلى ئۆگەنگىلى كەلگەن ياپونىيىلىك ماسايو خانىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ ياپونىيىنىڭ خوككەيدو رايونىدا ياشايدىغان ئەينۇ(Ainu)مىللىتى ھەققىدىكى ماسايو خانىمنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىغا قاراپ بۇ تېمىغا قىزىقىپ قالدىم. ئۇ ماڭا قىشلىق تەتىلدە ياپونىيىگە قايتقاندا بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ماتېرىياللارنى تەييارلاپ ئەكېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ماسايو خانىم قىشلىق

---

* پەرسەخ - پارسچىدا يول ئۆلچىمى بولۇپ، بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ.

ئەتىلنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆكۈللۈك ئۆتكۈزۈپ ياپونىيىدىن شاڭخەيگە كەلگەندە، ماڭا تېلېفون بېرىپ ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىسى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدىم.

ماسايو خانىم ياتىقىغا بېرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەچلىك تاماقتا بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. بىر ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندىن كېيىن ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ ماڭا ۋەدە قىلغان كىتابلارنى بىر - بىرلەپ چىقاردى.

— سىزنى ياپون تىلى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ بارلىق كىتابلارنىڭ ئىنگلىزچىسىنى تېپىپ كەلدىم، — دېدى.

مەن ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپلا ئۆيگە كېلىپ شۇ كېچىدىن باشلاپ بۇ كىتابلارنى تەشنالىق بىلەن بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدىم. پۈتۈن كىتابتا سۆزلەنگىنى ئەينولارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بولۇپ، ياپون دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. نۆۋەتتە مېنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلماقچى بولغىنىم «ئەينولارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتىكى بەزىبىر ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ قىسقارتىلمىسى.

① **ئەينو خەلقى**(The Ainu People)

ئەينۇ(Ainu) دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى «ئىنسانىيەت» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار ئوت - ئاتەشكە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار دەريا، كۆل، تاغ بويلىرىدا ياشايدۇ. ئاساسلىقى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلايدۇ. ساچقاق ۋە تور بىلەن بېلىق تۇتىدۇ.

② **كېلىش مەنبەسى**(Origin)

ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنى بەزىلەر موڭغۇلىيە دالاسىدىن كەلگەن دېسە، بەزىلەر ئۇلارنى ئوكيان دىن كەلگەن دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇلارنى قەدىمكى ئاسىيالىقلار دەيدۇ. ئەمما ئۇلار ياپونىيىدىكى ياپونلاردىنمۇ قەدىمكى مىللەتتۇر.

③ **ئاھالىسى** (Population)

ئەينولار ياپونىيىنىڭ خوككەيدۇ، توخوكۇ، كۇرىل، ساكخالىن قاتارلىق ئاراللىرىدا ئولتۇراقلاشقان. پەقەت خوككەيدۇ ئارىلىدىلا 23،830 نوپۇسى بار.

④ **ئوزۇقلىنىشى**

ئەينولار كۆپرەك گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بېلىقنى قورۇتۇپ شورپا قىلىپ ئىچىدۇ. شورپىغا كۆكتات سالىدۇ. ئارىلاپ مېۋە - چېۋە يەيدۇ. دائىم دېگۈدەك ئەتىگەنلىك، كەچلىك تاماق يەيدۇ.

⑤ **ئويۇنلىرى**(Game)

ئەينولار ئېيىق ۋە بۇغا ئوۋلاشنى ياخشى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى دەپ قارايدۇ. ئوۋ قوراللىرىنى ئېلىپ بىرقانچە ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوقياغا ماھىر، دېڭىزدا ساچقاق بىلەن بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىلىچۋازلىققا ھېرىسمەن.

⑥ **كىيىم - كېچەكلىرى**(Clothing)

ئەينولارنىڭ ئوۋچىلىق كىيىملىرى ئاساسلىقى ھايۋانات تېرىلىرىدىن تىكىلگەن. ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك رەخت توقۇش، يەنى بايقاچىلىق ھۈنەرلىرى بولۇپ،



ئـۇنى ئۆز تىلىدا ئاتتۇش (attush) دەپ ئاتايدۇ. تون شەكلىلىك گۈل چىكىلگەن ۋە كەشتىلەنگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئاياللار قۇلىقىغا ھالقا، بويىنىغا مارجان ئېسىپ، قولىغا بىلەيزۈك سالىدۇ.

⑦ **مۇقەددەس ئۇسسۇللىرى** (Sacred Danes)

كـوتـان (Kotan) دا داۋاملىق ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرى ئىچىدە قىلىچۋازلىق ئۇسسۇلى كۆپرەك. ئاياللار يۇملاق قۇياش شەكلىدە ئولتۇرۇپ نـاخشـا ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئادەم ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

⑧ **ئېغىز ئەدەبىياتى** (Oral Lierature)

ئەينولاردا يۇكار ناملىق قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چۆچەك، ئۇپوپو (upopo) ناملىق خەلق ناخشىسى بار. ئوينا (oyna) ناملىق چۆچىكى مەشھۇر. ئۇنىدىن باشقا، ئاياللارنىڭ يايساما (yaysama) قاتارلىق خەلق ناخشىسى قاتارلىقلار بار.

ئەينولارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي - شەكلى، تىلى ھەققىدە ماسايو خانىمنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىغا ۋە كـىـتـابـىـدىـكـى بـەزى سـۈرەتلـەرگـە ئاساسلانغاندا، ياپونىيىدىكى ئەينولار ئېگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك، كۆزلىرى يوغان، پېشانىسى كەڭ، ساقال - بۇرۇتلىرى قـويـۇق، قاش - كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بۇرنى ئـىـلـپـىـتـەك بـولـۇپ ئەرلىرى داۋاملىق قىلىچ ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولسىمۇ ئەمما يېزىقى يوقتۇلۇپ كېتىلگەن. ئۇلار ئۆز ئارا سۆزلەشكەندە ئانا تىلىدا سۆزلىشىدىكەن.

ئەينولار ياپونىيىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەت بولۇپ، ئـۇلار بۇ ئارالدا ھېچقانداق كىشى بولمىغان چاغدىن باشلاپلا شـۇ يەردە ياشاپ كەلگەنىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار تۇكيان ئادىمى بولۇپ بۇ ئارالنى ئەڭ بۇرۇن ماكان تۇتقان كىشىلەر ئىكەن. كېيىنچە، كورېيە ۋە جـۇڭگـودىن ئېقىپ بارغانلار بارا - بارا كۆپىيىپ ئـەيـنـولارنـىـڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تـەدرىـجـىـي ھـالدا ھـازىرقى زامان ياپون دۆلىتى شەكىللەنگەن.

## خاتىمە

قـەدىـرلـىـك ئـوقـۇرمەن، سىزگە تەقدىم قىلىپ كېلـىـۋاتقـان بۇ ئاددىيغىنە ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ بۇ قىسمىدىن قانداق ئويلارغا كەلدىڭىز؟...

ئىشىنىمەنكى، كېلەر ساندىكى ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ داۋامى بىزنى سەگىتىپ، سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب ئېلىپ كەلگۈسى.

نورۇز بايرىمىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! كېلەر ساندىكى ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ داۋامى «ئوكيان سۆزلەر تارىخىنى» دېگەن تېمىلار سىزگە دوست بولسۇن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)






(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**جاۋابكار سوت مەيدانىغا كېلىپ دەۋالىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە هۆكۈم چىقاردى.**

## قار پوكۈزىكى دومىلىماقتا...

توختامغا قول قويغۇچى غايىب بولغان.
ئالدامچىنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان.
تىجارەت ئورنىغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم چىقمىغان.
كىشىنى ئويغا سالىدىغان، شۈبھىلەندۈرىدىغان ئىشلار كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن.
...
چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ توختام ئامغىسى بېسىلغان خېجىلىك ناھىيە نەمۇنىلىك يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىدىكى تىجارەت بۆلۈمى بىلەن تۈزۈشكەن سۈلياۋ يوپۇق سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى توختامنامىنى كۆتۈرۈپ سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن بىر نامرات ناھىيە ئۈچۈن چوڭ ئىش هېسابلىنىدىغان بۇ ئالدامچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى.
ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ دېلودىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا جىددىي ئىشلەش ئىشلىك بىرمىلەنى

مەسئۇل قىلدى.

ياڭ جۇگمىڭنىڭ ئوشۇقى ئالا جۇشكەندىن كېيىن، بىر مەھەل ئۈرۈمچىدىن يۈتتى، لېكىن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - كەندىر شىركىتىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقان جاڭ يۇفۇنىڭ ياتىقىغا بىر - ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم جوخەيدىن تېلېگرامما بېرىپ سولياۋ يوپۇقنىڭ پات ئارىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئاندىن مالنى ئېلىپلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەپ جاڭ يۇفۇ قاتارلىقلارنى «خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى».

ساددا، ياۋاش جاڭ يۇفۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەي يۈرگەندى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ياڭ جۇگمىڭنىڭ تېلېگراممىسىمۇ توختاپ قالدى. جاڭ يۇفۇمۇ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. لېكىن ئۇ كېچىككەندى.

ياڭ جۇگمىڭ كېيىن يەنە ئۈرۈمچىدە پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ زاكالەت ئالغان پۇلنى بۇزۇپ - چېچىۋەتكەچكە قايتۇرۇۋالغىلى بولمىدى. ئۇ خۇددى بۇ زامانىنىڭ ئەركە بالىسىدەك، ئۆز بىلگىنىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. زاكالەت پۇلى بەرگەنلەر ئۇنى ئەيىبلىگەندە، ئۇ:

- مەن سىلەرگە سولياۋ يوپۇقنى بەرمەيمەن دېمىدىم، چوقۇم بېرىمەن، مالنى باشقىلار ئېلىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ بىكار يۈرۈۋاتقىنىم يوق، شۇ ئىشىنىڭ غېمى بىلەن يۈرىمەن، - دەپ ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا ئېمىزگە سېلىپ، ئالداپ يۈردى.

چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ ئۈرۈمچىدە مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلار بىر كۈنى ياڭ جۇگمىڭنى ئىزدەپ سورۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»نىڭ يېنىدىكى ۋاقىتلىق سېلىپ قويۇلغان بىرنەچچە قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ بىرىدە يارلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۆيدىن خېلىغىچە ئۈنۈش بولمىغاندىن كېيىن بېسىم ئىشلىتىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئۇلار كىرىپ كۆردىكى، ياڭ جۇگمىڭ قاتارلىق بىرنەچچە ئەر - ئايال ئۆڭ - سولى ئۆچكەن ھالدا بېرىسىم يالىڭاچ پېتى يوتقاندىن سەل سوغۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ياڭ جۇگمىڭ ساقچى ئۇرۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلدى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە قويۇپ بېرىلدى. ئۇ شۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە قارىسى كۆرۈنمىدى.

لېكىن چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىكىلەر ئۇنىڭ قانۇنىڭ توردىن ئۇنداق ئاسان قېچىپ كېتەلىشىگە ئىشەنمىدى ۋە سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەرنى يەنە ئىزدەپ كەلدى. ئەمدى ئۇلار ياڭ جۇگمىڭنىڭ ئىمىسى بولسا شۇنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلگەندى.

جى شياۋياڭ ئۇلارغا ياڭ جۇگمىڭنىڭ مەلۇم بىر يەردە ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى باشلاپ ئاپاردى. كېيىنكى قېتىم يەنە ياڭ جۇگمىڭنىڭ مەلۇم بىر يەردە «ماۋتەي» ۋە «ۋۇلياگېي» ماركىلىق ھاراقلىرى بارلىقىنى، ئەگەر چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىكىلەر قوشۇلسا قايتۇرۇۋالالمىغان پۇلنىڭ ئورنىغا شۇ ھاراقلارنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىدىكىلەر بۇ ئىشلارغا باشتىن - ئاخىر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.

پۇل ئورنىغا سۇندۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ ماللارنى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تاپشۇرۇۋالالىدىمۇ؟

نەدىكىنى، ئالدىنقىسىنى ياڭ جۇگمىڭ «ئاللىبۇرۇن يۆتكەپ كەتكەن» بولدى. كېيىنكىسىنى ئالغىلى بارغاندا «ئامبارچى يوق» بولۇپ چىقتى.

چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئەمەلىي ئۈنۈم بەرمىگەن يوللارنى تولا بېسىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندا نۇرغۇن زېھنى ئىسراپ بولدى، ۋاقتى ئىسراپ بولدى، پۇلى ئىسراپ بولدى، ئۆمرى ئىسراپ بولدى. بۇ ئىشلارغا كىم ئەيىبلىك؟...

بۇ ئىشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ بارغانسېرى سوزۇلۇپ كېتىشى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى رەھبەرلىكىنى جىددىيلەشتۈردى. كوپېراتىپ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەقەززا قىلدى. چىرا خەلقىنى غەزەپلەندۈردى.

1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كېسىم قىلىش

ھەيئىتىدىن بۇ ئالدامچىلىق قىلمىشى ئۈستىدىن كىسىم چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندىن تارتىپ 1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسىم قىلىش ھەيئىتى (90) س ك 02 - نومۇرلۇق كېسىمنامە چىقىرىپ بۇ ئالدامچىلىق دېلوسىنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر بايىنغولىن ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيە نەمسىمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بۇ تىجارەت ئورنىدىن سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كوپىراتىپقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىمدا 35 مىڭ يۈەن ئېلىپ بەردى.

تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش، چىرىلىقلارنىڭ، جۈملىدىن دۆلەت مەبلىغىنىڭ ئالدامچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن بوشاشماي جاھىلانە روھ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتۋاتقان چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى بەش يىلغىچە بىر تەرەپ بولمىغان بۇ ئالدامچىلىق دېلوسى ئۈستىدىن قىلغان ئەرزىنى 1992 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىلاجىسىز ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

بانكا بەرگەن قەرز پۇل مەبلىغىنى قايتۇرىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆسۈممۇ كۆنسېرى كۆپىيىپ باردى. بىر قار پوكىزىكى دومىلاشقا باشلىدى. بۇ قار پوكىزىكى دۆلەت مەبلىغىنىڭ ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن، قانۇندىكى يوچۇقلاردىن، مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن... نۇرغۇن تەرەپتىكى مەسىلىلەردىن ھاسىل بولغانىدى. سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كېسىم قىلىش ھەيئىتى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ ئالدامچىلىق دېلوسىنى، بوپىنى تاشلىۋەتتى، يەنى شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 15- كۈنى كېسىم قىلىش ھەيئىتى ئەرزنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

چىرىلىقلار گاڭگىرىدى، ھەيران قالدى، بىر - بىرىگە سوئال قويۇشتى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي مەنپەئىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىشىغا، دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سېلىپ بەرگەن مەبلىغىنىڭ ئالدامچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمىدى. ۋىجدانى ئازابلاندى، يۈرىكى ئېچىشتى.

دېمىسىمۇ 115 مىڭ يۈەن پۇل - دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجراتقان مەخسۇس مەبلىغى، بىر نامرات ناھىيىنىڭ شۇ يىللاردا خېلى كۆپ ھېسابلىنىدىغان قەرز پۇلى، دېھقانلارنىڭ قان-تەرى، جۈملىدىن خەلقنىڭ ھالال پۇلى ئىدى. ئەمما ئۇ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان ئىش ئىدى.

1992 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى ئاخىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ بۇ دېلونىڭ تېزرەك بىر تەرەپ قىلىنىشى ئۈچۈن مۇقەددەس قانۇنغا مۇراجىئەت قىلدى.

بىر نامرات ناھىيىنىڭ 115 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى يەۋالغان بۇ تىجارەت ئورنى زادى قانداق ئورۇن؟ ئۇنى قۇرغان، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولىدىغان بىرەر ئورگان ياكى بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار.

مەزكۇر تىجارەت ئورنى نەمنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى تەرەققىيات شىركىتىنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۈەندە تەسىس قىلغان تارماق ئاپپاراتى. بۇ ئاپپارات قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان، سۈلياۋ يوپۇق تىجارىتى قىلىش دائىرىسىگىمۇ كىرمەيدۇ. 1985 - يىلى 1 - ئايدا نەمنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان، خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گۇاڭشى - دۆي كارخانا بۆلۈمى (ھازىرقى كارخانا ئىدارىسىنىڭ بۇرۇنقى گەۋدىسى)نىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان. بۇ تەرەققىيات شىركىتى 1988 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن تىجارىتىنى توختاتقان ھەمدە خېجىڭ ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ روyخەتتىن ئۆچۈرۈشىگە مەلۇم قىلىنغان. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھۆججەت چۈشۈرۈپ تىجارەت ئورنىنىڭ سودا - تىجارەت قىلىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش ۋە بىر قاتار قانۇنىي

رەسمىيەتلەرنى تولۇق بېجىرىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قاردى:

خېجىڭ ناھىيىسى نەمىنمودۇن يېزىلىق تەرەققىيات شىركىتىنىڭ تىجارەت ئورنى قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس ھەمدە سۇلياۋ يوپۇق تىجارىتى قىلىش دائىرىسىگىمۇ كىرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ نامى ئارقىلىق چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى بىلەن سۇلياۋ يوپۇق توغرىسىدا ئىمزالىغان توختام ئىناۋەتسىز. چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى توختام ئىمزالىغاندا تىجارەت ئورنىنىڭ سالاھىيىتى ۋە تىجارەت دائىرىسىنى تەكشۈرمىگەچكە، توختامنىڭ ئىناۋەتسىز بولۇشىدا مەلۇم جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. كوپېراتىپ قەرز سۈيلەش داۋامىدا تارتقان 47 مىڭ 704 يۈەن زىياننى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تەمىنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەققىيات شىركىتى بىلەن تىجارەت ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن ئىلىم - بېرىم ئىشلىرىنى ئېنىقلىمىغان. شۇڭا يېزىلىق ھۆكۈمەت قەرزنى تۆلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. كارخانا ئىدارىسى تەرەققىيات شىركىتى بىلەن تىجارەت ئورنىنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ئەمەس، شۇنداقلا تەرەققىيات شىركىتى بىلەن تىجارەت ئورنىنىڭ سودا تىجارەت سالاھىيىتىنى بىكار قىلىشنى تەستىقلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنمۇ ئەمەس. شۇڭا قەرز تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق - تەلەپ ئىشلىرى دەۋا قانۇنى»نىڭ 130 - ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ ئىشلىرى قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ 58 - ماددا 1 - تارماق 5 - تۈرى، 61 - ماددا 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بۇ دېلو ئۈستىدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى:

1. چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيىسى نەمىنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمىتىنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۈەندە تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورنى ئىمزالىغان سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى ئىناۋەتسىز.

2. نەمىنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەت چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ 115 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بانكىنىڭ 58 مىڭ 872 يۈەن ئۆسۈمىنى تۆلەپ بېرىدۇ (1987 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان بانكا قەرزىنىڭ ئۆسۈمى بويىچە ھېسابلاندى).

3. كوپېراتىپنىڭ كارخانا ئىدارىسى تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دېگەن تەلىپى رەت قىلىنىدۇ. بۇ دېلودىكى دەۋا قىلىنغىنى 371 مىڭ 589 يۈەن. ئېلىشقا تېگىشلىك دېلونى قاراپ چىقىش ھەققى 8083 يۈەن (كوپېراتىپ 7252 يۈەننى تاپشۇردى، يەنە 831 يۈەن تاپشۇرىدۇ) بولۇپ، بۇنىڭدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت 46.8 پىرسەنتنى، يەنى 3782 يۈەننى، كوپېراتىپ 53.2 پىرسەنتنى، يەنى 4301 يۈەننى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ نەمىنمودۇن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات- سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىغا جەمئىي 177 مىڭ 654 يۈەن تاپشۇرىدۇ. بۇ ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە بىر قېتىمدىلا تۆلەپ تۈگىتىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، قەرز تۆلەشنى كېچىكتۈرگىنى ئۈچۈن ئۆسۈمى ھېسسىلەپ ئېلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا، ھۆكۈمنامە ئەۋەتىلگەن كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە سوت مەھكىمىزگە يۇقىرىغا سۇنىدىغان ئەرزنامىنى ھەمدە قارشى تەرەپتىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئادەم سانى بويىچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ.

سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن جاۋابكار تەرەپ نەمىنمودۇن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى (يېزا باشلىقى كۈي كەي) ۋە خېجىڭ ناھىيىلىك كارخانا ئىدارىسى (كارخانا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى ۋېيشيۇڭ)غا سوتقا قاتنىشىش ھەققىدە چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سوت مەيدانىغا كېلىپ دەۋالىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقاردى. بۇ، 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى ئىش ئىدى.

(داۋامى كېيىنكىساندا)



# كەنىزلىكتىكى چۈش

(ھېكايە)

ۋەلى داۋۇت



زېمىن ۋە ئاسمان بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كويىقاپ كەبى مۇدھىش تۇس ئالغانىدى. قاپقارا تۇتىنگەن بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئېزىتقۇ ئۇچقۇنلاردەك تۇن يۇلتۇزلىرى ئاندا - ساندا چاقناپ قالاتتى.

مەلىكباي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يېزىغا قارىدى. يىراقتىن يېزا ئۇخلاپ ياتقان بىر ھەيۋەت مەخلۇق كەبى قارىيىپ كۆرۈندى. كېچە جىمجىت. ھېچقانداق شەپە يوق. سەھرانىڭ سەزگۈر جانىۋارلىرىمۇ ئۆزلىرى ھېچ كۆرمىگەن زۇلمەت كېچە قاراڭغۇسىدىن ھېيىققان بولسا كېرەك، ئۈن - تىۋىش چىقارمايتتى. ئەمدى يېزا خېلىلا يىراقتا قالغانىدى. مەلىكباي شۇندىلا كۆڭلى ئېزىغا چۈشۈپ يېنىك تىن ئالدى. ئۆزىدەكلا قېرى ھەم ئورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىپ ئۆز يورغىسىغا قويۇۋەتتى. ئۇ، بۇ ئاتنى ئۆتكەن يىلى كۆزدە ئېشەكنىڭ نەرخىگىمۇ توختىمايدىغان ئەرزان باھادا سېتىۋالغانىدى. گەرچە بۇ دېھقانچىلىقنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىغا يارىماس ھالدىكى قېرى ئات بولسىمۇ، ھامان ئات ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئاتلىق بولۇشنەك ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىغا يەتتى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالاتتى، سەۋەبى، مەلىكباينىڭ ئېيتىشىچە يۇرتىدا ئۇلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد يۇرتىنىڭ بەيگە - ئوغلاق ئويۇنلىرىدا ھەممىنى ئۇتۇپ ئۆتىدىغان مەشھۇر چەۋەندازلار ئىكەن.

مەلىكباينىڭ گېلى قۇرۇپ تاماكا چەككۈسى كەلدى. لېكىن قولى تىترەپ ھېچ قولاشمايتتى. خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئەپلەشتۈرەلمەي جۇدۇنى تۇتۇپ قەغەز بىلەن موخۇركىنى پۇرلاپ ئېتىۋەتتى. كېچىنىڭ سەلكىن شامىلى كۆك موخۇركىنىڭ ئاچچىق ئۇۋۇندىلىرىنى دىماغقا ئۇردى.

- ھۇ! تۇزكور مەرەز، ئۆلمەيدىغان ئەبگا قانجۇق!

مەلىكباي بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئۆلەرمەن خوتۇنىنى ئەسكە ئېلىپ لەنەت ئوقۇدى. شۇم ئېغىز خوتۇن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئالللقانداق بىر چۈشىنىكسىز قورقۇنچ سېلىپ قويغانىدى.

- ئېسىڭنى تاپ مەلىكباي، سەن ئۇ ئالەمنىڭ بوسۇغىسىدىكى ئادەم.

مەلىكباي ماڭار چېغىدا كېسەلمەن خوتۇنى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ شۇنداق دېگەنىدى.

- سەن ماڭا كاتىۋاللىق قىلما، جىن ئۇرغان ئاغرىقىڭنىڭ دەردىنى تارتىپ سېسىق تۆشىكىڭدە يېتىشىڭنى بىل. ھېلىقى ئادەملەر مېنىڭ دېرىكىمنى قىلسا، تاپالىغىنىم يوبىچە ئېيت، شەھەرگە ئوتۇن ساتقىلى كىرىپ كەتتى دە.

- ئەمدى بولسىمۇ شۇ مەرەزدىن ئۆزۈڭنى تارت، خۇدانىڭ قەھرى - غەزىپىگە ئۇچرايسەن مەلىكباي!

مەلىكباي ئۆزۈن يىللىق ئاغرىق دەستىدىن جەبىنە كېچىلىك بولۇپ قالغان مومىيىسىنىڭ جاھىلانە نەپرەت

ھەم ۋەھىمە بىلەن تولغان ياشىسز، ئۇرا كۆزلىرىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. قىرىپ تا مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ئۇ خوتۇننىڭ بىر لوقما ئۈگكە سۆز قىلغىنىنى بىلمەيتتى. ۋەزنى ئېغىر بىر خىل قورقۇنچ بىردىنلا مەلىكبايىنىڭ ۋۇجۇدىنى باسقاندەك بولدى. لېكىن ھايال ئۆتمەيلا بوراندەك غەزەپ ـ نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتتى.

ـ ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە! جوھۇت!

مەلىكباي ئاياغ ئاستىدا ئىڭراپ سۆرۈلۈپ يۈرگەن مومىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بىر دۈۋە ئەسكى لاتا ـ پۇتىنى ئاتقاندەك ئۆينىڭ ئاللىقانداق بەدبۇي بىخسىپ تۇرغان قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا ـ كېسەل تۆشكىگە ئېتىۋەتتى. بوسۇغىدىن چىققۇچە مەلىكباينىڭ قۇلىقىغا ئۇزۇلۈك ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدىيۇ، تېزلا جىمىپ قالدى.

ـ خۇدانىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە ئۇچرايسەن مەلىكباي!

خوتۇننىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى.

«تېخىمۇ بەكرەك ئەدىپىڭنى بەرسەم بولاتتى سېنىڭ» دەپ ئويلىدى مەلىكباي.

قېرى ئات قومساڭغۇ جاڭگالدا ئۆز ئىگىسىنى ھېچ ئاۋارە قىلمايلا ئۆگەنگەن يولى بىلەن ئېرىزلىگۈ يۇرۇشىدە كېتىپ باراتتى. كەچ كۈزنىڭ سۆگەكتىن ئۆتىدىغان كېچە سوغۇقىدىن شۇركىنىپ پۇشقۇرۇپ قويااتتى. مەلىكباي ئات ئۈستىدە ياختىلىق چاپىنىغا مەھكەم ئورىلىپ ئۆز ئېتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمدى بېسىقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. يېنىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ ئۈچ بۇرجەك بىرتىۋېلىنغان قەغەزنى نەيچىچىلەپ ئورىدى. ئاچچىق كۆك تاماكىنى كۆرەپ، نىقتاپ سالغاندىن كېيىن، سەرەڭگىنى چېقىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قاندافتۇر خەيرسىز سەزگۈ ـ كەلگۈسى بالا ـ قازادىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك ئېغىشقا باشلىدى. ئۇزۇن يىللىق كېسەل ئازابىدىن ئىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ لىمجان، ھەقىر سىماسى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تاش بولۇپ كەتكەن يۈرىكى بىردىنلا ئېزىلگەندەك بولدى. ئۇ خىيالدىن قېرى خوتۇننىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى. بىر ئۆمۈر جاپا ـ مۇشەققەت، ئاچ ـ زېرىنلىق، خارلىق، يۈرەكرادىلىك ئىچىدە يۈرىكى يانچىلىپ كەتكەن خوتۇنى ئۇجۇن ئەمدىلىكتە ئېرىنچىلىك زەرىمۇ ئۇنىڭغا ئەجەل

ئېلىپ كېلەلەيتتى.

ـ ئاھ، خۇدا! ئەمدى مېنى بۇ پېشكەلچىلىكتىن ساقلا.

مەلىكباي ئەلەملىك ئىڭرىۋەتتى. ئاتنىڭ ئىرگىسىنى تارتىپ ئۇزىدىلا توختاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ـ مۇرادى كۆز ئالدىدا ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغاندا، ئۇزۇن يىل تارتقان رەنج ـ مۇشەققەتلىرىنى بىردىنلا ئارقىغا چۆرۈپ تاشلاپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەتسۇنمۇ؟ كەندىر غوزەكلىرى بولسا ئۇزۇلۇپ تەييار قىلىنغان. بىرنەچچە كۈندىن بېرى راسا شەبنەم يەپ مەي بولۇپ قالدى. گەپ ـ سۆزسىز قىيامەتلىك نەشىدىن تۆت جىڭ يىغىۋالغىلى بولىدۇ. خېرىدار ئۆزى ئەتە يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچى...

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەگەر يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتسىلا كەندىر غوزەكلىرى ئەملىشىپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق غوزەكلەردىن پەقەت سەھرانىڭ قاپاق بەڭگىلىرىلا سىقىملاپ سېلىپ كەيپ قىلىدىغان تېيىنغا يارىماسلىرىنى تاسقىۋالغىلى بولىدۇ. ھېلقى خېرىدار ۋەدە قىلغان ھەقتىن ـ ئۆزىنى سەھرا قىيامىتىدىن قۇتقۇزغۇچى نىجات مەنبەسىدىن قۇرۇق قالسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ يەنە بىر يىلنى ساقلاشقا زادىلا تاقىتى قالمىدى. قۇيرۇقى ئۈزۈلمەس ئۇماچ قەرزلىرىدىن، رەھىمسىز يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ تىل ـ دەشنامىلىرىدىن، ھاشار ۋە يەنە نەچچە مىڭ خىل سېلىق ـ جەرىمانىلەردىن تۇمشۇقىغىچە جاق تويۇپ كەتتى. ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى...

ـ ياق! ـ مەلىكباي ئەسلىدىكى رەھىمسىز مەلىكبايغا ئايلاندى، ـ ياق! ـ ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئادەمزاتسىز جاڭگالنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئەكس سادادەك ئاڭلاندى. چېقىر، ئۇرا كۆزلىرىدە ئاچكۆزلۈكنىڭ بالاخور سېرىق نۇرى چاقنىدى، ـ ئۆزۈڭگە قىلدىڭ ئەقلى كوتتو خوتۇن.

مەلىكباي تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ مۆگدەپ قالغان قېرى ئېتىنىڭ ئىقىمىغا پۇتلىرى بىلەن نىقتاپ يورۇپ كەتتى. شەيتان ۋەسۋەسىسىدە قالغان كۆڭلىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ جايلىرىدىكى زەررىچە رەھىمدىللىكمۇ بىردىنلا نەپرەتكە ئايلاندى.

مەلىكباي تەكلىماكان بويلىرىدىكى ياۋاش ـ يۇمشاق، قوي خۇيلۇق دېھقانلارنىڭ تەتۇرىسىچە يارالغان شۇكرى ـ قانائەتسىز، سەپرا مىجەز ئادەم ئىدى. مەلىكباي

قېرىپ بېشى يەتمىشكە يېقىنلاشقاندا كۆڭلىدە غەلىتە بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد جىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتقان قەدىم جايىنى، قىرىق يىلدىن ئارتۇق قان ـ تەرى سىڭگەن ئېتىز ـ ئېرىق، يەر ـ سۇلىرىنى، ھەتتاكى بىر قۇر كىيىمدىن باشقا سەھرانىڭ ئاشۇ قىيامەت مۇشەققىتىنى ئەسلەتكۈچى ھەممە، ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ شەھەرگە كەتمەكچى بولدى. ئۇ شەھەرنىڭ بىر چەت ـ بۇرجىكىگە ناۋايخانا سېلىپ خوتۇنى بىلەن بىللە ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى ئۆز ئەركىنى ئۆز قولىغا ئالغان ھالدا ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خېلىلا نۇرغۇن پۇل كېرەك بولاتتى. مەلىكباي تۆكى چۈشۈپ ياغلىشىپ كەتكەن تۇمىقىنى تىزىغا ئېلىپ قويۇپ، كۆڭلىدە خىراجەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىقتى ۋە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۆتۈرە بېرىلگەن بىرنەچچە مو قۇمساڭغۇ، ئۇنۇمسىز يەرنىڭ ھوسۇلى يىل بويى قولدەك ئىشلىگەندىمۇ قەرزدىن ئېشىنالمايتتى.

لېكىن، بۇ خىيال ئۇنى كېچەيۇ ـ كۈندۈز قۇرتتەك غاجىلاپ ئارامىدا قويمايتتى. ئاخىر، مەلىكباي بۇنىڭ چارىسىنى تاپتى. بىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خىراجەتكە ۋەدە قىلدى. ھەتتا شەھەرنىڭ چېتىدىن ـ يېزىنىڭ ساقچى، ئەمەلدارلىرىمۇ ئىزدەپ تاپالمايدىغان خالىي جايدىن ناۋايخانا تېپىپ بەرمەكچى بولدى. بۇنچە سېخىيلىكنىڭ ھەق ـ بەدىلىگە مەلىكباي تازا ۋايىغا يېتىپ پىشقان مەي نەشىدىن تەييارلاپ بېرىشكە پۈتۈشتى. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھازىر شەھەرلەردە بۇنداق نەرسە تازا پۇلغا يارايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. سەۋەبى، خىروئىن دېگەن نەرسە پەيدا بولۇپ شەھەر ياشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ كەينىنى سۈرىدىغان بولۇۋاپتۇ. نەرخى زەھەردىنمۇ قىممەت تۇرىدىكەن. سۇبھانىللا! بۇ شۇنداق نەرسە ئىكەنكى، باشقىنى قويۇپ ئەرلىكنىڭ بىلەن خوتۇنىڭنى ماڭا بەر دېسىمۇ بەرگۈدەك بولۇپ كېتەرمىش، دوست ـ دۈشمەننى، قەستنى ئاڭقىرالماسمىش. كەيپ كونىرىغانچە بەڭگىلەر ئوتتا كۆيدۈرۈپ چېكىپمۇ، كۆك تومۇرىغا ئوكۇل قىلىپ سېلىپمۇ خۇمارىنى باسالمايدىكەن. دەل مانا شۇنداقلىرى ئۈستىگە بىرنەچچە بېسىم نەشە چېكىۋەتسە خۇمارى بېسىلىپ، كەيپى ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن.

مەلىكباي ھەيران قالدى. گەرچە ئۆزى بىر ئۆمۈر دېگۈدەك كەيپ قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئادەمنى شۇ

سىياقتا نامەردلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئاڭلىمىغانىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئامىتى كەلدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ ئىپى ـ جىپىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. بىر يىلدىن كېيىن كۆز ئاخشىمى خېرىدارنىڭ تاپشۇرغىنى بويىچە ھەممىنى تەقلەپ، ئۆيىدە كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، ئىشىكى ئىلگۈچىدىن قومۇرۇلۇپ جالداقلاپ ئېچىلدى. يېزىنىڭ قېرى، ئاۋاق ساقچىسى ۋە ناتونۇش ئىككى ساقچى بىلەن بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

ـ نەشىنى چىقار!...

مەلىكباينىڭ خوتۇنى كېسەل تۆشىكىدىن چاچراپ تۇرۇپ قاراڭغۇ بۇلۇڭغا ئۆزىنى ئاتتى. قورقۇنچتىن ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك تولغىنىپ ئەسەبىيلەرچە جالاقلاپ تىترىدى. مەلىكباي شۇ دەقىقە ئىچىدىلا بېشىغا كەلگۈسى ھەممە بالايى ـ قازانى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى. ئاۋاق ساقچى ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. ئېھتىمال ئۇ مەلىكباينىڭ پېيىغا چۈشۈپ يۈرەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەلىكبايلا ئەمەس، كەمپىرىمۇ بىلەتتى. ياۋاشلىق بىلەن ھەممە قىلمىشنى تاپشۇرامدۇ ياكى تاپشۇرمامدۇ؟ بەربىر مەلىكباي ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئاۋاق ساقچى چاققانلىق بىلەن ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇپ چىقتى. مەلىكباي گاراڭ، خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە قېرى ساقچىنىڭ ئەسەبىيلىشىپ تىللىغىنىنى ئاڭلىدى.

ـ مالنى نەگە يوشۇردۇڭ، چاپسان ئېيت!؟

مەلىكباي زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ ھەرقانچە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنسىمۇ قېرى ساقچىغا بويۇن ئەگمەسلىك نىيىتىگە كەلگەنىدى.

قېرى ساقچىنىڭ ئەپتى بىر قارىماققا ئادەم تەپ تارتقۇدەك، بىر قارىسا قورققۇدەك ئاللىقانداق بىر سۈر بېغىپ تۇراتتى. ئۇ زەردى بىلەن دېدى:

ـ يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە يوشۇرغان بولساڭمۇ، مېنىڭ ئامالىم بار.

ئۇنىڭ قانداق ئامال ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلىدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى: مەلىكباينىڭ كېسەلمەن خوتۇنى «جىنايىتىنى بالدۇرراق تاپشۇرسا يېنىك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ قويدى. مەلىكباي ئەجرىنىڭ بىكار كەتكىنىگە چىدىماي يىغلاپ كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆيدە ماجىرا

قۇرىمايدىغان بولدى.

قېرى ئات كېلەڭسىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆزىنىڭ ئېزىلەڭگۈ يۇرۇشىدە بارغانچە ئاستىلاپ ماڭماقتا ئىدى. كەڭرى جاڭگالنىڭ كۆكۈچ كۆلرەڭ قاراڭغۇسىدا بويىنى تېخىمۇ ئۇزىراپ كۆرۈنەتتى. مەلىكباي ئات ئۈستىدە دەردلىك، ئېغىر ئۇھسىندى.

شۇ چاغدا مەلىكباي ئۈچ ئاي ھەپسىكە ئېلىنغانىدى. ساقچىلار ئۇنى ھەرقانچە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپمۇ شۇنچىۋالا كەندىرنىڭ تېرىلغان ئورنىنى ئىقرار قىلدۇرالمىدى. ھېلىقى قاتتىق قول قېرى ساقچىمۇ ئامالسىز قالدى. مەلىكباي ئۆزىنىڭ كەندىر ئۆستۈرگەن مەخپىي ئورنى توغرىسىدا خوتۇنىغىمۇ تىنمىغانىدى. ئاخىر، ساقچىلار ئۇنىڭ بىردىنبىر ئائىلە مۈلكى بولغان كالىسىنى جەرىمانە ئورنىدا تۇتۇپ كېتىپ بولدى



قىلدى.

مەلىكباي ھەپسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە ھەرقانچە باھانە ـ تەسەللى ئىزدەپمۇ كېسەلمەن خوتۇنىغا بولغان نەپرىتىنى باسالمىدى. ئەينى چاغدا نەشىنى ئۆي ئېچىگە يوشۇرۇپ قويغىنىغا مىڭ پۇشايمان يېدى. مانا ئەمدى يىل بويى ئەجىر قىلىپ قولنى سۇنسىلا يېتەي دەپ قالغان تۇرغۇن پۇلدىن، ھەتتاكى دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر روزىغارى بولغان كالىسىدىنمۇ ئايرىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ قارغىش تەگكۈر ئۆلەرمەن خوتۇنى سەۋەبچى ئىدى. شۇ چاغدا قېرى ساقچىنىڭ قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن بولسا، قىرىق يىللىق قەدىناسىغا خىيانەت قىلمىغان بولسا سەھرانىڭ قىيامەت تارتقۇلۇقلىرىدىن خالاس بولۇپ، بۇ ئالەمگە تۆرىلىپ قالغىنىغا يارىشا راھەت كۆرمەر ئىدى.

مەلىكباي پەرزەنتسىز ئادەم ئىدى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى خوتۇنى تۇنجى بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەندە، بىر قېتىملىق دامبا قۇرۇلۇشىدا ئېغىر تاش كۆتۈرۈپ سالغاللىقتىن بويىدىن ئاجراپ كەتتى. خوتۇنى تاش دۈۋىسى ئۈستىدە قالغىچە جىلىشىپ شۇ ياتقانچە قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى. مەلىكباي داخانىغا ئوقۇتۇپمۇ، تېۋىپلارغا كۆرسىتىپمۇ پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن قېرىپ كەتتى. بەلكى، خۇدا مەلىكبايغا پەرزەنت ئىنئام قىلغان بولسا بۇ كەمگە نەۋرىلىكمۇ بولار ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ يىلتىزى ئۆلمەي بىر جەمەت بولۇپ ئۆيۈشۈپ، كۆڭلىرى غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ ئۆزىنى بەختلىك سانىيالىشى مۇمكىن. قېرى جېنىدا ئوغۇللىرىنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ، ئالۋاڭ ـ سېلىقلاردىن، مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسىدىن خالىي بولۇپ، ئۆمرىنى پاك ئۆتكۈزەر ئىدىمىكىن...

مەلىكباينىڭ بوغۇزىغا ئاچچىق يىغا ئولىشىپ، كۆزلىرى ئېچىشتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە كېچەيۇ ـ كۈندۈز تىنىم تاپماستىن ئىشلىدى. ئۆزگىلەرنىڭ ھەققىگە قارا سانىپمۇ، توغرا يول بىلەنمۇ مال ـ دۇنيا توپلاشقا تىرىشتى. لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. مەلىكباينىڭ دۇنيا غېمى بېشىغا كېيىلگەندىن باشلاپ تارتقان ھەممە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىپ، باشتا ئېسەدەپ ئاندىن ئاستا ـ ئاستا بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

لېكىن، ھايال ئۆتمەيلا مەلىكباي يىغىسىنى تېزلا يىغىشتۇرۇۋالدى.

شەرق تەرەپتىن تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى.

مەلىكباي ئېتىنى دىۋىتتى. كەندىرلىككە تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى يېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىز خىياللار چۇلغاشقا باشلىدى. ئۆتكەندە مەلىكباي كەندىرلىككە بارغاندا شورلۇق، يۇمشاق توپا ئۈستىدە غەلىتە ئىزلارنى بايقىغانىدى. ئىز ناھايىتى سۇس ھەم قالايمىقان بولۇپ، ھەرقانچە سەپسېلىپمۇ ئادەم ياكى ياۋايى ھايۋاننىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى بايقىۋالغىلى بولمايتتى. بىر تۇرۇپ بۇ ئىزلار يامان نىيەتلىك ئادەملەر كېتەر چېغىدا مەقسەتلىك بۇزۇۋېتىلگەن ئىزدەكمۇ تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئىزلار ئۇنى پايلاپ يۈرگەن بىرەر بەڭگىنىڭ ياكى تىنەپ ـ تەمتىرەپ كېلىپ قالغان ئوۋچىنىڭ ئىزى بولغان بولسا شۈبھىسىزكى، كەندىرلىكنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، غوزەكلىرىنى پۇتاپ كەتكەن بولاتتى. ئەجەبا... مەلىكباينى بۇزرىدە قارا تەر باستى.

ئەگەر، بۇ ئىزلار ھېلىقى قىرى ساقچىنىڭ بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇ گەشكىنى شۇ!... يا پەرۋەردىگارا! مەلىكباي ھەرقانچە شۇم پىشانە، قىرى ساقچى ھەرقانچە يامان بولغاندىمۇ بىرىدىن بىرىم كۆڭلۈك يول بىسراقلىقتىكى، قاراڭغۇ توغراقلىق ئىچىدىكى يۈز يىل ۋە پاكى مىڭ يىللاردىن بېرى ئادىمىزات ئايىغى تەگمىگەن پىنھان جايىنى ئىپىپ بارالامىس!؟

مەلىكباي يۈرۈشنى بارغانچە سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان قىرى ئىتىنى جىدەللىپ ھەيدىشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇلار تەكلىماكان بويىدىكى توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

كونىلار قالدۇرۇپ ئۆتكەن، كېيىنكىلەرنىڭ ناخۇش، نىمجان خاتىرىسىدە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان قوينىدا يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلار بولغانىكەن. گەرچە ئۇ يەرلەردە ئاللىبۇرۇنلا ئادەملەر ياشىماس بولغان بولسىمۇ، ھەددى - ھېسابسىز جانىۋ - جانىۋارلار، ئۇچار قاناتلار بۇ ماكانىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىكەن. كېيىن قانداق ئالامەتلەر يۈز بەردى، بىردىنلا ئادەملەرگە سۇ يېتىشمەس بولۇپ قالدى. قەدىمدىن ئەنە شۇ بوستانلىقلارنى سۇغۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەزىم دەريا - ئېقىنلار بوغۇۋېتىلدى. بوستانلىقلار قۇملۇقتىكى ئالۋۇندەك غايىب بولۇپ كەتتى. لېكىن تەكلىماكانىنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بۇ توغراقلىق ئېپتىدائىيلىقىغا قايتىۋاتقان ئاچكۆز ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرگۈچى غالجىرانە بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىپ، تەبىئەتنىڭ كۆز يېشى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ قەيسىرانە ياشاپ كەلدى.

قەدىمى توغراقلىقنىڭ بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان قۇيرۇق قىسمىدا يۈزۈنىسىغا سوزۇلغان ياداڭلىق بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى يىگىرمە غۇلاچچە كېلەتتى. ياداڭلىقنىڭ ئىككى ئۇچى خۇددى قىلىچ بىلەن كەسكەندەك بارغانچە تارىيىپ باراقسان توغراقلىق ئىچىدە يوقاپ كېتەتتى. ياداڭلىق قۇرۇپ كەتكەن ئېقىن - دەريا قىنىدەك ياكى قانداقتۇر بىر چوڭقۇر لەخمىنىڭ خارابىسىدەك سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يەر يار لېۋىدىكى ئىرماش - چىرماش يۈز يىللىق توغراقلىق بىلەن شۇنداق ياخشى نىقابلانغانىدىكى، تېزرەك ماڭغان يولۇچى بايقىمىسا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي ياداڭلىققا ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى.

تىنىم تاپماس مەلىكباي بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ھاشارنى سىلىككەن قىش كۈنلىرىدە ئۆلكە ۋە ياۋا توشقانلارغا قاپقان قۇرۇپ يۈرۈپ بۇ ياداڭلىقنى بايقاپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ياداڭلىق ئىچىگە چۈشۈپ ئادەم بويى ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان ياداڭلىقنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتى. ئادەمزاتتىن يىراق بۇ كىچىككىنە پىنھان زېمىن ئۆمۈر بويى ئادەملەرگە گۇمان ھەم دۈشمەنلىك بىلەن قاراشقا ئۆگەنگەن مەلىكباينى خۇش قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ياداڭلىقنى ئۆزىنىڭ خۇپىيانە مەقسەتلىرى ئۈچۈن كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈپ قويغانىدى.

مەلىكباي قىرى ئىتنى يېتىلەپ ياداڭلىق بويىغا يېتىپ كەلگەندە، پۈتكۈل توغراقلىق كائىناتىنىڭ قۇياشنى ئاپىرىدە قىلغۇچى مۇقەددەس ئالتۇن نۇرىغا پۈركەنگەنىدى. ياداڭلىق ئىچىدىكى باغ ئورنىچىلىك يەرگە تېرىلغان كەندىرلىك گۈلگا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. مەلىكباي ئالدىراپ كەتمىدى. ئالدى بىلەن ياداڭلىق لېۋىدىكى قىرى دوڭغاق توغراقنىڭ بولۇق شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، كەندىرلىكنى خېلى ئۇزۇنغىچە سەۋرچانلىق بىلەن كۆزەتتى. كەندىرلىكنىڭ سۇرلۇك قارىيىپ تۇرغان قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا چالما ئېتىپ، بىرەر شەپە چىقىشىنى كۈتتى. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدىلىك بولسىمۇ، داد دىگۈچە كۆرگۈلىكنى كۆرگەن تەتۈر پىشانە مەلىكباي ئۈچۈن ھېچبىر ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا مەلىكباينىڭ كۆڭلى تىندى. قىرى ئىتنى ياداڭلىق بويىدىكى توغراققا باغلاپ قويۇپ، يېرىك سامان قاچىلانغان تورۋىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. ئاندىن چاقانغىنا ئالا خورجۇننى مۈرىسىگە تاشلاپ ياداڭلىقنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن جايى بىلەن پەسكە چۈشتى. بىردىنلا مەلىكباينىڭ بۇرنىغا كەندىرنىڭ سىلىق، خۇشبۇي ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك، قورقۇنچ تۇيغۇسى تۈگەپ كەتكەندەك بولدى. مەلىكباي كەندىرلىكنىڭ شورلۇق، يۇمشاق تۇپىسىنى دەسسەپ كەندىر غوزەكلىرى پىشقان جايغا كەلدى. كەلدىيۇ، چۆچۈپ كەتتى!

كەندىر غوزەكلىرى ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا دەسسەپ، چەيلەنگەنىدى. مەلىكباي يەرگە ئېگىشىپ ئىزلارغا سەپسالدى. خۇددى بۇرۇنقىدەكلا قانداقتۇر ياۋايى ھايۋاننىڭ ئىزى غوزەكلەرنى يېشقانىدىن كېيىن، كەندىرلىكنىڭ ئىچى بىلەن ياداڭلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ سوزۇلۇپ ئىز قالدۇرۇپ، بىردىنلا يوقاپ كەتكەنىدى.

مەلىكىباي تۇغراقلىقتا تۈلكە ئۇۋلىغانلىرىنى ئېسىگە ئالدى. شۇندىلا يېنىك تىنىپ چىرايىغا قان يۈگۈردى.

— ئۇھ، ئېسىم قۇرۇسۇن، قاپقان قۇرۇپ قويغان بولسامچۇ... ۋاي، ساڭا... قېرى ئەخمەق!

مەلىكىباينىڭ كۆزىگە ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇرغان تۈلكە تېرىسى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئىچى ئېچىشىپ كەتتى.

— ۋاي كاساپەت!

مەلىكىباي كەندىر غوزىكىنى سىقىملاپ ئالدى. شەبنەمدىن غوزەك بوشاپ ئېغىرلاپ قالغاندەك ئىدى. چاڭغا تويۇنغان ئۇششاق چېچەكلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ ئالقىنىدا سەللا يىمىرىۋىدى، نەشە شىرنىسى بارمىقىغا يېلىمدەك چاپلاشتى. چاڭقىغان ئۆتكۈر پۇراقتىن مەلىكىباينىڭ گېلى قىچىشىپ، خۇمارى تۇتۇپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ھەممە ئىشنى بىردەملىككە بىر ياققا قايرىپ قويۇپ راسا بىر ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ كەيىپ قىلغۇسى كەلدى. لېكىن مەلىكىباي ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئاش پىشىم ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئالدى بىلەن ئىشلىرىنى تۈگىتىۋالسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغىمۇ ھەم قېنىپ ئۈلگۈرىدۇ.

مەلىكىباي خورجۇنىدىن چاققانغىنا غەلۋىر، پىچاق ۋە باشقا سايمانلىرىنى ئېلىپ بىر پارچە ئاق لاتىنى يەرگە يايدى ـ دە، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

مەلىكىباي ئىشنى تۈگەتكەندە، كۈن غەربكە قېيىشىپ قاش قارايغانىدى. ئۇنىڭ تون كېچىلەردە بىر پاتمان خەۋپنى يۇدۇپ ئەجىر قىلغىنىغا يارىشا كەندىر ئوخشىغان بولۇپ، ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇقراق ھوسۇلغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن تويماس نەپسى تېخىمۇ زورايغان مەلىكىباينىڭ كۆز ئالدىدا ناۋايخانا بىلەن ياندىشىپ سېلىنغان ئەپچىلگىنە باغلىق قورۇ ـ جاي گەۋدىلەندى. خۇدا ساق ـ سالامەت قىلسىلا، ئۇمۇ بولىدۇ. ئەمدى مەلىكىباي كەندىر ئۆستۈرۈشكە شۇنچە باپ كېلىدىغان بۇنداق پىنھان، ئېسىل جاينى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ. مىڭ قەتلى شۈكرىكى، ئەمدى مەلىكىباينىڭمۇ راھەت كۆرىدىغان كۈنلىرى كەلدى! شۇ تاپتا مەلىكىباي نەشە قاچىلانغان خورجۇننى ئېلىپ قانات ياساپ ئۇچقۇسى كەلدى. لېكىن ھازىر ۋاقىت بالدۇرلۇق قىلاتتى. ھېچبولمىغاندا دىگەر ۋاقىت بىلەن يولغا چىقىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئەل ياتقۇدىن ئۆتكەندە ـ كىشىلەر ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغاندا يېزىغا يېتىپ بېرىپ، ئىنسى ـ جىنسىغا تۇيدۇرماي ئۆيىگە كىرىۋالالايدۇ.

مەلىكىباي شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنىڭ ئۆز مەيلىگە قالغىنىغا كۆڭلىدە خۇش بولدى. بايا ئۇ ئىش بىلەن بەنت بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. ئەمدى بىردىنلا نەپسى تاقىلداپ نەشە خۇمارى تۇتتى. ئۇ كەندىر ياتاسلىرى ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ خورجۇنىدىكى نەشىدىن گۈلە چوڭلۇقىدا ئۈزۈپ ئالدى. ئالقانلىرىدا خېلى بىر ھازا يىمىرگەندىن كېيىن چاشقان مايىقى چوڭلۇقىدا ئۇششاقلاپ، كۆك موخوركا بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇردى. ئاندىن باشمالتاق چوڭلۇقىدا نەيچىلەپ ئورالغان تاماكا قەغىزىگە ھەممىنى بىراقلا نىقتاپ ـ بېسىپ سالدى. مەلىكىباي بىردىنلا ئۆيدىن چىققاندىن بېرى بىر بۇردىمۇ



ناشتىلىق قىلمىغىنىنى ئېسىگە ئالدى. خاپىچىلىقتا بىگودەك بىرنەرسە ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئاچ قورساق كەيىپ قىلغاندا، نەشە ئادەمنى ئەپ قوياتتى. مەلىكىباي بىردەملىككە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىيۇ، نەشىنىڭ شېرىن كەيپ تەقەززاسى غالىب كەلدى. مەلىكىباي ئۆگەنگەن قوللىرى بىلەن تەكشى ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچە رەت قۇرۇق تارتىپ تاماكىسىنى راسا چوغلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاچكۆزلۈك بىلەن شوراپ ئىچىگە سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

باشتا كەيپى بوش، نېرۋىلىرىغا ئانچە تەسىر ئۆتمىگەندەك قىلدى. مەلىكىباي خورجۇننى تارتىپ يەرگە يانپاشلىشى بىلەنلا ھېچبىر ساختىلىق قوشۇلمىغان ساپ نەشە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. گاھ يەر ئويۇلۇپ چوڭقۇر زۇلمەت ئىچىگە غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك، گاھ بەدەنلىرى پەيدەك يېنىكلەپ ھاۋادا لەيلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئاندىن كەندىرلىك، يارداڭلىق ۋە توغراقلار

كۆز ئالدىدا چۆرگىلەشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا ئەۋجىگە چىقىپ، پۈتكۈل زېمىن غايەت زور موكىدەك بىرنەرسىگە يۆگىشىپ تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك دەھشەت بىلەن سوزۇلۇپ پىرقىرىدى. مەلىكباينىڭ ئىچ - باغرى ھارىرلا يېنىپ چىقىدىغاندەك كۆڭلى ئاينىپ كەتتى. ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇۋالماقچى بولدىيۇ، لېكىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. بىردىنلا مەلىكباينى ئەجەل ۋەھىمىسى باستى. ئاشقازىنىدا يىگۈدەك بىرنەرسە ئېلىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى. پۈتكۈل ئەزايىنى قارا تەر بېسىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. مەلىكباي مىڭ تەسلىكتە يېنىغا ئۆرۈلۈپ، ھوشىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بارماقلىرىنى ئاغزىغا تىقىپ جېنىنىڭ بارىچە چىشلىدى.

زېمىن يەنىلا چۆرگىلىمەكتە ئىدى.

مەلىكباي ئاستا - ئاستا ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىغىدا ئۇيقۇغا كەتتى.

... ناھايىتى، ناھايىتىمۇ ئۇزاقتىن كېيىن مەلىكباي قايتا تىرىلگەن ئاجىز، مەستخۇش سەزگۈلىرى ئارقىلىق كەندىر شاخلىرىنىڭ سۇس شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. مەلىكباي ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل كۈچىنى يىغىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۆرە بولۇۋالدى. ئالدىدىكى كەندىرلىك ئارىسىدىن لىپلا قىلىپ بىرنەرسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى. مەلىكباي ئېسىنى يىغىپ نېمە ئىشلىغىنىنى ئويلاپ بولغۇچە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىدا ھەيۋەتلىك، كۆك يايلىق ئىككى بۆرە پەيدا بولدى. دەھشەتتىن مەلىكباينىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بۆرىلەر ئۇنى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ، قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. مەلىكباي خورجۇندىكى پىچاقنى ئالماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى.

– گۇناھىم جىق! يائاللا! رەھىم قىل.

ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت شۇ گەپنىلا دېيەلىدى.

* * *

مەلىكباينىڭ قۇلىقىغا بىراۋلارنىڭ گۇدۇڭلىشىپ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن مەلىكباي ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ كۆزىنى ئاچالمىدى. گوياكى ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسى ئۆز تېنىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۆزىنى ئاجايىپ يەڭگىل، شۇنداقلا جانسىز سېزەتتى. مەلىكباي پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ يۇقىرىغا - ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قۇلاق سالدى. ئۇ باش ئۈستىدە گۇدۇڭلىشىپ سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ گەپ ئۇرامىدىن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى، كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالماقچى بولدى. ئەجەبلىنەرلىكى، مەلىكباي ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق ھەم قانداق تىلدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرىۋالالمىدى.

ھېلىقى ئاۋازلار تېخىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. بىراۋلار قانداقتۇر قاتتىق بىرنەرسە بىلەن مەلىكباينى نوقۇدى.

– بېشىڭنى كۆتەر، مەلىكباي!

قۇلاق تۈۋىدە گۈمبۈرلەپ ياڭرىغان سادا مەلىكباينىڭ مەستخۇش ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، غايىب كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن ئۆرە بولدى. مەلىكباينىڭ كۆز ئالدىدا - ئۆزىدىن بىرنەچچە چامدام نېرىدا يېشىل رەڭلىك رەختلەردىن باشتىن - ئاياغ يېپيېڭى چەكمەن كىيىملەرنى كىيگەن، پېشانە - مەڭزىلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ قەددى - قامەتلىك ناتونۇش ئىككى ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوڭ قوللىرىدا زەيتۇن ياغىچىدىن قىلىنغان زاكون تايىقىدەك بىرنەرسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. مەلىكباي ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىدى. ھەممىياق قويۇق، قارامتۇل تۇمان بىلەن چۆمكەلگەن بولۇپ، ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ناھايىتى يىراق چەكسىزلىكتە بوغۇم - بوغۇم بولۇپ تەكشى يېيىلغان تۇمانلار ئارىسىدىن نە بىرەر تال ئوت - گىياھ، نە بىرەر توپ دەل - دەرەخنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەلىكباي بىردىنلا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىگە ئەمەس، قانداقتۇر بىر بوشلۇقتا دەسسەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئەزايىنى غۇژژىدە سوغۇق تەر باستى. ھېلىقى ناتونۇش ئىككى كىشى مەلىكباينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ئۈن - تىنسىز ئۆرە تۇرۇشاتتى. مەلىكباي قوۋۇ كۆزلىرى بىلەن ئوغرىلىقچە شۇنچە سەپسېلىپمۇ ئۇلارنىڭ سىياقىدىن يەر يۈزىدىكى ئادەم زاتىنىڭ ھېچبىر نىشانىنى بايقىيالمىدى. شۇ زامات مەلىكباينىڭ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك دەھشەتلىك بىر پىكىر يالت قىلىپ ياندى!

«مەن ئۆلۈپتىمەن - دە!»

مەلىكباي شۇ ھامان ھاياتلىقىدا سادىر قىلغان ھەممە گۇناھى - كەبىرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېسىگە ئېلىپ، ئۇز خىيالىدا دەڭسەپ كۆردى. ئەپسۇھاناس! ئۇنىڭ بىرگىنىشلىك ئۆمرىدىكى گۇناھلىق قىلمىشلىرى شۇنچە، شۇنچىۋالا كۆپ ئىدىكى، ئاخىرىغا بېرىپ سەلدەك بېسىپ كەلگەن قورقۇنچ - ۋەھىمىدىن يۈت - قوللىرىدا جان قالماي ئورنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ

مەلىكباي ھايات چېغىدا موللىلاردىن ئاڭلىغان بويىچە دەررۇ ئايەت ئوقۇپ گۇناھىنى يېنىكلىتىشنى تىلىدى.

مەلىكباي پەرىشتىلەرگە يۈزلىنىپ، سەجدىگە باش قويدى. شۇ زامات قىلىچتەك ئۆتكۈر ھەم پارقىراق سادادىن مەلىكباي ئۇيقۇدىن ئۇچۇپ چۈشتى.

— سەجدە قىلما! بېشىڭنى كۆتۈر! شەيتاننىڭ قۇللۇق زەنجىرى بىلەن لەنەتلەنگۈچى.

پەرىشتىلەرنىڭ پاكىز، نۇرلۇق سىماسى يىرگىنچ ھەم غەزەپتىن قارامتۇل تۇسكە كىردى. ئۇلار زەيتۇن ياغىچىدىن قىلىنغان زاكون تايىقىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى:

— ئاللانىڭ ھۆكۈمىگە قۇلاق سال. ئاسىي بەندە، ئەمدى ساڭا ھەم ئاشۇ بۆرە بېشى سۈرىتىدىكى زېمىندا ياشىغۇچى قەۋمىڭگە ئىمان - ئىستىغپار ئېيتىش بىھاجەت بولدى. سىلەر قايتا تىرىلمەكتىن، جەننەت ھەم دوزاخنىڭ پاراغىتى ۋە ئازابىدىن ئەبەدىيلىك مەھرۇم بولدۇڭلار. سىلەر ياراتقۇچىڭلارنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۈلگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئىككى ئالەمدىن ئەبەدىي يوق بولىسىلەر - سىلەرگە ئەڭ كۆپ شەپقەت قىلغۇچىنىڭ مالائىكە - پەرىشتىلەرنىڭ، زېمىن يۈزىدىكى بەندىچىلىك بۇرچى، ۋىجدان غۇرۇرى بىلەن ياشاۋاتقان باشقا خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە، خاتىرىسىدە ئەزەلدىن يارىتىلمىغاندەك، ياشاپ باقمىغاندەك يوق بولىسىلەر.

مەلىكباينى ھېچقاچان، ھېچيەردە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل غەلىتە قورقۇنچ چىرمىۋالدى. ئۇ ھاياتلىقىدا ئاللا ئىنسانلارغا بەخش قىلغان تۇرمۇشنىڭ ھەممە زۇلۇم - ستەملىرىنى، ئاچ - زېرىنلىق، ۋابا ھەم ئۆلۈمنىڭ تەھدىت - ئازابلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەبەدىيلىك يوق بولۇشنىڭ بۇنچە ئاچچىق تەمىنى تېتىپ باقمىغانىدى. مەلىكباي پانىي ئالەمدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدا يۈز يىل ھەتتا مىڭ يىللاپ كۆيسىمۇ، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان ئىككىنچى ھاياتلىقىنى - ياشاشنى، پەقەت داۋاملىق ياشاشنىلا ئىزدەيتتى.

مەلىكباي تۇگىشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ يوق بولۇش ئالدىدىكى دۇنياسىدا جىنجىراقنىڭ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان زەررىدەك ئۈمىد - ئارزۇسىمۇ ئۆچتى. ئەمدى تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشنىڭ، مەغپىرەت تىلەشنىڭ ھېچ ئورنى قالمىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ھەممە گۇناھلىق قىلمىش - ئەتمىشلىرى كۆز ئالدىدا

بىرمۇبىر ئايان بولۇپ تۇراتتى. خۇدا مەلىكباينى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيتتى. بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يەتتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا خۇدا ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاشلا غەرەز قىلسا بولامدۇ؟ مەلىكباينىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرى ئىچىدە كېچە-يۇ - كۈندۈز ئىخلاسمەنلىك بىلەن خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغانلار، روزا - رامزانىنى، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايدىغانلار، ئۆزىگە ئىشەنمىسىمۇ ھالاللىق بىلەن ئۆشرە - زاكات بېرىدىغانلار كۆپقۇ؟!

مەلىكباي ھايات چېغىدىكى ھەربىر ھۆجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن ھەممىگە نارازىلىق قىلىدىغان، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان خۇي - پەيلىگە يېنىپ، شەيتىنى يەنە قوتراشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ تۇغرىسىدا ھەقىقەتەن لىللا ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇنىڭغا مەلىكباي ئەلۋەتتە تەن ئالىدۇ. مەلىكباينىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن، ھەتتاكى خۇدانىڭ بۇ ھۆكۈمىگە ئانچە قايىل بولمايدىغان يەرلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوراپ بىلىۋېلىش كېرەك. ھامىنى بىر ئۆلۈم - بىر جازا، بۇنىڭلىق بىلەن خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان ھالەتتىمۇ، خۇدانىڭ بەندىسىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق جازاسى بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، كۆڭلى - قارنىدىكىنى تەلتۆكۈس بوشىتىپ تۆكۈۋېلىش كېرەك.

مەلىكباي ھەرگىزمۇ تۇغۇلۇش بىلەنلا ھازىرقىدەك ياشتىن - ئايىغىچە گۇناھقا پاتقان بەندە ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ ئالدىدىكى ئاشۇ پەرىشتىلەردەك ھەممە رەزىللىكلەردىن خالىي پاك بەندە ئىدى. ۋاھالەنكى، ئەمدىلىكتە ئۇ قانداقلارچە كەچۈرگۈسىز گۇناھلار بىلەن بۇلغانغان ئىبلىس ئىنسان بولۇپ قالدى؟ تۇرمۇش ئۇنى مەجبۇر قىلمىدىمۇ؟ ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا نامراتلىق، رەزىللىق، زۇلمەت قاپلىغان مۇھىتقا كۆز ئاچتى. شۇ مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى. بىرئاز ئەقلىنى تاپقاندا - ياش قەلبى پۈتۈنلەي بۇلغىنىپ كەتمىگەندە، بىراۋلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا قويۇۋەتكەن شىبىرىن چۈشتەك ھەقىقەتنى ئىزدەپمۇ باقتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىنى كۆتەلەشتۈرىدىغان ئېزىتقۇ سەراب، ئالدامچىلىق بولۇپ چىقتى. مەلىكباي تۇغۇلماستىنلا بار بولغان، تۇغۇلۇپلا ئىسكەنجىسىگە

جۇشۇپ قالغان رەزىللىكلەرنىڭ زەھەرلىك ئۇرۇقىنى كىملەر تېرىدى؟ كىملەر سەۋەبچى بولدى؟ بەنە نېمە سەۋەبتىن كەتمەن سىپىغا بويى يەتكۈدەك بولغان چېغىدىن تا گۆرىگىچە قان - تەر تۆكۈپ مېھنەت قىلسىمۇ، شۇنچە باياشات جەننەتسىمان ماكاننىڭ خوۋلىقىنى بىر كۈنمۇ كۆرەلمىدى!؟

مەلىكباي ئۆمرىدە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇچراتتى. ئۇلار ئۆزىنى خۇداغا، ئاخىرەتكە بېغىشلاۋەتكەن ياۋاش - يۇمشاق، مۆمىن ئادەملەر ئىدى. ھېچبىر ئىنسانغا يامانلىق، بەدنىيەتلىك قىلمايتتى. ئۆزلىرى ئۆمۈر بويى، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئاچ - زېرىنلىق، نامراتلىق، خارلىق ئىلكىدە ئۆتسىمۇ شۈكرى - قانائەتچان ئىدى. كېچەيۇ - كۈندۈز ئاللادىن ئۇ دۇنيالىقنى تىلەپ تائەت - ئىبادەت قىلاتتى. ئەجەبكى، شۇنداق ئىخلاسمەن بەندىلەرمۇ قانداق ۋەجىدىن ھەر ئىككى ئالەمدە خۇدانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىسا!

مەلىكباينىڭ كۆڭۈل چوڭقۇرىغا قاتمۇقات كۆمۈلۈپ كەتكەن، ھاياتلىقىدا ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن سوئاللىرى بار. لېكىن شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكە ئېلىپ، سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

مەلىكباي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت كۆڭلىدىلا ئويلاپ ئۆتكۈزدىمۇ ياكى ئالدىدىكى پەرىشتىلەرگە بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىمۇ بۇنى ئاڭقىرالمىدى. لېكىن پەرىشتىلەرنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ھەم نەپرەت ئەكس ئەتتى.

پەرىشتىلەر مەلىكباينىڭ كۆڭلىدىكىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇراتتى.

– قولاق سال، ئەي بىچارە ئىنسان. ئىككى ئالەمدە مەڭگۈلۈك يوق بولۇشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغىنىڭدا بىز ساڭا ئۆزۈڭ بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن، كۆز ئالدىڭدا، پېشانەڭگە ھەرقاچان ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ كور كۆزلىرىڭ كۆرەلمىگەن، ئۆلۈك سەزگۈلىرىڭ سېزەلمىگەن ياكى كۆرۈپ - بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆز پايدا - مەنپەئىتىڭ، تاتلىق جېنىڭ ئۈچۈن كۆرمەس - بىلمەس بولۇۋالغان ھەقىقەت توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەيلى.

سىلەردە ھەقىقي ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ ئاقىۋىتى ھېچقاچان خەيرلىك بولۇپ باقمىغان. ئەسىرلەردىن بېرى روھىيىتىڭلارغا سىڭىپ كەتكەن خائىنلىق، بەدبەختلىك، قەست ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە پاجىئەلىك خاتىمە بەرگەن. ئەپسۇسكى، سىلەر ئۆز قىلمىشىڭلاردىن زەررىچە ساۋاق ئالمىدىڭلار. تائەت - ئىبادەت بىلەن ئاللانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولدۇڭلار. ئەي ئادەملەر، سىلەر نېمىدېگەن مەككار! ئاللا تائەت - ئىبادەتنى ئادەملەرنىڭ دىللىرىنى بىر - بىرىگە مۇستەھكەملەش، ئۆزئارا مۇھەببەت ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ چۈشۈرگەنىدى. سىلەر بولساڭلار بۇنى ئەسىرلەردىن بېرى ئۇرۇش - نىزاھ، قىرغىنچىلىق، قۇللۇق - ساتقىنلىققا ۋاستە قىلدىڭلار. ئاقىۋەتتە سىلەر شۇنداق بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدىڭلاركى، ھەقىقەتنى – چىن خۇدايىڭلارنى ئۇنتۇدۇڭلار. بەزىلىرىڭلار ئەمەل - مەنسەپنى خۇدا تۇتتۇڭلار. بەزىلىرىڭلار پۇل - مالنى خۇدا تۇتتۇڭلار، سىلەرگە ھېسابسىز لەنەتلەر بولسۇن! – شەيتان سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولدى. شۇ نەپرەتلىك دەقىقىلەردىن باشلاپ شەيتاننىڭ قارا بايرىقى زېمىنىڭلارغا قادالدى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئادەم بارلىقىدىن بېرى مېھرىبان خۇدانىڭ بىر تامچە كۆز يېشى زېمىنغا تامچىپ چۈشتى.

پەرىشتىلەر باشلىرىنى تۆۋەن قىلىشتى.



كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

مەلىكباينىڭمۇ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ باياقى جاھىلانە روھىي ئىسيانكارلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھەتتاكى ئۇ ئۆز روھىيىتىدە بىردىنلا روي بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن مەڭدەپمۇ قالدى. لېكىن پەرىشتىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى قىل سىغماس ھەق سۆزلەر ئىدى. شۇندىلا مەلىكباي ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ۋىجدانىي ئازاب دېگەن نەرسىنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ دەمدە مەلىكبايغا ئۆتۈۋاتقان ھەربىر دەقىقىلەر ئەسىرلەردەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بۇنداق نومۇسلۇق، چىداپ تۇرغۇسىز دەقىقىلەرنىڭ چاپسانراق ئاياغلىششىنى، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خۇدانىڭ پەرمانى ئورۇندىلىپ خۇددى ئىلگىرى يارىتىلىپ باقمىغاندەك ھەم ياشىمىغاندەك ئىككى ئالەمدىن يوق بولۇپ كېتىشنى خۇدادىن تىلەپ كەتتى. لېكىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. مەلىكباينىڭ بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، پانىي ئالەمدە ھەقىقەت ئەزەلدىن ــ يارالمىشتىنلا ئادەملەرنىڭ ئۆز قولىدا، يۈرىكىدە مەۋجۇت ئىكەن. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالغان ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل چاكىنا، ساختا باھانە ـ سەۋەبلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ.

نىھايەت، پەرىشتىلەر مەلىكبايغا خىتاب قىلدى.

ــ بېشىڭنى كۆتەر، بەندە!

مەلىكبايغا پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى سىلىقلىشىپ، مۇلايىملىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

ــ بېشىڭنى كۆتەر، ئۆز ئاياغ ئاستىڭغا ــ ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن زېمىنىڭغا قاراپ باق. نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

مەلىكباينىڭ ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، قويۇق تۇمانلار ئەمدىلىكتە ئەينەكتەك سۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۆزى مۇئەللەقتە دەسسەپ تۇراتتى. ئۇ پەسكە شۇنداق بىر قارىدىيۇ، قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىلى تۇتۇلۇپ كەتتى.

مەلىكباينىڭ تۇغۇلۇپ كۆز ئاچقان، كىندىك قېنى ئۆمۈرلۈك مېھنەت تەرى تۆكۈلگەن ئاشۇ بىر پارچە قەدىردان زېمىن دەھشەتلىك دېڭىز كەبى گۈرۈلدىگەن بىر ئۇلۇغ ئوت ـ يالقۇن ئىچىدە قالغانىدى.

ــ مانا بۇ سىلەرگە بېرىلگەن جازا، ــ پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراقلاردىكى ئەكس سادادەك تۇيۇلدى، ــ مانا بۇ سىلەرگە بېرىلگەن جازا. سەن خۇدانىڭ كىتابىدا خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاجايىپ قىسسىنى بىلەمسەن؟ ئالەم يېڭى يارالمىشتا سەدۇم دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولغان. خۇدا سەدۇم شەھىرىنىڭ خەلقىنىمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مۇنبەت زېمىنى، تۈگىمەس بايلىقنى ئاتا قىلغان. ۋاھالەنكى، ئۇلار ياراتقۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلدى. خۇدا شۇندا ئىككى پەرىشتىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ، دەھشەتلىك بىر تاۋۇش بىلەن سەدۇم شەھىرىنى خەلقلىرى بىلەن قوشۇپ كۆمپەيكۈم قىلغانىدى. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن سەدۇم شەھىرىنى ھالاك قىلغان ئاشۇ ئىككى پەرىشتە مانا بىز ئىدۇق. ئەمدى شەپقەتلىك خۇداغا، بىزمۇ ھەم بارچە كۆللى ئالەم ھېچ خالىمىغان بۇ دەھشەتلىك قىسمەت سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشتى. زېمىنىڭلاردىكى شۇ ئۇلۇغ ئوت ـ يالقۇن سىلەرنى ھەم سىلەردەك بىر گۇناھكار خەلقنىڭ شۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى كېيىنكىلەرگە ئەسلىتىدىغان ھەممە ئىز ـ نىشانلىرىڭلاردىن تارتىپ كۆل قىلىپ ئىككى ئالەمدىن ئەبەدىي يوق قىلغۇسى!

ئەپسۇسكى، ئەي بەندە! ئەپسۇسكى سەن يەر يۈزىدىكى خۇدانىڭ جازاسىغا تۇنجى بولۇپ ئۇچرىغۇچى ئىدىڭ. لېكىن ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالدىڭ. ھەتتاكى ھازىرغىچە ھايات تۇرۇپسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ سەن يەنە بىر مەرتە يەر يۈزىگە قاراپ باق. كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارىغىنكى، يەنە نېمىنى كۆردۈڭ؟

مەلىكباي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغان زېمىنگە سەپسالدى. ئۇ بىردىنلا كىچىككىنە بىر پارچە زېمىننى ـ ئادىمى كۆزىچىلىك كېلىدىغان ئويمانلىقنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يەر ئوت ـ يالقۇندىن مۇستەسنا ھالدا تېخىچىلا ھاياتىي كۈچ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان يېشىللىق بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇ يەر مەلىكبايغا شۇنچە تونۇش بىلىندى. لېكىن ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى.

ــ ئۇ سېنىڭ كەندىرلىكىڭ! ــ پەرىشتىلەر قەھرى-غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى، ــ ھەم سېنىڭ يانىي

ئالەمدىكى دوزىخنىڭ! ئاللا ئەسلى ئۇ يەرنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن نېرى قىلىپ تاكى قىيامەتكىچە شۇ پېتى ساقلاپ قېلىشنى ئەمر قىلغان. چۈنكى ئۇ بەر پەرۋەردىگار جەننەت ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن ھېلىقى كىشىنىڭ قەبرىسى ئىدى! ۋاھالەنكى، سەن قەبرە ئۈستىگە ئاللا ئەڭ نەپرەت ئوقۇيدىغان شەيتاننىڭ رەھەرلىك ھىيلە - مىكىر ئۇرۇقىنى چاچتىڭ - بۇ زېمىندىكى ئەڭ پاك جاينى ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن بۇلغىدىڭ!

پەرىشتىلەر قوللىرىدىكى زاكون تاياقلىرىنى شۇنداق بىر سىلكىشى بىلەن تەڭ كەندىرلىكتىن گۈمبۈرلەپ بىر ئۇلۇغ يانغىن كۆتۈرۈلدى. ئوت يالقۇنى ئاسمان-پەلەككە ئۆرلەپ شۇنداق دەھشەتلىك كۆيۈشكە باشلىدى. كۆك قەھرىدىكى قارامتۇل بۇلۇتلارمۇ قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

- ئاللا خالىغان بىر كۈنى يانغىن ئۆچىدۇ، زېمىن ئەسلى قىياپىتىگە يانىدۇ. شۇ چاغدا پەرۋەردىگار بۇ زېمىنغا ئۆزىگە ھەم ياراتقۇچىسىغا يۈز كېلەلىگۈدەك يېڭى ئادەملەرنى يارىتىدۇ. لېكىن سەن ياشايسەن مەلىكباي، تاكى قىيامەتكىچە ئۆلمەيسەن، كەندىرلىكتىكى ئوتمۇ قىيامەتكىچە - ئىسراپىلنىڭ بۇرغىسى تارتىلغىچە ئۆچمەيدۇ. سەن شۇ ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيىسەن. يا قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن، ۋە ياكى ئۆلمەيسەن، تاكى قىيامەتكىچە! مانا بۇ ساڭا ئاللانىڭ بەرگەن جازاسى.

پەرىشتىلەر زاكون تايىقى بىلەن مەلىكباينىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. قوللىرىنى ھەر تەرەپكە شىلتىپ تۇتۇۋالغۇدەك بىرنەرسە ئىزدىدىيۇ، ھېچنەرسە ئىلىشمىدى. ئۇ مۇئەللەقتىن پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كەتتى. مەلىكباي ھاۋادا شۇڭغۇپ، يەر يۈزىگە يېقىنلاشقانسېرى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا چىداپ بولغۇسىز بىر كۆيۈك ئازابى يامرىدى. ئۇ بۇنىڭغا ھېچ بەرداشلىق بېرەلمىدى - دە، ئىوق تەگكەن ياۋا توڭگۇزدەك ۋارقىرىۋەتتى...

* * *

مەلىكباي ۋارقىرىۋەتتى - دە، شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغانىدى. شىرشىم قۇرۇشقا باشلىغان ياغلىق كەندىرلەر پارسىلداپ، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. مەلىكباي بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن چاپىنىنىڭ پەشلىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى چۈمكەپ، بىرلا ۋارقىراپ ياۋايى ھايۋان كەبى ئۆزىنى ئوت ئىچىگە ئاتتى. مەلىكباي ئوت ئىچىدە يىقىلىپ - قوپۇپ، دوملاپ - ئۆمىلەپ يۈرۈپ مىڭ بالالىقتا يارداڭلىقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئىككى چېكىسى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىپ، كۆزلىرى چانىقىغا پاتماي قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا ئورۇق، قېرى ئات قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ يارداڭلىق ئىچىگە قادىلىپ قېتىپ قالغانىدى. يارداڭلىق قىپقىزىل ئوت - يالقۇن دەستىدە ۋەھىملىك گۈرۈلدەيتتى. كۈن پېتىش تەرەپ ئاسمان گۈمبىزىنىڭ تەڭ يېرىمى قىزىرىپ توغراقلىق ئىچىگە گۈگۈم يېيىلىشقا باشلىغانىدى.

بىردىنلا مەلىكباينىڭ يۈز - كۆزلىرى ۋاژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇزۇن چاپىنىنىڭ يەك-پەشلىرى كۆيۈكتىن سارغىيىپ كەتكەنىدى. لىپمۇلىق نەشە قاچىلانغان ئېغىر خورجۇن تېخىچە ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ شۇندىلا ئېسىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قانداقلارچە كەندىرلىكتە ئۇخلاپ قالغىنىنى، قاباھەتلىك چۈشنى ئاستا - ئاستا ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەدىنى لاسسىدە بوشىشىپ ئورنىدىلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ۋىجىك بەستى تېخىمۇ پۈكۈلۈپ، قورۇلۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئۇزۇنغىچە دىرىلدەپ تىترەپ تۇردى. خېلىدىن كېيىن مەلىكباي بېشىنى كۆتۈردى. يۈز - كۆزلىرى پاشتىن ھۆللەنگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدا غەزەپ - نەپرەتتىن ئۆرتەنگەن يېڭى بىر ئىسيانكار روھ باش كۆتۈرمەكتە ئىدى!

مەلىكباي بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. نەشە قاچىلانغان ئېغىر خورجۇننى پۈتۈن كۈچى بىلەن يارداڭلىققا - گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان قىپقىزىل ئوت ئىچىگە پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى.

ئاندىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

# شېئىرىي كەڭلىك ھەققىدە

مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى

شېئىرىي كەڭلىك ـ شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا خاس ئېستېتىك كاتېگورىيىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە، شېئىرلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىي كەڭلىكنى مول تەسەۋۋۇر ياردىمىدە يارىتىلغان، ھېسسىياتقا تويۇنغان چەكلىك ئوبرازلار ئارقىلىق نامايان قىلىنغان چەكسىز مەنىلىك بوشلۇق دېمەك چۈشىنىش مۇمكىن. ئادەتتە چەكلىك ئوبرازلار ئارقىلىق چەكسىز مەنىلەرنى ئىپادە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئۈچۈن چەكسىزلىك ھەم كەڭلىك قالدۇرۇپ بەرگەن شېئىرلار شېئىرىي كەڭلىككە ئىگە بولغان شېئىرلاردۇر. شېئىرىي كەڭلىك شېئىرلارنى كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق مەنىلەرگە ئىگە قىلىدۇ. كىتابخانلارنى ئۆز ئېستېتىك تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن تولۇقلاپ زوقلىنىش ھەم ئىجادىي زوقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

باغلىما تەسەۋۋۇر شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، شېئىرىي كەڭلىك يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان تەسەۋۋۇر تۈرىدۇر. بولۇپمۇ باغلىما تەسەۋۋۇرنىڭ يېقىنلاشما باغلىما تەسەۋۋۇر ھەم ئوخشاتما باغلىما تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرىنىڭ شېئىرىي كەڭلىك ھاسىل قىلىشتىكى رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدۇ. ئوخشاتما باغلىما تەسەۋۋۇر ـ شېئىرىيەتتە شېئىرىي پىكرنى، شېئىرىي مەنىنى، شېئىرىي ھېس-تۇيغۇلارنى ماس ماددا، سىمۋوللۇق ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ ئاساسى. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە پەقەتلا شېئىرىي مەنە، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئابستراكت ئۇقۇملار ۋاسىتىسى بىلەن ئەقلىي خۇلاسە شەكلىدە ئىپادىلىگەندە شېئىرىي كەڭلىك يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا پەقەت ماس ماددا ئارقىلىق، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق سۆزلىگەندە ھەم ماس ماددىلار، سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن تەشكىللەنگەن شېئىرىي مۇھىت ياراتقاندا، ئاندىن شېئىرىي كەڭلىك يارىتالايدۇ. شېئىردا ماس ماددىلار، سىمۋوللۇق ئوبرازلار بىلەن ئۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بېشارەتلىك، دارىتمىلىق مەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق قانچىكى يىراق بولسا، شېئىرىي كەڭلىك شۇنچە چەكسىز بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا شېئىرىي كەڭلىك تارىيىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «يار» ئوبرازى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىمۋوللۇق مەنىلەر، «ئىشق - مۇھەببەت» سۆزلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قاتلاملىق مەنىلەر ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي كەڭلىكنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى مۇھىم بىر ئامىل سۈپىتىدە ئۇ شېئىرلارنى مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچكە ۋە ئەبەدىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپمۇ «تۇگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىدا چەكلىك شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە چەكسىزلىككە ئىگە شېئىرىي مەنىنى ئىپادىلەپ، ستىرېئولۇق تۇيغۇغا باي شېئىرىي كەڭلىك ھاسىل قىلىشتا «مەن» ۋە «بوۋاي»دىن ئىبارەت ئىككى سىمۋوللۇق ئوبرازنى تاللىۋالغان. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «بۆشۈك لىرىكىسى»، «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» دېگەن شېئىرلىرىدىكى «بۆشۈك»، «بەش ۋاخ ناماز»، «كاۋاپدان»، «شەپەرەڭ»، «جۇدۇن»، «قەبرە» قاتارلىق ئوبرازلارمۇ بۇ شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن شېئىرىي مەنىنى چەكسىز كەڭلىككە يۈزلەندۈرۈپ، شېئىرىي كەڭلىكنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى سىمۋوللۇق ئوبرازلاردۇر.

يېقىنلاشما باغلىما تەسەۋۋۇر ـ ماكان، زامان جەھەتتىكى يېقىنلىققا ئاساسلانغان بىر خىل تەسەۋۋۇر تۈرى. ئۇ شېئىرىيەتتە شېئىرىي بوشلۇق ھاسىل قىلىش ئارقىلىق شېئىرىي كەڭلىك يارىتىشنىڭ ئاساسى. يېقىنلاشما باغلىما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى قوللىنىلغان

شېئىرلاردىكى شېئىرىي كەڭلىك مىسرالار بىلەن مىسرالار، كۇپلېتلار بىلەن كۇپلېتلار ئارىسىدىكى بوشلۇققا تايىنىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ۋە خەلق قوشاقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ خىل بوشلۇق بۈگۈنكى كۈندىكى شېئىرىيىتىمىزدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

باغ ئىچىدە بوستانلار، ياشىرىپتۇ چوكانلار،
يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

مولla بىلال نازىمنىڭ بىر غەزىلىدىن ئېلىنغان بۇ بىر كۇپلېت شېئىردا شائىر يىقىنلاشما باغلىما تەسەۋۋۇرلۇق شېئىرىي مۇنتاژ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرىنچى مىسرا بىلەن ئىككىنچى مىسرا ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق قالدۇرۇپ، ئۇنى كىتابخان تەسەۋۋۇرىغا تاپشۇرغان. يۇقىرىقى بىر كۇپلېتنى شۇنداقلا ئوقۇماققا بىرىنچى مىسرا بىلەن ئىككىنچى مىسرا ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر باغلىنىش يوقتەك، بىرىنچى مىسرا پەقەت قاپىيە جەھەتتە ئىككىنچى مىسراغا ماسلىشىش ئۈچۈنلا توقۇلغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما بىز ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىچ ئىچكى باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەسلىدە ئاشىق ياشارغان چوكانلارنى كۆرۈپ يار دەردىدە يىغلايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئىلگىرى دەل مۇشۇنداق چوكان ياشارغان مەزگىلدە، ئاشىق ئۆز مەشۇقى بىلەن مۇشۇ باغدا ۋىسال پەيزىنى سۈرگەن، ياكى بولمىسا ئاشىق ئۆز مەشۇقى بىلەن چوكان ياشارغان مەزگىلدە مۇشۇ باغدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەن. يەنە شۇ باغ، چوكان ياشارغان چاغ، بىراق مەشۇقى يوق (تاشلاپ كەتكەن ياكى ۋەدىسىدە تۇرمىغان)، شۇڭلاشقا ئاشىق قان يىغلىغان (ئەلۋەتتە بۇ ئىككى مىسرانى ئاشىق باغدىكى بوستانلارنى، ياشارغان چوكانلارنى كۆرۈپ، ئۆز مۇھەببىتىنىڭ باغدىكى بوستانلاردەك ياشناپ، چوكانلاردەك ياشىرىپ تۇرماستىن، بەلكى خازان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قان يىغلىغان دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ). شېئىرنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىدا شېئىرىي پىكىر قەدەممۇ-قەدەم كېڭىيىپ بارىدۇ - دە، بەلگىلىك دائىرىدىكى شېئىرىي كەڭلىك ھاسىل قىلىنىدۇ.

ئەركىن باغلىما تەسەۋۋۇر — ماكان، زامان چېكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى بەئەينى ئىلگىرىلەپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، چەكلىك شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق چەكسىز مەنىلەردىن بېشارەت بېرىدىغان شېئىرىي كەڭلىك يارىتىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىدۇر. شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق ئەسىرىنى دەل ئەركىن باغلىما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ چەكسىز شېئىرىي كەڭلىك ياراتقان ئۈلگىلىك ئەسەر دېيىش مۇمكىن. ياش شائىر ئادىل تۇنيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىپ شېئىرىي كەڭلىك ياراتقان ياخشى ئەسەردۇر.

شېئىرىي مەنە، شېئىرىي پىكىرنى، شېئىرىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئوبرازلىق، تەسەۋۋۇرلۇق ھەم ھېسسىياتلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش شېئىرىي كەڭلىك يارىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

شېئىرىيەتتە ئوي - پىكىرنى، ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. بىرى، ئوقۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەش؛ يەنە بىرى، ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش. ئەگەر شائىرلار ئۆز ئوي-پىكىرلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئابستراكت ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە شەكلىدە ئۇقۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىكەن، ھەرگىزمۇ شېئىرىي كەڭلىك يارىتىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. شېئىرلاردا پەقەت ئوي - پىكىر، ھېس - تۇيغۇنى ئوبرازلىق، تەسەۋۋۇرلۇق، ھېسسىياتلىق تىل — ھەقىقىي شېئىرىي تىل — ئارقىلىق ئىپادىلىگەندىلا ئاندىن شېئىرىي كەڭلىك ياراتقىلى بولىدۇ. دېمەك، شېئىرىي كەڭلىك يارىتىش يەنە شائىردىن يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئوبرازلىق، تەسەۋۋۇرلۇق، ھېسسىياتلىق تىل - كىتابخاننىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرىنى قوزغىيالايدىغان، تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرالايدىغان، ھېسسىياتىنى شائىر ھېسسىياتىغا ئورتاقلاشتۇرالايدىغان تىلنى كۆرسىتىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شېئىرىي كەڭلىك شېئىرلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر ئۆلچەم، ئەمما بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەس. شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە كاتېگورىيىلىرى بار.



كومپيۇتېرنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەردە كومپيۇتېر ئۆگىنىش، ئىشلىتىش قىزغىنلىقى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالدى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا كومپيۇتېر خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قاتارلىق ساھەلەردىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇراتتى. كومپيۇتېر تېخنىكىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ يەنە تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندى. ھازىر كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ خەت ئۇرۇش، كۆپەيتىش، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ بېتىنى ياسلش، ئىسىم كارتوچكىسى بېسىش، سۈرەت تارتىپ لايىھىلەش، VCD ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان مۇلازىمەت ئورۇنلىرى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، كومپيۇتېرنى يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدىغان قورالغا ئايلاندۇردى. نۇرغۇن كىشىلەر ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، خەتىرى ئاز، ئىقتىسادىي كىرىمى يۇقىرى بولغان مۇشۇنداق يېڭى تىجارەتلەرگە يۈزلىنىپ، باشقىلارغا باشلامچى بولدى. زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كومپيۇتېرنى بارلىق ئىشلارنىڭ، جۈملىدىن پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇش تىجارەت ساھەسىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىشكە ئايلاندى.

مەن بۇ خىل يۈزلىنىشتىن خۇشال ئىدىم. ئۆزۈم بىر كومپيۇتېر ھەۋەسكارى بولغاچقا، كومپيۇتېر بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە بەكمۇ دىققەت قىلاتتىم. كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ تىجارەت قىلىشقا قىزىقىۋاتقان دوستلىرىم بىلەن كومپيۇتېردا قىلغىلى بولىدىغان تىجارەت تۈرلىرى ھەققىدە كۆپ پاراڭلىشاتتىم. تۇساتتىن بىر دوستۇم سوراپ قالدى:

– كومپيۇتېردا قىلغىلى بولىدىغان تىجارەتلەر پەقەت يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلار بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ خىلدىكى تىجارەتنى قىلىدىغانلار كۆپىيىۋەرسە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

بۇ سوئال مېنى ھەقىقەتەن تەمتىرىتىپ قويدى. كومپيۇتېر تېخنىكىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارغا ماس كېلىدىغان قانداق يېڭى تىجارەت يوللىرى بارلىقىنى بىلمەيتتىم. كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ قىلغىلى بولىدىغان يەنە قانداق تىجارەتلەر بار؟ بۇ سوئال مەن ئۈچۈن يېڭى بىر سوئال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە باشلىدىم.

دەل مۇشۇ پەيتلەردە، ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى 4 - قەۋەتتە ئېچىلغان ئۇيغۇر سوفت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمىدىكى ئالىم ئەھەت مېنى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇر ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇ، كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ فار - فۇر بويۇملارغا سۈرەت بېسىش تېخنىكىسىغا دائىر ماتېرىيال ئىدى.

بۇ تېخنىكا مېنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇردى. بۇنىڭغا 586 تىپىدىكى كومپيۇتېر، رەقەملىك سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، رەقەملىك پرىنتېر، قىزىتىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق ئەسۋابلار كېتىدىكەن. مۇشۇ ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، فار - فۇر قاچا، ئىستاكان، تەخسىلەرگە ھەر خىل سۈرەتلەرنى باسقىلى بولىدىكەن. ھەتتا خېرىدارلار ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سۈرەتلەرنىمۇ خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە لايىھىلەپ بېسىپ بەرگىلى بولىدىكەن. ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىشكە قۇلايلىق، مەشغۇلات جەريانى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان، كىرىمى يۇقىرى بولۇپ، ھەقىقەتەن يېڭى بىر تىجارەت يولى قىلىشقا ئەرزىيدىكەن. بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا رەقەملىك سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى ياكى سىن ئېلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق سۈرەتنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، رەقەملىك پرىنتېر ئارقىلىق بېسىپ چىقىرىپ، قىزىتىش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق قىزىتقاندىن كېيىن، فار - فۇر ئىستاكان، قاچا، تەخسىلەرنىڭ ئۈستىگە كۆركەم، سەنئەتلىك قىلىپ بېسىپ چىقارغىلى بولىدىكەن. ئەگەر ئوخشاش بىر سۈرەتنى كۆپلىگەن نەرسىلەرگە باسماقچى بولسا، سۈرەتنى

# ئۇچۇر ۋە مۇلازىمەت

قايتىدىن بېسىپ چىقارسىلا بولىدىكەن. بۇنىڭ يەنە بىر ياخشى يېرى شۇكى، بۇ تېخنىكىنى ئىشلىتىپ تىجارەت قىلىشنى كومپيۇتېر سۈرەتخانىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغىلى بولىدىكەن. يەنى كومپيۇتېردا سۈرەت تارتىپ لايىھىلەش بىلەن فار ـ فۇر بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە سۈرەت بېسىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تىجارەتنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى، ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرقانچە ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

بۇ تېخنىكىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق پەسىلدە قوللىنىشقا باب كېلەتتى، يەنە كېلىپ ھازىرقى كومپيۇتېر سۈرەتخانىلىرى بۇ تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، ئۆز مۇلازىمىتى بىلەن بىرلەشتۈرسە، ھەقىقەتەنمۇ قوش ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيتتى.

ئالىم ماڭا يەنە كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئىشلەش، تەھرىرلەش تېخنىكىسىنىڭ يەنە بىر يېڭى چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ چاغدا مۇشۇ دۇكاندا بىر ياش مۇزىكانت ئېلېكترونلۇق روياللىق كومپيۇتېرغا ئۇلاپ قويۇپ، مۇزىكا چېلىۋاتاتتى. مەن بۇ جەرياننى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇردۇم. بۇنىڭ جەريانىمۇ ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، مۇزىكا چېلىنىۋاتقان چاغدا كومپيۇتېر ئۇنىڭ نوتىسىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلەپ چىقىدىكەن. ئاندىن بۇ مۇزىكىنى كومپيۇتېردا قويۇپ ئاڭلىغىلى، كومپيۇتېردا خاتىرىلەنگەن نوتا بەلگىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مۇزىكىنى خالىغانچە تەھرىرلىگىلى، تەھرىرلەنگەن مۇزىكىنى كومپيۇتېردىلا قويۇپ ئاڭلىغىلى، شۇ ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك مۇزىكىنى ئىشلەپ پۈتتۈرگىلى بولىدىكەن. مەشغۇلات جەريانى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، مۇزىكا نوتىسىدىن ئازراق خەۋىرى بولسىلا، پۈتۈن مەشغۇلاتنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆگىنىپ كەتكىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە مۇزىكا ئاكوردلاشتۇرغان چاغدىكى سازنى قايتا ـ قايتا چېلىش، مىڭ مۇشەققەتتە نوتا خاتىرىلەش، بىردەم مۇزىكا چېلىپ، بىردەم قەغەزگە جىجىلاپ ئولتۇرۇپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتا بىر مۇزىكىنى پۈتتۈرۈشتەك ئاۋارىچىلىقلارنى بىر يولىلا ئازايتىپ، مۇزىكا ئاكوردلاشتۇرۇشنى ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئۈنۈملۈك پائالىيەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن. پەقەت بىرلا 586 تىپىدىكى كومپيۇتېرغا يۇقىرى سۈپەتلىك بىر ئاۋاز كارتىسى سەپلەنسە، ئېلېكترونلۇق روياللىق بىرسى بولسىلا، يۇقىرىقى مەشغۇلاتلارنى تولۇق تاماملىغىلى بولىدىكەن.

«ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇزىكا ئاكوردلاشتۇرۇش ھەقىقەتەن كېڭەيتىشكە باب كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كومپوزىتورلىرىمىز تولىمۇ قىس بولغان شارائىتتا، بۇ يېڭى تېخنىكىنىڭ ئىستىقبالى زور، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولاتتى.

مەن بۇ يېڭى تېخنىكىلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىپ، كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۈچۈن يەنە يېڭى بىر تىجارەت يوللىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئالىم ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن كومپيۇتېر خېرىدارلىرىغا كومپيۇتېر ئارقىلىق سۈرەت تارتىپ لايىھىلەش، VCD ئىشلەش، رەڭلىك مۇقاۋا، ئېلان لايىھىلەش، تېلېۋىزىيە ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئىشلەش تۈرلىرى بويىچە تېخنىكا ئۆگىتىپ بېرىشنى ھەقسىز ياكى تۆۋەن باھادا داۋاملىق يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە يۇقىرىقى يېڭى ئىككى تۈر بويىچە تېخنىكا ئۆگىتىپ بېرىشنى يولغا قويماقچى ئىكەنلىكىنى، يەنە داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭى تېخنىكىلارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۈچۈن يېڭى تىجارەت يوللىرىنى ئېچىپ بېرىش يولىدا جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كومپيۇتېر تېخنىكىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئەڭ يېڭى تېخنىكىلارنى ئاۋۋال قوللىنىپ ئىش باشلىغانلار مۇۋەپپەقىيەتنى ئالدىن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى تىجارەت يوللىرى داۋاملىق كېڭەيسە كېڭىيىدۇكى، ھەرگىزمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ. بايلىق ۋە ئامەت ھامان ئىزدەنگۈچىلەرگە، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئىش ئىزدەپ يۈرگەن دوستلارنىڭ مۇشۇنداق يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ ئۆزىنى دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان باشلامچىلارغا ئايلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى 4 ـ قەۋەت 4319 ـ دۇكان.

تېلېفون: 2839871 ـ 0991.

# ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزى



تەرجىمە مەركىزىنىڭ مەسئۇلى مۇختەبەر مەخسۇت فىلىم تەرجىمە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا.



تەھرىرلەر تەھرىرلىك ئۈستىدە.



تېخنىكلار فىلىم كىرىشتۈرمەكتە.



ئارتىسلار فىلىمگە ئاۋاز بەرمەكتە.

ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى ھەر يىلى مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن 150 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈۋاتىدۇ.

# ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە، تەھرىر بۆلۈمى







تەرجىمە، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ھەرقايسى خىزمەت ھالقىلىرىدىكى خادىملار خىزمەت ئۈستىدە.



ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەرجىمە، تەھرىر بۆلۈمى كۈندىلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىنى تەرجىمە ۋە تەھرىرلەپ ئىشلىگەندىن سىرت يەنە يىلىغا 60 قىسىمدىن ئارتۇق ھەرخىل مەزمۇندىكى مەخسۇس پروگراممىلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

标准刊号ISSN1004-1745 国内统一刊号CN65-1012/1 邮发代号58-83 零售价4.40元